«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

ئىنقىلابچى، ئۇيغۇر هازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد يېتەكچىلىرىدىن بىرى، قاتاقلىق مەدەنىيەت - سەنئەت ئەربابى قاسىمجان قەمبەرىي (1910.1 — 1956.3.3)
رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

2008 1

• مجلة حضارة شنجيانغ • カルチュア シンキョウ • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • XINJIANG CIVILIZATION •

ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى ئۇستاز مۇھەررىر، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان
مامۇت سابىت (1930. 10 — 1988. 6. 12) ئەپەندىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز

ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «رامزاننىڭ ئون يەتتىنچىسى»، «قۇرەيش قىزى»، «سالاھىددىن»، «چەكسىز ئورمان، قارلىق دالا»، «ئىنسوننىڭ ھاياتى»... قاتارلىق رومانلار ۋە كىتابنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ «تەرجىمە تەھرىرلىكى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان؛ «خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «قەشقەرىيە»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى»، «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر ئاتالمىلىرى»... قاتارلىق كىتابلارنى تەھرىرلەپ بېكىتكەن.

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 57- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2008- يىل 1- سان
( ئومۇمىي 289- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت
نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

## بۇ ساندا

### بىزنىڭ يولىمىز

بىز ئادەمدەك ياشايلى دېمۇق ............ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 2

### سالام، توغرا يولغا ماڭغان كىشىلەر

ئەقىدە غەليانلىرى.................................. ئابلەت ياسىن 20

### روھ چۇقانلىرى

تەنها ھەقىقەت ۋە كۆپۈك شان ـ شەرەپ.......(دىلبايان)............... ئابدۇقادىر جالالىدىن 22

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە

ھوشۇر قارىيغا ئوچۇق خەت .................................. يالقۇن روزى 27

### شېئىر ۋە شائىر

شېئىر بىلەن ئۆتكەن 50 يىل.................................. نىزار قەببانى 33
ئىككى شېئىر ۋە ئۇلىدىكى ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەت شائىر ............... ئابلەت مۇھەممەت 39

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .................................. ئابلەتجان توختى قاتارلىقلار 44

### ئېغىر تىنىقلار

تاغامنىڭ شاپتۇللىرى.......................(ھېكايە)................... تۇرسۇن مەھمۇت 50

### سەھرا سۈرەتلىرى

ۋىجدان مۇھاكىمىسىدىن ئىككى يازما ........................ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 57

### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى .................. ..زەمىرە مىجىت 64

### ئوربىتا ئىزدەش

ئۆزلۈك تەپەككۇرىدا مائارىپ جەريانى ........................ ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان 67

### بۈگۈنكى دۇنيا ۋە ئەخلاق

ئەخلاقنىڭ قىممىتى ھەققىدە يىغىنچە تەلقىن ........................ ھەبىبۇللا قادىرى 71

**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت**

www.uyghurkitap.com



# بىز ئادەمدەك ياشايلى دېدۇق

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

## بىزنىڭ يولىمىز

2003 - يىل 14 - دېكابىر، ئۈرۈمچى.

قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. قار ئارىلاش ھۇۇلىغان ئاچچىق شىۋىرغان يۈزلەرنى چايانىدەك چاقاتتى. بۇ ھال كىشىگە مەرھۇم ئالىم، شائىر، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «مۇزلىغان شەھەر — ئۈرۈمچىنىڭ قىشى» دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۆتكۈر ئەپەندى فىزىكىلىق ھاۋانىڭ مۇزلىشى ئارقىلىق شېئىر بەرگەن ئىمكان بىلەن، 1946 - يىلى — قانخور گومىنداڭ ئىستىبداتى ئەۋجىگە چىققان زۇلمەتلىك قىشتا سىياسىي ھاۋانىڭ شىۋىرغاندەك ھۆركىرەپ قۇتۇرىشىنى، قەلبىدە باھار تەشنالىقى لاۋۇلداپ تۇرغان تامامىي قەلبىنى توڭلىتىۋەتكەنلىكىنى ئىشارە قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمما بىزنىڭ بايانىمىز ئىدى فىزىكىلىق ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىتىلغان بولۇپ، بىز بۇ ئارقىلىق سەل باشقىچىرەك بىر گەپنى قىلماقچى. يەنى جان قاقشاتقۇچى ئاچچىق سوغۇقنى ئەمەس ئىسسىق - ئىللىقلىقنى، جۇتنى ئەمەس باھارنى، ۋەھىمىنى ئەمەس خۇشھال - ئازادە كەيپىياتنى، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئەندىكىشنى ئەمەس، كۆڭۈللەرنى ھاياجانغا باشلايدىغان شادلىنىشنى، شۇم خەۋەرنى ئەمەس خۇش خەۋەرنى تىلغا ئالماقچى...

ھەقىقەتەنمۇ قارلار ئۇچۇپ، شىۋىرغان قۇتراپ يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان قاراقىشنىڭ ئاشۇ كۈنىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا جايلاشقان «مۇھاجىرلار مېھمانسارىيى»نىڭ 2 - قەۋەت زالىنى ئىللىقلىق قاپلاپ كەتكەندەك بولدى. ئەلۋەتتە ئۆينىڭ، زالنىڭ ئىچى ئىللىق بولىدۇ - دە دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىللىقلىقنىڭ سۈپەت - ساپاسى ئوخشىمايدۇ. قەھۋەخانىمۇ، قاۋاقخانىمۇ، ئىشرەتخانىمۇ، كۇتۇپخانا - قىرائەتخانىمۇ ئوخشاشلا ئىللىپ، ئىسسىپ تۇرىدۇ. ئەمما تەن، روھ، كۆڭۈللەرنى چىرىتىپ سېسىتىۋېتىدىغان ئىللىقلىقمۇ، شۇنداقلا تەنگىمۇ، روھقىمۇ ئىللىقلىق، ساغلاملىق، جۇشقۇنلۇق، ئىلھام زوقلىرى ئاتا قىلىپ، ئادەمنى يورۇق بىر ئالەمگە چىقىرىۋېتىدىغان ئىللىقلىقمۇ بار. ئوخشىمايدىغىنى ئەنە شۇ يەردە.

بىز «مۇھاجىرلار مېھمانسارىيى»نىڭ 2 - قەۋەت زالىنى ئەنە شۇنداق پاكىز ھاياجان، زوق، ھەۋەس، قايىللىق، رىغبەت، قوللاش، غۇرۇر - ئىپتىخار، سۆيۈنۈش ۋە يېڭىدىن يېڭى ئىلھام - ئىشانلار بىلەن مەزمۇنلانغان ئىللىقلىق دېمەلەيتتۇق. مۇزلىغان شەھەردىن ھارارەتلىك بىر خۇش خەۋەر تاراش ئالدىدا تۇراتتى. مۇزنىڭ تەكتىدىن گۈلخان چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. تەبىئەتنىڭ ئەزەلىي قانۇن - قانۇنىيەتلىرىگە توغرا - مۇۋاپىق كەلسە پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ، مۇزنىڭ ئاستىدا ياپپېشىل ھاياتلىق بىخى، خارابىنىڭ تەكتىدىمۇ ئۆلمەس قۇرۇش روھى ساقلىنىۋېرىدۇ، كېسىلگەن توغراقمۇ ياشىرىۋېرىدۇ. ئىشەنمەيدىغانلار بارمۇ؟ «مۇھاجىرلار مېھمانسارىيى»نىڭ 2 - قەۋەت زالىغا يىغىلغانلار تەبىئەتكە، كائىناتقا يوشۇرۇنغان مۆجىزە - ھېكمەتلەرنى يەشكىللىك بىلەن ئىنكار قىلغۇچى تەنتەكلەردىن ئەمەس، بەلكى ئەقلى ئويغاق، پىكرى تىرەن ئاقىللاردىن ئىدى. ئاشۇنداق ھېكمەتكە ئىشىنەتتى. ئەمدى تېخىمۇ ئىشەندى، چىنپۇتتى. ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتىنى دەڭسىيەلەيدىغانلاردىن ئىدى. ئەمدى تېخىمۇ دەڭسىدى، مۆلچەرلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، تىلشۇناس، لۇغەتشۇناس ئابلىز

ياقۇپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئەدەبىياتشۇناس، شائىر ئابدۇقادىر جالالىددىن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا پروفېسسورى تۇرگۇن ئىبراھىم، ماتېماتىكا لېكتورى، ئۈرۈمچى «ئۇيغۇر سوفت» كومپيۇتېر چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئالىم ئەھەت... قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە يەنە ئاخبارات ساھەسى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىن كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەمما بىزنىڭ ھالىمىزنىڭ قاي يوسۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، بۇ ھالدىن ئىچى پۇشۇپ، ئۆرتىنىدىغان ۋە شۇنى ياخشىلاش خۇسۇسىدا ئۆز ساھەسىدە ئۆزىگە يارىشا ئىزدىنىۋاتقانلاردىن ئىدى. خەقلەرنىڭ جاھاندا ياسىمىغان نېمىسى قالمىسۇنۇ، بىزدىن «تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىك، بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن سۆزى) چىقمىسا، يىگنە چاغلىق نەرسىنى ئۆزىمىز تەتقىق قىلىپ ياسىيالمىساق؛ خەقلەر «كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ» كەتسۇنۇ، بىز تېخىچە «تىككەن دەسسەپ» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي شېئىرى) يۈرسەك؛ دۇنيا ئۇچۇر، ئېلېكترون، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىپ بولسۇنۇ، بىز تېخىچە «داپ بىلەن ئۇسۇل، كەتمەن بىلەن ھوسۇل»دىن ئاشالمىغان، ئەنئەنىۋى ئېلىپساتارلىق شەكلىدىكى ئىپتىدائىي باققاللىق ئەندىزىسىدىن قۇتۇلالمىساق، بۇ ئەلۋەتتە ئۆكۈنىدىغان، قايغۇرىدىغان، ئىچ تىتىلدايدىغان ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلىدىغان ئىش ئىدى. بۇنداق كېتىۋەرسە، بۈگۈنكى كەسكىن رىقابەتتە ئەمدى ئاشۇ «داپ بىلەن ئۇسۇل، كەتمەن بىلەن ھوسۇل»مۇ قولدىن كېتىپ قالاتتى، بىزگە ئاشمايتتى. ئۆتمۈشتىكى شانۇ- شەۋكەتنى ياستۇق قىلىپ يېتىۋېرىشكە بولمايتتى. بۈگۈنكى رىقابەتكە تولغان دۇنيا، رېئاللىق پەقەت سېنىڭ ھازىرقى مەۋجۇدلۇق ھالىتىڭ، كۈچ- قۇۋۋىتىڭ، نوچىلىقىڭنىلا تونۇيتتى، ئېتىراپ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش، ئىلىم- تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقلارنى بىر- بىرلەپ تۈگىتىش، تولۇقلاش كېرەك ئىدى. مانا بۈگۈن ئاشۇنداق ئاجىزلىقنى تولۇقلاش، كەمچىلىكنى تۈگىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر سەمەرىلىك ئەمگەك روياپقا چىققانىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇزلىغان شەھەردە زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق ھۇشقۇيتسىمۇ، كۆڭۈللەردە باھاردەك ئىللىق زوق- تەبەسسۇم لاۋۇلدايتتى، غۇرۇر- ئىپتىخار بۇلاقلىرى بۇلدۇقلاپ قاينايتتى.

ئاشۇ 14- دېكابىرنى خاتىرىلەپ قويۇش، ئەستە چىڭ ساقلاش كېرەك. شۇ كۈنى خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى ئېلېكترون سانائىتى يولىغا قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئېلېكترون لۇغەت — «ئىرپان»نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى جاكارلاندى.

دىللار نېمىشقا ھاياجانلانمىسۇن؟ تىللار نېمىشقا زوق- ھاياجان بىلەن بۇ يېڭىلىقنىڭ، سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكنىڭ سۈپەت- تەۋسىپىنى قىلمىسۇن؟ بۇ تىل ئەرزىمەس قەسىدە، تۇتۇرۇقسىز مەدھىيە، قۇرۇق شوئار، ئۆتكۈنچى ھاياجان ئېقىنىدا تالاي يىللاپ شاتۇتىدەك سايرىمىدىمۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇق قىممىتىگە قىلچە پايدا- ئەھمىيىتى يوق ئۆتكۈنچى- ئۆتەر- كېتەر، ئۆزىنىمۇ- ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان شىدىكلىۋاز ئىش- ھەرىكەتلەر ۋە ھەتتا ئېغىر سىياسىي، ئىجتىمائىي قاباھەتلەر ئۈچۈن توم- توملاپ پاخپاق مەدھىيە- تېتىقسىز تەۋسىپ- تەرغىبات، شېئىر- قوشاق توقۇمىدىمۇ؟ ئەمدى گەپ ئۆزىگە كەلگەندە قىلمىسۇنمۇ؟ ياكى «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق»، «يىراقتىكى موللام داموللام، يېقىندىكى موللام باموللام»، «ئېغىلدىكى توپاق ئۆي بولماپتۇ» دېگەندەك چىدىماسلىق قىلىپ، كۆرەلمەي سېسىتىپ، كەمسىندۈرۈپ، قوغنى كولاپ، پۇتىدىن تارتىپ، كۆكۈلسىنى يۇلۇپ، پېيىنى قىرقىپ، چىشلەپ- تارتىپ، سۆڭىكىنى غاجاپ يۈرسۇنمۇ؟

يىغىنغا چاقىرىلغانلار بۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى، رولى، مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە كۆيۈنۈپ، سۆيۈنۈپ سۆزلەشتى. تارىختىكى ئەجدادلىرىمىز ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىلىم- ئىرپانىنى قەدىرلەش روھى، كۇماراجىۋا، مەھمۇد قەشقەرىي بوۋىلىرىمىز ۋايىغا يەتكۈزگەن تىل- ئالاقىدىكى تەشەببۇسكارلىق روھى، نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ تۈركىي تىلنىڭ بالاغەت- پاساھىتىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئاجايىپ زور پىداكارلىقى، ھەتتا يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مۇسابايېفلار جەمەتىنىڭ زامانىۋى سانائەت- تېخنىكا ئىزدەش يولىدا باسقان ئۆچمەس ئىزلىرى، ئابدۇقادىر داموللام، مەھمۇد مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوت يۈرەك ئىسلاھاتچى ئوغلانلار تىكلەشكە ئەسلى- ۋەسلى بىلەن تىركەشكەن مەرىپەت، ئاقارتىش، ئويغىنىش- ئويغىتىش روھى ھەققىدە نۇرغۇن گەپ بولدى. ئاشۇ روھلار بىلەن «ئىرپان»غا، «ئىرپان»نى ياسىغۇچى يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن روھنى باغلىغىلى بولارمىش. بىر چاغدىكى تەشەببۇسكار، ئاكتىپ ئىلىم- ئىرپان روھى قايتىپ كەلگەندەك، تىرىلگەندەك، ئىگىسىنى تاپقاندەك بوپتىمش...

ھاياجانلىق پىكىرلەر قاينايتتى. رەھمەت- بارىكاللالار ئۈزۈلمەي داۋاملىشاتتى. يەنە دېسە، ئېيتسا دېگۈسى كېلىدىغاندەك ئىدى، تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. ئەمما باشقىلار سۆزلىگەنسېرى «ئىرپان»نى بىز ياسىدۇق، دەپ بۇ غورىگىل، ئەمما ئەھمىيەتلىك يېڭىلىقنى تەشكىللىگەن يىگىتلەر ھېلىدىن ھېلىغا پاتائىگلىرىغىچە قىزىرىپ، تاتىرىپ، يىغلاپ سالىدىغاندەك ئېسىلىپ دېمىنى ئاللىماي بىر- بىرىنىڭ قولتۇقىغا تىقىلىشاتتى. پات- پات خىيال قۇشى زالدىن نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ، كۆز قارىچۇقلىرى ئىختىيارسىز قېتىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز ياڭرىغان گۈلدۈر- قاراس چاۋاك ياكى كىمنىڭدۇر ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن ئاۋازى ئۇلارنى يەنە يىغىن زالىغا قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئەمما يەنە شۇنچە تېز ئەسلىمە دەرياسىغا شۇڭغۇپ كېتەتتى. ئوي- خىيال تىزگىنگە، باشقۇرۇشقا بويسۇنمايۋاتاتتى. مەيلى، سورۇندا ھاياجان قايناپ تۇرسۇن. ئۇيغۇرنىڭ ئۆز- ئۆزىنى شادلاندۇرىدىغان، خۇش قىلىدىغان، روھىنى كۆتۈرىدىغان مۇنداق خۇش دەملەرگە ئېرىشىمىكىمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان غەم- غۇسسە، جاراھەت، تارتۇق قاپلاپ كەتكەن قەلبىنى بىردەم بولسىمۇ شىپايى دەملەرنىڭ مەلھىمىدە نەمدەپ تۇرسۇن.

www.uyghurkitap.com

بىز بويۇن بەرمەي قېچىپ تۇرغان خىيال قۇشلىرىغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ باقايلى. «ئىرپان»نىڭ ئارخېئولوگىيىسى بىزگە تېخىمۇ ئېسىل روھ شەجەرىلىرىنى ئۇچراشتۇرسا ئەجەب ئەمەس.

* * *

بىز گەپنى ئابدۇللادىن، 1997 ـ يىلىدىن، گۇما ناھىيىسىنىڭ پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يېشىل مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان كۆكۈلمىدانلىق قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىدىن باشلايلى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسى بىر جاپاكەش دېھقان ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۆت يېرىم يىل قوي باققاندىن كېيىن ئاندىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئۇ يەردىن خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ خەنزۇتىلى كەسپىدە ئوقۇغانلىقىغا ئائىت گەپلەر. بۇلارنى بىرمۇ بىر يېزىشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئىككى يىل خىزمەت قىلىپلا خىزمەتتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىنچۇ؟ بولدى، بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. جاھانىنىڭ ئىشلىرىغا ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. سىزگىمۇ، ماڭىمۇ جاھاندىكى ھېچبىر ئىش ـ ئوقەت مەڭگۈلۈك باقمەندە ئەمەسقۇ. قىلىۋاتقان ئىش دىتىغا ياقمىسا ۋاز كېچىپ يېڭىسىنى باشلاش دېگەن ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق يەردە بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت ۋاقتى ـ سائىتى، ئورنى، ۋەج ـ سەۋەبى سەل ـ پەل پەرق قىلىدۇ شۇ. شۇنداق بولدى، ئوقۇتقۇچىلىق ئۇنىڭدىن، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئادا ـ جۇدا بولدى. بەلكىم ئۇ خاتالاشقاندۇ، ئۆزىنى چاغلىماي نوچىلىق قىلغاندۇ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ، كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي، «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ئەخمىقانىلىك قىلغاندۇ. ياكى بېكىنمە يەرلىك مائارىپتىكى قېلىپلىشىپ، بىر خىللىشىپ كەتكەن تۇرلۇك ـ تۈمەن تاپشۇرۇق، ئالغىلىق، ھەققىي ئاكتىپچانلىق، ئىجادچانلىق ۋە تالانتنى ئۆلتۈرىدىغان شەكىلۋاز رەسمىيەتچىلىك، ئايىغى چىقمايدىغان ۋەزىپە ـ يۈكلىمىلەردىن بوغۇلۇپ ـ تۇنجۇققاندۇ؟ ھەددىدىن زىيادە نازۇك، زىل، مۇرەككەپ، بۇرۇقتۇرما ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇنىڭ ياشلىقتىكى تېرىسىگە پاتماس شاشلىقنى كۆتۈرەلمىگەندۇ، كېلىشەلمىگەندۇ. ئەھلى جامەئەتمۇ نېمىلەرنى دېمىدى؟ ئاتا ـ ئانىسى نامراتلىقتا گۆلدەك، قاقتەك قورۇلۇپ، جاپا ـ مۇشەققەت تۈگمىنىدە ئۇندەك ئېزىلىپ، ئۆيدىكى نەچچە جاننىڭ رىزقىنى قىسىپ ـ سىقىپ ئوقۇتسۇنۇ، مۇنۇ بىغەرەز ئەمدى ئۆيدىكىلىرىگە ئىككى ـ تۆت تەڭگە پۇل تەڭلىگۈدەك بولغاندا تەييار مائاش مەيدىسىگە ئۇسكەندەك تەتۈرلۈك قىلىپ ئاش بەرگەن قازاننى چاقسۇن؟ بۇ كەمدىكى باللاردا ئىنساب قالمىدى، ئازراق كۆزى ئېچىلسىلا جاھانغا پاتمايدۇ، ھېچنېمىنى، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ... ئەتراپتىكىلەر شۇنداق ئويلايتتى. ئۇلار ئابدۇللانىڭ، ئابدۇللا ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئوي ـ خىيال، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بەلكىم ئۆزۈنغىچە چۈشىنەلمەي يۈرگەندۇ ۋە بەلكى مەڭگۈ چۈشەنمەس. ئەمما ئەمدى تاۋاق چېقىلىپ، ئاش ئۆرۈلۈپ، زەللە توپىغا مىلىنىپ بولغاندا، ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشمۇ، چۈشىنىشمۇ ئەسقاتمايتتى. رېئاللىققا قانداق يۈزلىنىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئۇ دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ قىلالايدىغان ئىشىغا قايتىپ كەلدى. بىز دەيدىغان، دېمەكچى بولغان گەپ مۇشۇ يەردە. بۇ گەپنى يېزىش قىزىقارلىق ھەم ئەھمىيەتلىك. خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ خەنزۇتىلى كەسپىدە ئۈچ يىل ئوقۇغان، ھەتتا ئىككى يىل مۇئەللىملىك قىلغان نوچىنىڭ ئەمدىلىكتە ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ كونا سوپەكنى تاتىلىدىتىپ، ۋاقىلدىتىپ، پاقىلدىتىپ، جاقىلدىتىپ ھەيدەپ سۇغا، لايغا، پاتقاققا مىلىنىپ باسما قۇدۇق كولىشى قىزىق بولماي نېمە قىزىق؟ كۆلمەك، ئۇ ئاشۇ سوپەككىمۇ ئاسان يەتمىدى. ئىشقىلىپ تۆت پاي چاقى ساق ئايلىنىدىغان، ئەمما پاقىلداپ ئوت ئالسا قۇلاق ـ مېڭىنى يەپكېتىدىغان ئاشۇ كونا سوپەكنىڭ ئەسلىي ئىگىسى قارا تاغىزلىق جاپاكەش دېھقان ئۆمەر مىمتىلىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىنسابىغا ئىشىنىپ 3400 يۈەنگە سودا قىلىنغان شۇ سوپەكنىڭ مىڭ كويىنلا نىق ئېلىپ، قالغىنىنى نېسىگە بەرمىگەن بولسا، بۇ تۆمۈر مەخلۇقنىمۇ نەدىن تاپاتتى؟ ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مانا شۇ كونا سوپەك بىلەن قاراتاغىزدا باسما قۇدۇق كولىماقچى...

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 1980 ـ 1990 ـ يىللاردىكى ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ئويلاپ بېقىڭ. تورۇبا سۇيى تېخى ئائىلىلەرگە تولۇق كىرىپ بولالمىغان، كىشىلەر كۆل ـ قۇدۇق، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن قاپاق ـ چېلەكتە ئەپكەشلەپ توشۇپ سۇ ئىچىدىغان ھال كىشىلىرىمىزنىڭ تېخى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولسا كېرەك. گۇمىدا، قاراتاغىزدا ۋە باشقا يېزىلاردا كۆلدىن سۇ ئىچىش تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھال ئىدى. تالانتلىق ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستىدىكى باپكارنىڭ كۆلىنى ئەسلەڭ. قاراتاغىزدىكى كۆل ـ قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق لەش بېسىپ سېسىق پۇراپ كەتكەن، ئادەممۇ، چارۋىمۇ ئىچىۋېرىدىغان كۆللەردىن دېمىسەكمۇ، ئەمما قۇم، بوران، شامال ئۆكسىمەيدىغان زېمىندا چاۋار ـ چاتقال چۈشمەيدۇ، كەلدى ـ كەتتى جاندارلار تۇمشۇق تىقمايدۇ دەپ ھۆددە قىلغىلى بولمايتتى. قاچان، كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى تا ھازىرغىچە نامەلۇم بولغان باسما قۇدۇق كولاش تېخنىكىسى شۇ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پۈتكۈل ئاھالىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىگە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېپكەلگەنىدى. بۇنداق قۇدۇقنى كولاش بەك تەسمۇ ئەمەس ئىدى. ئاككۇمۇلياتور، سۇ پومپىسى، شلانكا، يېتەرلىك سۇ ۋە قۇدۇققا لازىملىق ئەسلىھەلەر بولسىلا كولاش مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدىكى قۇدۇق كولىغۇچىلار سوپەكنىڭ ماتورىنى ھەم ئاككۇمۇلياتور ھەم قاتناش قورالى ئورنىدا ئىشلىتەتتى. سوپەكنىڭ كوزۇپىنى ئۆزگەرتىپ سۇ قاچىلايدىغان تۇڭغا ئايلاندۇرۇۋالاتتى ـ دە، سۇ قاچىلانغان سوپەكنى پاقىلدىتىپ ھەيدەپ كېتىۋېرەتتى، قۇدۇقنى كولاۋېرەتتى. شۇ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق يېزا ـ قىشلاقتا كەڭ كۆلەمدە ئاممىۋى قوزغىلىش خاراكتېرلىك باسما قۇدۇق كولاش باشلانغانىدى. ئابدۇللا خوتەندە ئوقۇغاندا ۋە كېيىنچە قاراقاش، خوتەن، لوپ، گۇمىدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگەندە باسما قۇدۇق كولىغاننى، يىرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆمۈر چۈگۈندىن سۈزۈك سۇنىڭ پاتماي بۇلدۇقلاپ چۈشكىنىنى كۆرگەن، قىزىققان، ھەۋەسلەنگەن،

خىلغىچە قاراپ تۇرغان، «خەپ، بىزمۇ بىرنى كولاتساق بولىدىكەنغۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئاشۇ قۇدۇق ھويلاڭدا بولغىنىدا، ئىدىشتا سۇنىڭ تۆكەپ قىلىشىدىن غەم قىلىشنىڭ، ئۆيدە كىمنىڭ سۇ ئەكىلىشى توغرىلىق بىھۇدە دەتالاش قىلىشتىن، كۆل- قۇدۇقتا سۇ تۆكەپ قىلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ تېخنىكا تېخى گۇمىغا، قاراتاغىزغا ئەمدىلەتىن پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى.

ئابدۇللالار سوپەككە يەتتى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەممىنىڭ سۇ تەشنالىقىغا مۇناسىۋەتلىك، ئەل- جامائەتنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ساۋاب ئىشقا ئاتلىنىپ كەتتى. ئۆيىگە ئاي- ئايلاپ قايتماي، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە قونۇپ يۈرۈپ قۇدۇق كولىدى. يازدىغۇ كولىسۇن، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدىمۇ كولىماي بولمىدى. خەقلەر ئۆچىرەت تۇتۇپ، تالىشىپ، يالۋۇرۇپ تۇرسا كولىمايمەن دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىن خاتىرجەم، قانغىچە، ئارامخۇدا سۇ ئىچىدىغان كۈنگە ئىنتىزار ئىدى. ئىنتىزار بولماي. بالدۇر قۇدۇق كولىغانلار سۇنى چېلەكلەپ ساتقانىدى. قۇدۇقنىڭ كالاپىنى ئېلىۋېتىپ، قوشنىلىرىغا ھۆركىرىگەنىدى. ئىشكىنى ئېتىۋالغانىدى. ھويلامنى ھۆل- پاتقاق قىلىۋەتتىڭلار، كالاپىنى ئۆپرىتىۋەتتىڭلار دەپ غۇدىرىغانىدى. ئاغرىنغىلى بولاتتىمۇ؟ ئىش شۇنداق تۇرسا. ئۇلارغىمۇ تەستە. زىيانغا كىم چىدىسۇن؟ يەنىلا ئۆز ئۆيۈڭدە بولغانغا يەتمەيدۇ. شۇڭا يالۋۇرۇپ بولسىمۇ، قەرز قىلىپ بولسىمۇ كولىتىش كېرەك ئىدى. ئابدۇللالارمۇ كولىشى كېرەك ئىدى. كولىسۇن، كىم ئۇنى مۇشۇنداق ئەركىن، ئىختىيارىي ياشاشقا شۇنچىۋالا ئىنتىلسۇن دەپتىكەن. ئەركىن تۇرمۇشنىڭمۇ قانداق، قانچىلىك راھەت ئىكەنلىكىنى تېتىپ باقسۇن بۇ ئەخمەقنىڭ چار خالتىسى! ئۇ تېتىدى، ئەمما ۋايسىمىدى، ۋايساشقا ئاراممۇ تاپالمىدى. 1997- يىلى مايدا باشلىغىنىچە تاكى 1999- يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىغىچە ئابدۇللالار ساپمۇ ساق ئىككى يىل گۇما ناھىيىسىنىڭ قاراتاغىز، كۆكتېرەك، مۇجى، زاڭگۇي، كېلىياك، چودا دېگەن يېزىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ 3000دىن ئارتۇق قۇدۇق كولىدى. يەر قاتلىمىغا قاراپ نورمال بولغاندا 15 مېتىردىن 20 مېتىرغىچە، سۈيى تۇزلۇق، بەتتام چىقىپ قالسا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ، ھەتتا 40 مېتىرغىچە قازاتتى. 1998- يىلى ئىيۇندا گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگۇي، مۇجى، چودا يېزىلىرىدا ئالتە بال يەر تەۋرەپ، خەلق ئاپەت ئىچىدە قالغاندا، زاڭگۇي يېزىسىنىڭ ئاتچاپمىيا كەنتىدە ھەتتا بىر كۈندە 18 قۇدۇقمۇ كولىدى. كۈنلەر كۈنا سوپەكنى پاقلىدىتىپ ھەيدەپ، باسما قۇدۇق كولاش بىلەن ئۇچقاندەك ئۆتتى.

خوش، ئۇ بۇنىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشتى؟

— ئادەملەرنى چۈشەندىم، كىشىلىرىمىزنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى، ئويلايدىغىنىنى بىلدىم. ئەڭ مۇھىمى، تىرىشساق، بەل باغلىساق قولىمىزدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا، ئىش قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەندىم،— دەيدۇ ئابدۇللا.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئىشەنچ تاپتى. ھەتتا ئاشۇ ئەبجەق سوپىكىگە، ئاددىي شالاڭكىلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سۈچىلىق نازارىتىنىڭ يەر ئاستى سۇ مەنبەسى ۋە سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن گۇما ناھىيىسىگە كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە 80 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن سۇ ئەۋرىشكىسى ئېلىپمۇ بەردى. قىلاي دېسە، تۈزۈك ياشاي دېسە، تىرىشىپ شىجائەت كۆرسەتسىلا بىر گەپ بولىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى.

قالدى- قاتتى گەپلەرنى يېزىپ ئولتۇرمايلى. ئۇ، شۇ مەزگىللەردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ئەۋج ئالغان مىللەت- ئىللەت ھەققىدىكى قىزغىن، كۆيۈملۈك بەھس- مۇنازىرىلەرنى ئوقۇپ تۇرغانلىقىنى دەيدۇ. بىز مۇشۇنىڭدىنلا ئۇنىڭ قانداق ئوي- خىيال، ئىزتىراپ، ئۆرتىنىشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۆرتەنمەمدۇ؟ ئاشۇ بەھس- مۇنازىرىلەر مۇھاكىمە- مۇلاھىزە قىلغان ئاچچىق رېئاللىقنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان، شۇنداق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە پۈتلىشىپ ياشاۋاتقان تۇرسا، ئويلانمامدۇ؟ ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش پەرز قىلىنغان تۇرسا. ئىزتىراپ چەكمەمدۇ؟ ئۆمۈر، ھايات، ۋاقىت، ئەقىل، ئېتىقاد خوراپ كېتىۋاتسا، تېپىرلىمامدۇ؟

ئابدۇللا باشقىلار «رىقابەت- خىرىس» دەپ چۇقان سېلىۋاتقان ئۈرۈمچىگە بېرىپ، كۆزىنى تېخىمۇ ئېچىشنى ئويلىدى. قۇدۇق كولاپلا ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايتتى ھەم بۇ ئىشنىڭمۇ ئايىغى قويۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەمدى باشقىچىرەك يول ئىزدەش كېرەك ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئوي بىلەن 1999- يىلى 29- فېۋرالدا ئۈرۈمچىگە چىقتى.

— مەقسىتىم كۆرۈپ كېلىش ئىدى. كۆردۈم. كىشىلەرنىڭ جىددىي، ئالدىراش ياشايدىغانلىقىنى بىلدىم. گۇمىدىكىدەك ئەتىگەندە ئىككى سائەت، كەچتە ئىككى سائەت قوي باقسىلا بولمايدىغانلىقىنى، يېڭىچە يول تۇتۇش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم،— دەيدۇ ئابدۇللا شۇ قېتىمقى تۇنجى يۇرت ئاتلىغان سەپىرى ھەققىدە توختىلىپ.

شۇنداق. ئۇ كۆردى، بىلدى. نۇرغۇن نەرسىنى ھېس قىلدى. ئۈرۈمچى بىلەن خوتەن— گۇما— قاراتاغىز ئارىسىدىكى تۇرمۇش، ھاياتنىڭ رىتىم، قىممەت، مەنە، ئادەت، ئەھمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ۋاقىتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ قىممىتى، چەكلىكلىكى ئۇنى قايتىدىن ئويلاندۇردى. ئۇ ئاشۇ چىقىشىدا بىر ئايچە تۇرۇپ قالدى ۋە كەسكىن رىقابەت قايناپ تۇرغان، ھەقىقىي كۈچ، تالانت، ئىقتىدارنى سىنايدىغان بۇ شەھەردە بىر ئىش قىلىش، ياشاش نىيىتىگە كەلدى. «نېمە بولسام، كىشىنى ئىزدىنىش، تىرىشىش، كۈچەش، كەسكىن تالىشىپ ياشاشقا قىستايدىغان، مەجبۇرلايدىغان مۇھىت ئىچىدە بولاي» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. جاھاننىڭ ئەمدىكى رىقابەت، خىرىس، كرىزىسقا تولغان تەرەققىياتىغا پەقەت ئۈزلۈكسىز تىرىشىش، يەڭ تۈرۈپ كۈرەش قىلىش، بىر مىنۇتقىمۇ كەسكىن ھېسابات نۇقتىنەزەرى بىلەن قارايدىغان جىددىي روھ لازىمكەن. سېنى ئۈزلۈكسىز غىدىقلاپ، يېڭىلىققا، ئىزدىنىشكە، توختاۋسىز تىرىششقا، كۈرەش قىلىشقا، تىنىمسىزلىققا ھەيدەپ، مەجبۇر قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىتتىكى ھاياتنىڭ قىممىتى باشقىچە بولىدىكەن. ئۇ ئۈرۈمچىدە تونۇشقان دوستلار، مۇڭداشقان

www.uyghurkitap.com

بۇرادەرلەر، ئەسرارلاشقان يارانلارنىڭ دېيىشىچە، ئېزىلەڭگۈلۈك، لايغەزەللىك، بىر خىللىق، تىرىشماسلىق، ھەممىلا ئىشنى ھەيدەپ قىلدۇرۇش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن مۇھىت سېنى ئاستا ـ ئاستا خورىتىپ، ئۇپرىتىپ بوشاڭ، لامزەللە، سۆرەلمە، ئىندىمەس، ھۇرۇن، نانقېپى، ئىتائەتمەن، رايىشلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇۋېتەرمىش، ئىرادەڭنى يەيمىش. رىقابەت، خىرىس، ۋەھىمە، تالاش ـ تارتىش قايناپ تۇرغان يەردىن ئۆز نېسىۋىسىنى يۇلۇۋېلىپ يېيەلىگەنلەرنى ئاندىن ھەقىقىي نوچى دېسە ئەرزىيمىش...

ئابدۇللا دەرھال گۇمىغا قايتىپ ئىشلىرىنى بېسىقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن پىلانىنىڭ چوڭىنى سوقۇپ ئۈرۈمچىگە چىقتى. ئاشۇ چىقىشىدا دوستىنىڭ دوستى ھېسابلىنىدىغان قاراقاشلىق ئابدۇخەبەر ئابدۇللاجان ئىسىملىك يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تونۇشۇشىنى ماھىيەتتە ئابدۇللا بىلەن كومپيۇتېرنىڭ تونۇشۇشى دېيىش توغرا ئىدى. ئابدۇخەبەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئەمدىلەتىن سىڭىپ كىرىۋاتقان كومپيۇتېر دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ئىپى ـ جىپىنى خېلىلا بىلىدىكەن. ئۇيغۇرلار تا 1998 ـ يىلغىچە ئۇنى «خەت بېسىش ماشىنىسى» دەپلا چۈشەنگەن بىلەن ئابدۇخەبەر ئۇنىداق قارىمايدىكەن. ئۇ، كومپيۇتېرنى تۇخۇم تۇغىدۇ، بالا تاپىدۇ، خوتۇن قىلغىلى بولىدۇ دېمەدى، ئاندىن باشقا ھەممىنى دەپ تەرىپلىدى. ئۇ، بىل گېيتسنىڭ كومپيۇتېرنى ھەربىر ئائىلىگىچە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت كاتتا پىلانىدىن خەۋەرداركەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە قاتلام ـ قىسمىغا سىڭىپ كىرەلەيدىغانلىقىغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىدىكەن.

ئۇ ئېغىزى ـ ئېغىزىغا تەگمەي تەرىپلەپ، بۇ بىر دۆۋە تۆمۈر ـ تەسەكنى ئاجايىپ قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق، ئەقىللىق، مۆجىزىۋى قۇدرەتكە ئىگە نەرسە قىلىپ كۆرسىتىۋەتتى ھەم سېرىق چاچ، كۆك كۆزلۈكلەر ياسىغان ئاشۇ ئەقىللىق مەخلۇقنى ئۇيغۇرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىتىپ بېقىش ئوينىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ئاز ـ تولا «چېكىتمە»گە دەسسىتىپ ماڭدۇرۇپ باققىنىمۇ پۇرىتىپ ئۆتتى. مۇڭدىشىش، سىردىشىش ئۇزاق داۋام قىلدى. پىلان، غايە، قاراش، نىيەتلەر بىر يەردىن چىقىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ھەمپىكىرلەر ھەمكارلىشىپ بىر ئىش قىلسا تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرلىشىپ ماڭماقچى، بىر ـ بىرىگە ھە ـ پە دەپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. ئۇزاققا بارمايلا قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر سودا شەھەرچىسى 2 ـ قەۋەت 207 ـ دۇكانغا «بۇغرا كومپيۇتېر چەكلىك شىركىتى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلدى. ئۇلار مانا شۇ شىركەتنى قۇرغان، ئەمدى چوڭ ـ چوڭ، زامانىۋى ئىش قىلماقچى ئىدى. ئەمما بۇ شىركەت ھەققىدە تەپسىلىي گەپ قىلىش، يەنە كېلىپ بۇ شىركەت ۋە بۇ شىركەت تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ بازارغا سالغان سىستېما، يۇمشاق دېتالغا ئابدۇللانى باغلاپ بايان قىلساق قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگەن، ئۇنى قەغەز ئايروپىلاندا ئۇچۇرغان، بوياق بىلەن بوياپ تاۋۇس ئەللەيىنگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىمىز. «ئەپچىلەم» نامىدىكى ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزگۈچنىمۇ، كوررېكتور قىلىش سىستېمىسىنىمۇ، كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن، گۇما ناھىيىلىرىدە تا ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلىۋاتقان، كېيىنچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئالىمى ھوشۇر ئىسلام تەرىپىدىن «يېزىلارنى تورلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىكى باشلامچى سىستېما» دەپ تەرىپلەنگەن كومپيۇتېردا پاختا سېتىۋېلىش سىستېمىسىنىمۇ ئابدۇخەبەر تۈزدى. ئابدۇللاچۇ؟ ئۇ، شىركەتكە پاي قوشۇپ قۇرغۇچىلارنىڭ بىرىيۇ، ئەمما شىركەت ئۈچۈن غوللۇق تېخنىك، پروگراممىچى، تور تەتقىق قىلغۇچى، تور ئاچقۇچى، ھەتتا كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنى قارا ئىشچى، يۈگۈرـ يېتىم ئىشلارغا ھە ـ پە دېگۈچى چاپارمەن بولدى دېسەك توغرا بولار. ئۇ پەقەت ئاشۇ يىللاردا كومپيۇتېرنى كۆردى، «ئېلېكترونلۇق مېڭە» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئاشۇ ئېكرانلىق تۆمۈر مەخلۇقتىن پايدىلىنىپ نېمە ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدى. قىزىل بايراق يولىغا جايلاشقان كومپيۇتېر بازىرىدا ئەتىدىن كەچكىچە پىرقىراپ يۈرۈپ جاھاننىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئېلېكترون تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى كۆردى. ئابدۇخەبەرنىڭ كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدىن قوپماي ئولتۇرۇپ C، VB تىللىرىدا فورمۇلا يېزىپ، پروگرامما تۈزگىنىگە قاراپ تۇردى. لازىم بولغاندا كىتاب ـ ماتېرىيال تېپىش، خەتتاتلىققا دائىر كىتابلاردىن خەت نۇسخىسى، ھەرپ ئۆرنەكلىرىنى سكانېرلاش، كومپيۇتېر سېتىش، قۇراشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلدى. ئەمما تېخنىكىلىق ئىشلار ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ پەقەت كېيىنچە ئاشۇ تۆمۈر مەخلۇقنى ئىشلىتىشنى بىلدى، ئۆگەندى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى. گەرچە ئاشۇ ئىككى يىل جەريانىدا تۈزۈك بىر ئىش قىلالماي ئىچى پۇشۇپ، تىتىلداپ، كەيپى ئۇچۇپ، ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ سېھىرلىق دۇنياغا ئۇ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ قالدى.

«قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» يۇققان يەردە، ياخشى نەرسىگە، ئىلغار نەرسىگە يولۇقساڭ ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئىلغارلىق، بىلىم ـ ھۈنەر يۇقماي قالامتىمۇ؟ يۇقتى. ئابدۇخەبەر: بىلمەيسىلە، بۇزۇۋېتىسىلە، دەپ ئۇنىڭ كومپيۇتېرغا يېقىنلىشىشىنى چەكلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۈندە سۈركىلىپ يۈرۈپ ئاز ـ تولا يۇقتى، بىلدى، مېھرى چۈشتى. كېرىيە ناھىيىسىدە ئېشەك ھارۋىسىدا كومپيۇتېر توشۇغاندىمۇ، يورۇڭقاش دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن سەۋەبلىك خوتەن ناھىيىسىدىن تەۋەككۇل يېزىسىغا يەرلىكلەر ياسىۋالغان سالدا كومپيۇتېر ئۆتكۈزگىچە كومپيۇتېرنى سۇغا چىلاپ، ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇپ يۈرگەندىمۇ ئاشۇ تەبىئىتى سوغۇق، مېھرى ئىسسىق ئاجايىباتقا خېلىلا ئېچەكەشتى. ھەتتا كېيىنچە كېرىيە، چىرا، خوتەن ناھىيىلىرىدىكى پاختا ـ چىگە شىركەتلىرىنىڭ خادىملىرىغا كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى. بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم تېخنىكا، سانائەت، ئىختىرا ـ كەشپىياتنىڭ مانا مۇشۇ كىچىككىنە سېھىرلىكساندۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىغا چىنپۇتتى، ئاشۇنىڭغا تايىنىپ بىر ئىش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. مانا بۇ ئابدۇللانىڭ «بۇغرا كومپيۇتېر چەكلىك شىركىتى»دىكى ھاياتىدا ئېرىشكىنى. ئاشۇ شىركەت ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى تېز قۇرۇلۇپ،

يەنە شۇنچە تېز ئۆچكەن، كۆچكەن شىركەتلەرگە ئوخشاشلا ئاساسلىق ئىشلىرىنىڭ خوتەنگە مەركەزلىشىشى بىلەن كۆچمەكچى بولدى. ماھىيەتتە بۇ ئورۇن يۆتكىلىشلا ئەمەس قىممەتنىڭ يۆتكىلىشى، بارلىقتىن يوقلۇققا كۆچۈش ئىدى.

ئابدۇللا بەش قاقتى. شىركەت يوقالغانىكەن، يەنە كېلىپ ئۇ شىركەت ئۆچۈن بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكىلا. ئېتىزلىققا تىكلەپ قويغان قارانچۇقنىڭ ئورنىدىكىلا ئادەم تۇرسا پەش قاقماي، كەتمەي، خورجۇننى يۈدمەي نېمىش قىلسۇن؟ ئۇ كېسەل ئانىسىنى باققىلى گۇمىغا كەتتى. توغقان، قاتارغا قوشقان، قارا ئىش قىلسىمۇ قىلغۇدەك قىلغان ئاشۇ مېھرىبان غەمگۇزار يېقىلغان، ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. ئىنسان ئۈمۈتسىزلىققا ئۇچرىغاندا ھەممىدىن ئاۋۋال يېقىنلىرىنى يادىغا ئالىدۇ. بۇ، بۇرۇن يادىغا ئالمايتتى دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسانىنىڭ كۆڭلى مىسكىنلەشكەندە تېخىمۇ ئېنىق، ھەققىي سېغىنىپ كۆڭۈل ئىزدەيدۇ. ئاشۇنداق بولدى. چۈشكۈنلۈك، مىسكىنلىك، ئۈمۈتسىزلىق، ئۇگدا قىلىش يۈز بەرگەندە ئانىنى، ئاتىنى، قان- قېرىنداشنى ئويلىماي كىمنى ئويلىسۇن؟ ئاھ، ئانا كېسەلدىن يىقىلىپتۇ. شۇنى بولسىمۇ بېقىش كېرەك.

ئابدۇللا ئانىسىنى باققاچ، قىلغان ئىش، باسقان قەدەم، گەدەنگىچە پاتقان قەرز- پەرز، ھاياتنىڭ سودەك ئېقىپ، شامالدەك ئۇچۇپ، ئوتتەك كۆيۈپ، توپا- تۇپراقتەك تورۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلاندى. ئاشۇنداق ئويلىنىپ، ئانىسىنى بېقىپ يۈرۈپ ئاغىنە- بۇرادەرلەر بىلەن بىرلىشىپ قاراقاش ناھىيىسىدە «ئىستانبۇل تاللا بازىرى» ئاچتى، يۈرۈشلەشتۈردى. يەنە شۇ چاغلاردا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيىسىگە قاتناپ يۈرۈپ «كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى»نىڭ بۈگۈن دىيارىمىزدىكى جىمى ناھىيە، يېزا- بازارنىڭ تامامى بۇلۇڭ- پۇچقىقىنى قاپلاپ كەتكەن ۋاكالەتخانا، تېلېفونخانىلىرىنى كېڭەيتىدىغان ئىشنى قىلدى... ئاشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ يەنە ۋاقىت، ھايات، ئۆمۈر بىرى قوغلىغاندەك، بىرى قاچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋەردى. يىل 2002 گە ئۆرۈلدى، ياش 30غا كىرەي دەپقالدى. 30 ياشقىچىمۇ بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان، مۇقىم بىرەر ئىش- ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتالمىغان، ھاياتتا قوغلاشقۇدەك ئېنىق غايە- نىشان تۇرغۇزالمىغان ئادەمنىڭ كېيىنكى ئۆمرى چوقۇمكى بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھېچ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. كىم دېدىكىن بۇ گەپنى؟ جىق ئادەم دەپتۇ. مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولماس. ئەمما شۇ ياشقىچىمۇ تۈزۈك بىرەر ئىش قىلالماي يۈرۈش زور پاجىئە، نومۇسقۇ ئاخىر! بۇنداق ئالتۇندەك ئېسىل ئۆمۈر، گۆھەردەك ۋاقىت، بىباھا ياشلىق، ئۆكۈزدەك كۈچ، ئالماستەك ئەقىل، تېپىلماس پۇرسەت يەنە بىر كېلەمدۇ ئىنسانغا؟ ئەمدى خورايسەن، ياشلىق- شاشلىقىڭدىن، كۈچ- قۇۋۋىتىڭدىن، جاسارىتىڭدىن قايتىسەن، ئەي ئادەم بالىسى. ۋاقىت، پۇرسەت ساڭا ئەمدى مۇنداق كۈلۈپ- نازلاپ كەلمەيدۇ، بەلكى بوراندەك ھۆركىرەپ، قاينامدەك گۆركىرەپ، يالماۋۇزدەك چىرقىراپ، يىرتقۇچتەك خىرقىراپ يۇتقىلى، ئەنتى باردەك تىغ سىلىپ كېكىردىكىڭدىن بوغقىلى، ھەلقۇمىڭدىن ئالغىلى كېلىدۇ. جان ھەلقۇمغا يەتكەندە نېمەڭ بىلەن

دەرگاھىڭغا قانداق بارىسەن؟ نەدىن، قانداق كەلگىنىڭنى ۋە نەگە، قانداق بېرىشىڭنى ئويلان!!!

ئۇنى تەلپىكىنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئەقلى- ھوشىنى يىغىپ ئالدى- كەينىگە قارىغان، قىلغان- ئەتكىنىدىن تۈزۈك ھېساب ئالغان، ئېرىشكەن- يوقاتقىنى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانغان دېيىشكە ھەقلىقمىز. بولمىسا ئۇ خوتەندىكى بىر ئوبدان ئىشنى تاشلاپ، كۆدە- كۆرپىسىنى يۈدۈپلا يەنە ئۈرۈمچىگە يېنىپ چىقاتتىمۇ؟ بىر چاغلاردىكى ئوي- خىيال، نىيەت- ئىقبالنى قايتىدىن ئېسىگە ئېلىپ تىپىرلاپ كېتەتتىمۇ؟ قەدەمنى قايتىدىن، ئەستايىدىل، پۇختا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشەتتىمۇ؟

— كۆچمە تېلېگرافنىڭ شۇ ئىشنى قىلغان بولسامۇ، بۇ چاغقا كۆچمىدىلا ھەربىر ناھىيىدىن خېلى پۇل تاپقان بولاتتىم،— دەيدۇ ئۇ.

ئەمما ئۇ ئۈرۈمچىگە يېنىپ چىقتى. 1999- يىل مايدا ئويلىغان ئوي، بويلىغان كوي ئۇنىڭ ئېسىيادىنى قايتىدىن سىلكىگەنىدى. ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قىپتۇ. پۇلمۇ تېپىپتۇ، گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلۇپمۇ بېقىپتۇ. بىرمۇنچە نەرسىنى قولىغا ئاپتىيۇ، نۇرغۇنى سۇدەك ئېقىپ، تۈپىدەك تۈزۈپ، شامالدەك سورۇلۇپ، ياخال كۆيگەندەك لاپلا قىلىپ يوقاپتۇ، غايىب بوپتۇ. تۈزۈك ياشاش، تۈزۈك بىر ئىش قىلىش كېرەك!

ئۇ يېتىپمۇ، قوپۇپمۇ، ئويغىدىمۇ، چۈشىدىمۇ تۈزۈك بىر ئىش قىلىشنىڭ خىيالىدىلا يۈردى. بازارلارنى ئارىلىدى، باشقىلار بىلەن مۇڭداشتى. ئاشۇنداق ئويلىنىش ئىچىدە ئۇ باسقان ئىزلىرىنى، كەزگەن كوچىلىرىنى ئەسلەپ يەنە شۇ قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرىغا كېپقالدى. نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنچە زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. كومپيۇتېرلار مەيلى قاتتىق دېتال ياكى يۇمشاق دېتال جەھەتلەردىن بولسۇن كۆپ ئىلغارلاشقان، نۇرغۇن يېڭى مەھسۇلات بازارنى بىر ئالغانىدى. كىشىلەر توختىماي ئىزدىنىۋېتىپتۇ، ئۆزلۈكسىز ئالغا قاراپ مېڭىۋېتىپتۇ. خۇددى ھېلىلا بىزنى تاشلاپ پوررىدە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تېزلىكتە تەرەققىي قىلىپ كېتىۋېتىپتۇ.

ئۇ، بىر چاغلاردا خېلىلا مېھرى چۈشكەن كومپيۇتېرلارغا، ئېلېكترون مەھسۇلاتلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ مېڭىپ بىردىنلا توختاپ قالدى، كۆزى بىر نۇقتىغا قادالغىنىچە قېتىپ قالدى. ھەئە، ئىزدەۋاتقان نەرسە تېپىلغاندەك، تەشنا نەرسە يولۇققاندەك بولدى. چوڭلۇقى ئالىقانچىلىك كېلىدىغان نەرسە— ئېلېكترون لۇغەت ئابدۇللانى مېڭىشتىن، ئويلاشتىن تورمۇزلاپ قويدى. ئۇ ئاشۇ ئۆمرى قىسقا «بۇغرا كومپيۇتېر چەكلىك شىركىتى»دىكى ۋاقىتدا كېلىپ- كېتىپ يۈرۈپ مۇشۇنداق لۇغەتنى كۆرگەن، قىزىققان، ھەتتا بىر چاغدا ئابدۇخەبەرگە مۇشۇنداق لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئىشلىسەك بولامدۇ، دەپ تەكلىپمۇ بەرگەنىدى. «قىلىمىز، ئۇنىڭدىنمۇ زور- چوڭ ئىشلارنى قىلىمىز،— دېگەنىدى ئابدۇخەبەر مۇنداق نازۇك ئىشلارغا ئۆگەنچى، يېڭىياچى ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللانىڭ ئېغىزنى ھاڭ قىلىپ،— كەلگۈسىدە بىزنىڭ شۇنداق غايەت زور سۆز ئامبىرىمىز بولىدۇكى، ئۇنىڭغا جاھاندىكى جىمى چوڭ تىللارنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزىمىز ھەمدە بىر- بىرىگە بىمالال

ئايلىنالايدىغان لۇغەتنى ئىشلەيمىز»... يەنە ناھايىتى جىق پىلاننىڭ گېپى بولغانىدى. ئەمما كونىلار دەيدىغۇ: ئىگىسى ئېيتمىغان چېغى. ھەئە، ئېيتماپتىكەن. ئاشۇ ئىشنىمۇ، يەنە نۇرغۇن پىلانىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش ئېيتىلماپتىكەن. ھېكمەتكە باي كونىلار يەنە ھەر ئىشنىڭ ۋاقىت- سائىتىنىڭ بارلىقى، ۋاقتى- سائىتى كەلمىسە ھەرقانچە ئۇرۇنغان بىلەنمۇ ئىشنى باشقا ئاچىقىلى بولمايدىغانلىقنى ئېيتىشىدۇ. ۋاقتى- سائىتى كەلمىگەن چېغىۋاكەن. ئابدۇللا لۇغەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ۋاقتى- سائىتىنىڭ ئەمدى كەلگەنلىكىنى، ئېيتىلغانلىقنى ھېس قىلدى. قىسمەت دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

ئابدۇللا قىن- قىنىغا پاتمىغان ھالدا قايتىپ كەلدى. مەشۇقىنى تاپقان ئاشىقتەك ھاياجانلانىدى، مەنزىلىنى تاپقان ئاداشقان كارۋانىدەك تېتىكلەشتى، ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىنى ئاخىرى يېشىش يولىنى تاپقان ئوقۇغۇچىدەك جانلاندى ۋە دەرھال ئەستايىدىل ئويلىنىشقا كىرىشتى. ئويلانماي بولمايتتى. چۈنكى بۇ، ئۇيغۇرلاردىن تېخى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان نازۇك تېخنىكىلىق ئىش ئىدى. تەجرىبە، يول يوق ئىدى. تىلشۇناسلىق، لۇغەتچىلىك ساھەسىگە چېتىلىدىغان، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك ئىش ئىدى. مۇنتىزىم تەتقىقاتچىلار، تېخنىكىلىق قوشۇن كېرەك بولاتتى. ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت مەسىلىسى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. يەنە كېلىپ جۇڭگودا قۇرۇلغىلى ئالدى ئون نەچچە يىل، كەينىگىمۇ بىر- ئىككى يىل بولغان ئېلېكترون لۇغەت ئىشلەيدىغان كارخانىدىن ئون نەچچىسى بار ئىدى ۋە ھەممىسىلا رايونىمىز بازىرىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. بۇلارنى ئىنچىكە ئويلاپ، قەدەمنى پىششىق باسمىسا، ئەمدى ئۇتۇپ قالسا بولمايتتى. ئۇ ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى بىر- بىرلەپ ئويلىنىشقا باشلىدى. لۇغەتنى تۈزىدىغان ئادەم تېپىش مۇمكىن. بار لۇغەتلەردىن پايدىلانسا، بولمىسا تولۇقلىسا بولىدۇ. بۇنى قىلىش مۇمكىن ھەم شۇ باھانىدا ياخشىراق، مۇكەممەلرەك لۇغەت ئىشلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ، لۇغەتچىلىكىمىز ئۈچۈن قوش پايدا. تېخنىكا؟ ئۇ، ئابدۇخەبەرنىڭ «ئەپچىلەم»نى تۈزگىنىدىن، دېگەنلىرىدىن ھېس قىلالايدۇكى، تېخنىكىلىق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش تامامەن مۇمكىن. تەجرىبە، يول بولمىسا ئىزدىنىپ ئاچىمىدۇ. زاۋۇت بىزدە بولمىسا خەقتە بار. پۇل بەرسىلا ياساپ بېرىدۇ. بۈگۈن جاھاندا ھەممە نەرسىنى پۈتۈنلەي ئۆزىلا ياساپ كۈن ئالىدىغان قايسى زاۋۇت قالدى؟ «FORD» ماركىلىق ماشىنىنىڭ نەچچە زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ بىرىكىشىدىن روياپقا چىقىدىغانلىقىنى كىم ھېسابلاپ چىقالايدۇ؟ «IBM»، «APPLE»، «DEL»، «联想» قاتارلىق كومپيۇتېرلارنىڭ سەپلىمىلىرىگە قاراپ بېقىڭ. شۇ چاغدىلا CPUنى نەدە، قاتتىق دىسكىنى نەدە ياسايدىغىنىنى، بۈگۈنكى سانائەت شەكلىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەلەيسىز. سانائەت سەندە بولمىسا، بارلارنىڭ سانائىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈڭنى مۇكەممەللەشتۈر. مانا بۇ ئەمەلىيەتچىلىك. مانا بۇ بۈگۈنكى زاماننىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسى. ئۈمىدسىزلىنىپ: ھەي ي... بىزدىن ھېچ ئىش چىقمايدۇ دەپ ئولتۇرۇشتىن نە پايدا؟ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىركەتلەر بازارغا سالغان ئېلېكترون لۇغەتلەرنىڭ بازار مونوپولىيىسىگە كەلگەندە ئابدۇللا ئۆزلىرىدە چوڭ ئارتۇقچىلىق، ئۈستۈنلۈك باردەك ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلدى. تىل، مەدەنىيەت ئۈزىتى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ باشقىلار ئوڭايلىقچە مونوپول قىلالمايدىغان تەبىئىي قورغىنى. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ئىستېمال بازىرىنى مونوپول قىلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئابدۇللا ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغىنىنىڭ ئۆزىلا تەڭداشسىز كوزىر، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بايلىق، ئەڭگۈشتەر، سودا رىقابىتىدىكى تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. شۇنداق، ئۇ گېزى كەلسە تېخنىكا ئۆگىنەلەيدۇ، لېكىن ئاشۇ تېخنىكىنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭ تىلىنى ئۇ بىلگەندەك بىلمەيدۇ، بىلەلمەيدۇ ۋە ئۇيغۇرغا ئايلىنالمايدۇ. مانا بۇ ئۈستۈنلۈك، يارالمىش ئاتا قىلغان تەبىئىي ئەۋزەللىك. بىلەلىگەنلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ئۈستۈنلۈك بارمۇ؟ ئۇيغۇر مەۋجۇد ئىكەن، ئۇ بارغانسېرى يەرشارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا تىل ئۆگىنىشكە، ئۆزىنى مۇستەھكەملەشكە موھتاج. بىر ئېغىز گەپ، ئۇنىڭغا لۇغەت لازىم. دېمەككى، ئۆز ئانا تىلىنى دەستەك، تۈۋرۈك، ئۇل، مەنبە، ئاساس قىلغان لۇغەت باشقا تىللاردىكى ھەرقانداق لۇغەتتىن مىڭ ئەۋزەل. ئۆزىنىڭ تىلىنى سۆيىدىغان، جان- دىلى بىلەن قوغدايدىغان، تىلىنىڭ راۋاجلىنىپ، مۇستەھكەملىنىپ، باشقا تىللار بىلەن يەكمۇ يەك بەيگىگە چۈشۈشىنى ئارزۇلايدىغان بىر ئادەم بولىدىكەن، دېمەككى تىل ئۆلمەيدۇ، تىل ئۆگىنىش يوقالمايدۇ، تىلغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسە يەردە قالمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، دۇچ كېلىش مۇقەررەر بولغان سودا رىقابىتىدە ئۇ ھامان ئۈستۈن، ئەۋزەل ئورۇندا تۇرالايدۇ. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق بىر لۇغەت ئىشلەپچىقىرىلسا نەچچىلىگەن تۇم- تۇم، ئېغىر، كېلەڭسىز، ئاختۇرۇش تېخىمۇ تەس- مۇشكۈل بولغان لۇغەتنى بىراقلا ئەپچىل، چاققان، قولاي نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە تېز ئىلگىرىلەش ئېھتىياجىغا ماس ھالدا تىل ئۆگىنىش، ئىزدىنىشكە، ئىلىم- ئېرپان ئېلىشقا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. تىلىمىزنىڭ كۈچى، ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلارنىڭ، تەرەققىي قىلالماسلىقىمىزنى ئۈتۈپ- قويۇپ ئالجىغاندەك شۇنچە گۈزەل، پاساھەتلىك، ئىپادىلەش كۈچىگە باي تىلىمىزغا ئارتىپ جۆيلۈۋاتقانلارنىڭ كۆزىگە بۇ تىلنىڭ كۈچ- ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ قويالايدۇ. ئەھمىيەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ تۈزۈك ئىش دېگەن مانا شۇ بولماي يەنە نېمە؟

ئابدۇللا ئويلىغانسېرى ھاياجاندا تۇرالماي قالدى. ئەمدى ئاشۇ ئوتتەك قىزىق خىياللارنى مۇزدەك سوغۇق دەڭسەشكە چىلىماي بولمايتتى. تۆمۈرچىنىڭ كەتمەن- پالتا سوقىنىنى كۆرگەنمىتىڭىز؟ ئۇ تازا كۆيەك بېسىپ يالىلدىتىلغان ھارارەتلىك قىزىق ئوتتا چوغدەك قىزارغان تۆمۈرنى ئاپىرىپلا مۇزدەك سوغۇق سۇغا تىقىپ تاۋلاپ، سۇيىگە قاندۇرۇپ پولاتقا ئايلاندۇرىدۇ. ئاشۇنداق قايتا- قايتا قىزىتىش، سوغۇق سۇيىگە قاندۇرۇش جەريانىدا ئاپئاپتەك يالىلداپ، ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان، ئوڭايلىقچە داتلاشمايدىغان، بىسى

www.uyghurkitap.com

قايرىلمايدىغان ئۆتكۈر پولات كەتمەن- پالتا پۈتۈپ چىقىدۇ. ئابدۇللانىڭ ھاياجاندا لاۋۇلداپ كەتكەن تاتلىق ئويلىرىنىمۇ سوغۇققان، ئىشلارنىڭ ئالدى- كەينىنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان، زامانىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى دەڭسەپ بىلەلەيدىغان بىرەر ئاقىلنىڭ مۇزدەك تەپەككۇر پىچىدە تاۋلاش، ئاندىن سوغۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئابدۇقادىر جالالىددىن كەلدى. ھەراست، ئۇنتۇپتۇق. ئابدۇللانىڭ ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن بۇرۇنلا تونۇش ئىكەنلىكىنى، قاراتاغىزلىق دېھقان بالىسىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپلا بۇ يېتىلىۋاتقان تەپەككۇر ئىگىسىنىڭ سوغۇققان مۇلاھىزە، پەرىشان تۇيغۇ، ئاچچىق تەنە- كىنايىگە تويۇنغان يازمىلىرىنى ئوقۇپ كەلگەنلىكىنى، ھەممە بىر چاغلاردا تىترەپ- تاتىرىپ، قىزىرىپ- بوزىرىپ، كېكەچلەپ- گاچىلىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقى، ھال- مۇڭ بولۇشقانلىقى ۋە كېيىنچە خېلىلا يېقىن ئىزدىشىپ تۇرۇشقانلىقىنى يېزىشنى ئۇنتۇپتۇق. زامانىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تۇرغۇن، زەئىپ مەنىۋى ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ پەرىشان ئويلارغا چۆككەن ئاشۇ مۇئەللىم ئابدۇللانىڭ ئېسىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا ئابدۇقادىر مۇئەللىم دەيدىغان بۇ ھۆرمەتلىك ئەدىبىمىز ياپونىيىدە ئىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭ شۇ يەردىلىكىدىن خەۋەردار ئىكەن، تۇردا خەت- ئالاقە قىلىپمۇ تۇرغانىكەن. ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئابدۇقادىر مۇئەللىمگە تەپسىلىي يازدى. ئېلېكترون سانائىتىدە دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى قاتارىنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان ياپونىيىدىكى ئېلېكترون لۇغەتلەرنىڭ ئەھۋالى، ياسىلىش تېخنىكىسىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى مۇمكىن بولسا ئۇقۇشۇپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلدى، ھەتتا، ئەگەر مۇمكىن بولسا لۇغەتنى ياپونىيىدە ياساتساقمۇ بولىدۇ دېگەننىمۇ قوشۇپ قويىدى تەنتەكلەرچە، ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتىدىغان پورەكلەرچە. ئابدۇقادىر مۇئەللىمدىن تېزلا جاۋاب خەت كەلدى. خەتتە بەكلا ئەھمىيەتلىك ئوي بولغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ ھامان مۇشۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلارغا موھتاج ئىكەنلىكى ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىدىغانلىقى، تولا ئىككىلەنمەي دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئىش باشلاش كېرەكلىكى يېزىلغان. يەنە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، بۇنداق مەھسۇلاتلارنى ياپونىيىدە ياساتتىش تەننەرقىنىڭ قىممەت بوپكېتىدىغانلىقى، ھازىر جۇڭگونىڭ ئېلېكترون سانائىتىنىڭمۇ بوش ئەمەسلىكى، گۇاڭجۇ، شېنجېن دېگەن شەھەرلەردە مۇنداق لۇغەتلەرنى گەپ يوق ياسىۋېتىدىغانلىقى، باھا، سۈپەت جەھەتتىمۇ يامان ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەن، ھەتتا لۇغەت ئىشلەشكە ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەملەرمۇ تونۇشتۇرۇلغانىدى. ئاقىلنىڭ ئەقلى ھامان چوڭ ئىدى، ئەتراپلىق ئويلىيالايتتى، ئۇتتەك ھاياجاننى پىشۇرالايتتى.

تەكلىپ- پىكىر، مەسلىھەتلەر كۆڭۈللەرگە خوپ كەلدى، ياغدەك ياقتى. ھاياجانلىق ئوي ئەمدى پىشقان، سۈيى تەڭشەلگەن نىيەتكە، ئېنىق پىلانغا ئايلاندى. ئەمدى لۇغەت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى كۆرۈش، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئويلىشىش كېرەك ئىدى. دەرھال گۇاڭجۇ، شېنجېنغا يول ئالدى. ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا گەپنى چوڭ قىلىپ قولىدا جىددىي ياسىتىدىغان لۇغەت بارلىقىنى ئېيتىپ، ئېلېكترون لۇغەت ئىشلەپچىقىرىدىغان تۆت- بەش زاۋۇتقا باردى. ئىككى تىل ئارىسىدا ياكى ئاساسەن سولدىن باشلىنىدىغان تىللار ئارىسىدىلا ئايلاندۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان لۇغەت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاشۇ زاۋۇتلاردا ئېلېكترون لۇغەتنىڭ قاتتىق دېتال قىسمىغا تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئوڭدىن باشلاپ يېزىلىدىغان تىلغا ماسلاشتۇرۇش، كۆپ تىللىق، كۆپ يۆنىلىشلىك لۇغەتنىڭ توك يول تاختىسىنى لايىھىلەشنىڭ مۇمكىنچىلىك دەرىجىسى، ئۇيغۇر يېزىقىنى كونۇپكا تاختىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېكرانىدا كۆرسىتىش، سولدىن باشلىنىدىغان يېزىق بىلەن كۆرۈلىدىغان توقۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تەقلىدىي لۇغەت ياساش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلاندى، ئۇلارنىڭ ئىنژېنېر- تېخنىكلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشتى. تىرىشسىلا تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. پىشقان ئوي، بېكىتىلگەن پىلان تېخىمۇ چىڭىدى، نىشانلىغان خەيرلىك ئىشنىڭ تۆت پۇتى يەرگە دەسسىدى.

ئۇ تېزلا ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇقادىر مۇئەللىممۇ ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئوي- خىياللار تېخىمۇ ئېنىق، كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇلاھىزە قىلىندى ۋە ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدە بولغۇسى ئىش، ياسالغۇسى لۇغەت ھەققىدە ئالدىراش غەيرىي رەسمىي كېڭەش ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار— تۆت كىشىنىڭ ئۈرۈمچى جەنۇبىي قوۋۇققا جايلاشقان «ئەنجۈر» تېز تاماقخانىسىنىڭ يەر ئاستىدىكى غىزاخانىسىدا تاماق يېگىنى ۋە ئاشۇ كىچىككىنە غىزا ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ غەيرىي رەسمىي رەۋىشتە دۇنياغا كەلگۈسى ئېلېكترون لۇغەتنىڭ خاراكتېر، مەزمۇن، شەكىل، تۈر، يۆنىلىشىنى بېكىتكىنى، ھەتتا ئاشۇ تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىپ ئىسىم ئويلاشقانلىقى، ھەربىرەيلەننىڭ ۋەزىپە- مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق ئالدىغا تارتىپ، مۇشۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئاچىقىش ئۈچۈن قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالمىغان بولسىمۇ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بەل باغلىغانلىقى راست. كېيىنكى «ئېرپان»نىڭ، ئىلىم- ئېرپان ئارقىلىق يۈكسىلىش ئىدىيىسىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىغىن ئەنە شۇ. ئاشۇ غەيرىي رەسمىي يىغىندا ئىشلار رەسمىي بېكىتىلدى. مۇناسىپ كىشىلەر ئويلىشىلدى. سۆزلۈكلەرنى قانداق تەييارلاش، تۈنجى لۇغەتنىڭ خاراكتېرىنى قانداق بېكىتىش، كىم قايسى ئىشقا مەسئۇل بولۇش، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەر ماقۇللاندى. پروگرامما ماقۇللانمىغان، تۈزۈم- پرىنسىپ ئېلان قىلىنمىغان، قەسەم بېرىشلەر بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەسئۇلىيەت، ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت، سەممىيەت كۆڭۈللەرنىڭ قات- قېتىغا ئورنىدى. ئابدۇقادىر مۇئەللىم تەۋسىيە قىلىپ باشلاپ كەلگەن ئىلھام مۇھەممەت ئىسىملىك يىگىت لۇغەتنىڭ ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە سۆزلۈك قىسمىنى تەييارلايدىغان، روزىمۇھەممەت ئىسىملىك يىگىت كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلىق ئىشنى ئورۇندايدىغان، ئابدۇللا لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە، خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە- خەنزۇچە قىسمىنى ئادەم تەشكىللەپ ئىشلىتىدىغان، پۈتكۈل لۇغەتلەرنى بېكىتتۇرۇشكە ۋە باشقا قېپقالغان بارلىق ئىشنىڭ ھەممىسىنى ماسلاشتۇرۇپ مېڭىشقا مەسئۇل بولدى.

ئىش باشلاندى. ۋەزىپە ئېنىق، ۋاقىت قىس، ئادەم ئاز،

تەجرىبە يوق ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ مىزانىدا ۋايىساشمۇ ھەم يوق ئىدى. مەسىلىنى ئامالىنىڭ بارىچە ئەڭ ياخشى سوپەت-سەۋىيىدە ئورۇنداش، ھەل قىلىش، جاۋابكارلىق تۇيغۇسىدا سەممىي ئىش قىلىشلا بار ئىدى. بۇ ئۈگىنىشىدىغان ئىش، ئويۇنچۇق تاپانچىنىڭ، قونچاق ماشىنىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. چوقۇم ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ مىجەزى، تەبىئىتىگە قارىغاندىمۇ شۇنداق قىلىدىغاندەك، قىلالايدىغاندەك ئىدى. ئىلھام مۇھەممەت دېگەن يىگىتنىڭ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقاندىكى تىرىشچانلىقى، ئىزچىل «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ كەلگەنلىكى، ئۆگىنىش ھەۋىستى بولۇپ ئوقۇغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ ئاشۇ تىرىشچانلىقىدا مەكتەپكە كىرىپ كېيىنكى يىلىلا ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى باشلىۋەتكەنىدى. 1987 - يىل 4 - ئۆكتەبىر باشلىغانىتىم دەيدۇ ئۇ ئېنىق قىلىپ. كىشىلىرىمىز تېخى تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيەت، زۆرۈرىيىتىنى تۇزۇك ھېس قىلىپ يەتمىگەن، تىل ئۆگىنىش، تىل بىلىش ئاشقا، باشقا، ياشاشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ دەسمىيگە ئايلانمىغان شۇ يىللاردىلا ئۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىمۇ ئەگەشتى. بىرەرى يېغىراق ئىش قىلسىلا ئەگىشىپ قىلىپ باقىدىغان پەسىلىكا شۇ چاغدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىمۇ بار ئىكەن. شۇنداق قىلىپ قىزىقچىلىقتا بىر مۇنچە بالىمۇ سوغدىشىپ ABCدەپ تۇۋلاپ يۈرۈپتۇ. ئەمما تىل دېگەننى ئەھمىيەتسىز ئويۇن- تاماشا، ئەرزىمەس بېرىپ-كېلىش، مەنىسىز ئەل- ئاغىندارچىلىقنىڭ تايىنى يوق مېھرىدىن ۋاز كېچىپ، كۆتىنى چىڭ بېسىپ ئولتۇرالايدىغان، ئىزچىل داۋاملاشتۇرالايدىغان ئادەم ئۆگىنەلەيدۇ. ئەمما كۆپىنچە ستۇدېنتتا ئاشۇ چۆيۈندەك قوڭ، مەھكەم باغلانغان بەل، ئاسان سوۋۇمايدىغان ئىرادە كەم ئىدى. كۆپىنچىسى چۈشۈپ قاپتۇ. يېرىم يولدا، يالق، يېرىم يولغا بارمايلا، بوسۇغا ئاتلار-ئاتلىمايلا توختاپ قاپتۇ، ۋاك دەپتۇ. ئەمما بىزنىڭ ئىلھام توختىماي ئۆگىنىپ كېتىپتۇ، ئۆگەنگەندىمۇ تۇزۇك ئۆگىنىپتۇ. «ھازىرقى زامان خەنزۇتىلى لۇغىتى»(现代汉语词典) بىلەن «لوڭمەن بۈگۈنكى زامان ئىنگلىز تىلى لۇغىتى»(朗文当代英语词典) نى ئۈچ قېتىمدىن رومان ئوقۇغاندەك ئوقۇپ، كۆرۈپ چىققان ئادەمنى ئۆگەندى، تۇزۇك ئۆگەندى دېمەي نېمە دەيمىز؟ 1990 - يىل نويابىردا ئۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسىغا ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى 4 - دەرىجە ئىمتىھانىغا تىزىملىتىشقا كىردى. ئاشۇ ئىشخانىدىكىلەر ئاۋاق، ئېگىز، كەم سۆز كۆرۈنىدىغان يىگىتكە دەسلەپ ئىشەنمىگەندەك، ئارقىدىن ئۇنى مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىمتىھانلار بىلەن ئوينىشىپ يۈرمەي چىقىپ تاپشۇرۇقنى ئىشلىشىنى ئېيتتى. ئاشۇ گەپ بىزنىڭ ئىلھامنىڭ جېنىدىن ئۆتتى، ئۆپكىسىنى ئۆردى. ئۇ چىچاڭشىپ ۋارقىراپ كەتتى. كەم سۆز، گەپ قىلماس كۆرۈنسىلا بوزەك قىلىۋەرگەن بىلەن بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭمۇ دىلى نازۇك، غۇرۇرى قەتئىي، كۆڭلى پۈتۈن ئىكەن. ھارلىق- خارلىققا ئۇچرىسا چىدىمايدىكەن، چېكىدىن ئاشسا پارتلايدىكەن. ئۇ، ئىشخانىدىكى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش ئورنىغا سوغۇق سۆز سىپىۋاتقان ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىلارغا ۋارقىراپ سالدى. ئىشخانىدىكىلەر ھاڭۋېقىپ، نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇتۇتلەپ قېلىشتى. پەقەت ئاشۇ سەپرا يىگىت ئىشكىنى زەردە بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتكەندىلا ئېسىگە كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ چىقىپ كېتىۋېتىپ دېگەن گېپىنى ئەسلىدى: «تىزىملاش پۇلىنى تۆلىسەم مەن تۆلەيمەن. ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىغا پۇل تىلەپ كەلدىممۇ- يا؟ تىزىملاپ قويۇش. ئۆتەلمىسەم، بولدى، قەدەم باسمىدىم مەكتىپىڭگە». ئاللا شەرىڭنى! كىمگە قىيدايدۇ، نېمىسگە بىزگە تۇۋلايدۇ بۇ سويمەك. تەس ئىشمىتى ئىسمىنى يېزىپ قويۇش. ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتمىسۇن، پۇلىنى بىكار ئىسراپ قىلمىسۇن دېدۇقۇ شۇ. ھۇ، كۆيۈنگەننى بىلمەيدىغان...

ئىشخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى خۇشياقمىغاندەك، قىيىدىغاندەك تىزىملىكنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىغا تىركەپ قويىدى. ئەمما ئاشۇ يىگىتنىڭ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە ئىمتىھان بەرگەن 379 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىن ئىمتىھاندىن ئۆتكەن 4 ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى، بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، شۇنداقلا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بوپقېلىشىنى ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى. ئەمما شۇنداق بولدى. كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاڭشارنى ياردىغانلىقى، ئەسكى چاپانىنىڭ ئىچىدە ئادەم بارلىقى ئىسپاتلاندى.

ئۇ كېيىنمۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپمۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى 5 - ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىسا بارماي باشقىچە چىقىش يولى ئىزدىگەندىمۇ، كېيىنكى شىنجاڭ «ئىستىراھەت مېھمانخانىسى»دىكى سەككىز يېرىم يىللىق تەرجىمانلىق ھاياتىدىمۇ ئۆگىنىشنى، توم- توم لۇغەتلەرنى ۋاراقلاش، ئاختۇرۇشنى توختىتىپ قويمىدى. ئاشۇنداق ئىزدىنىش ئۇنى كېيىن بېيجىڭدا كانادالىقلار ئاچقان تاماقخانىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا ئېلىپ چىقتى. شۋېتسىيىلىكلەر 1940 - يىللاردا ئاچقان داڭلىق چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش مەركىزى EF(English First) نىڭ شىنجەندىكى تارمىقىدا خەنزۇلارغا ئىنگلىز تىلىدا دەرس ئۆتۈش لاياقەت- پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. ئاشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇ مانا مۇشۇ لۇغەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى، تېلېفوندا، توردا ئابدۇقادىر مۇئەللىم ئارقىلىق ۋە تېخىچە يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ئابدۇللا ئىسمىلىك يىگىتتىن ئاڭلىدى، مەسلىھەتنى ئاز - تولا قىلىشقان بولدى ھەمدە دەرھال ئېرىشىش ئوڭايلىقچە، خالىغانلا ئادەمگە نېسىپ بولمايدىغان ئاشۇ خىزمەتنى تاشلاپلا يېنىپ چىقتى. ئەمدى نېمىشقا تەپسىلىي، ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىشلىمىسۇن؟ ئۇ باشقا تىللاردىكى شۇنچە زور ھەجىملىك لۇغەتلەرنى كۆرۈۋېتىپ كۆزى قىزارمىغانمىدى؟ ئاختۇرۇپ بولالماي ئىچى پۇشمىغانمىدى؟ ئۆز تىلىدەك راھەت، بەھۇزۇر چۈشىنىپ بولالماي قىينالمىغانمىدى؟ بىر چاغلاردا ئۇيغۇر بالىلارغا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلىرىغا تۇزۇكرەك، كۆپ يۈنىلىشلىك لۇغەتلەرنى تەۋسىيە قىلالماي

دۇدۇقلىمىغانمىدى؟ لۇغەتلەرنى كۆتۈرۈپ بولالماي، لازىم بولغاندا ياندا يوق ئەسقاتماي جىلى بولمىغانمىدى؟ مانا ئەمدى باشقىلار ئىشلىتىپ ئۈگىنىش، خىزمىتىگە ئاجايىپ زور قولايلىق يارىتىپ يۈرگەن ئاشۇ يىغىنچاق، قولاي، يەڭگىل، ئەپچىل، چاققان ئېلېكترون لۇغەتنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئىشلىتىشىنىڭ پىلانى بولۇۋاتسا، تېخى ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرىنى تەييارلايدىغان ئىشقا ئۆزى قول تىقىۋاتسا نېمىشقا كۆيۈنمىسۇن، ئەستايىدىل بولمىسۇن؟ جان دەپ تەييارلايدۇ، خۇش بولۇپ كۈچ قاتىدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياخشى قىلىدۇ...

ئۇ خۇشاللىق، ھاياجان ئىچىدە بىر باشلىغىنىچە سەككىز ئاي بېسىپ ئولتۇردى. بېسىپ ئولتۇرمايمۇ ئامال يوق ئىدى. قانچىلىك قىلساڭ شۇنى ئېپكېتىپ رەتلەيمىز، توغرىلايمىز، سىستېمىغا كىرگۈزىمىز، كوررېكتورلۇقىنى ئىشلەيمىز، بېكىتىمىز دەپ بېشىدا ئادەم قاراپ تۇراتتى. ئەمما ئىشلەش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بىزدە تېخى مۇكەممەلرەك ئىنگلىزچە- ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇرچە- ئىنگلىزچە لۇغەت بولمىغاچقا، ئاساسەن مۇتلەق كۆپ قىسىم سۆزلۈكنى بىۋاسىتە ھالدا Oxford، Longman قاتارلىق نوپۇزلۇق لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ يېڭىدىن تۈزۈش، ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئېچىلمىغان يولنى يېڭىدىن ئېچىپ ماڭماي، قىلىنمىغان ئىشنى يېڭىدىن قىلماي بولمايتتى. ئەمدى قاراپ تۇرسا قاچان، كىم قىلىپ بېرىدۇ؟

ئىلھام مۇھەممەت قارىقېغۇ ئۆيىدىن چىقىپ ئۇھ دېگۇدەك تىن ئالالماي يۈرگەندە، ئابدۇللا ئايىغىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالسىمۇ تۇيمىغۇدەك جىددىيچىلىك ئىچىدە پالاقلاپ چېپىپ يۈردى. ئۇ، لۇغەتنى پۇختا، مۇكەممەل پۈتتۈرۈش ئۈچۈن زامانىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تىلشۇناس، لۇغەتشۇناس ئالىمىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوفتىن پىكىر- مەسلىھەت، يول سوراپ قانچە رەت بارغىنىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار لۇغەتنى ئىلاجىنىڭ بارىچە مۇكەممەل ھالدا رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆچىدى. لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن زاۋۇت تەرەپنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن خەنزۇچە لۇغەتنىڭ سۆزلۈكلىرىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىندى. ئۇيغۇرچە- خەنزۇچە، خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە لۇغەتلەر بىزدە بار لۇغەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا زور تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، بېيىتىش ئېلىپ بېرىلدى. سۆزلۈك، تۇراقلىق ئىبارە، ئىدىئوم، ماقال- تەمسىللەر تولۇقلاندى ۋە ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمانلاردىن مۇساجان ئەزىزىي، ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ئانات، ئىمىن ئەھمىدىيلەرنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. پىشقان كوررېكتور قەييۇم تۇرسۇن لۇغەتتىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئىملاسىنى بېكىتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئەقىل، بىلىم، كۈچ، زېھىن، تالانتلىقلار مەركەزلەشتۈرۈلدى. ھەممە بار كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە كەلدى. شەخسلەر تەشكىللىشىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئەمگەكنىڭمۇ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، ئىلمىيلىك دەرىجىسى، ئىش ئۈنۈمى، سۈرئەت تېزلىكىنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئەپلەپ- سەپلەپ كۆز بويامچىلىق قىلىسلا «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ»غانلىقى، ئۇنىڭدا قالىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ئىشەنچ- ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، سەممىيلىك، ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆچەپ ئىشلەيتتى. ئىشنىڭ سۈپىتى، سۈرئىتى، ئۈنۈمى، ئەھمىيىتىنى قوغلىشاتتى. شۇنداق بولدى، ھەممە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. خوتەن رادىئو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇغان، Windows مۇھىتىدا خىزمەت قىلىدىغان كومپيۇتېرلار تېخى خوتەنگە كەلمەستىلا ئاللىقاچان كومپيۇتېرغا باغلىنىپ بولغان، ئىزچىل كومپيۇتېر بىلەن ئېتىشىپ كەلگەن، شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كومپيۇتېردىن بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان روزىمۇھەممەت ئىسىملىك يىگىتمۇ ئارامخۇدا ئۇخلىغۇدەك جاي، ۋاقىتمۇ تاپالماي كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىشلار ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ، لۇغەتنىڭ مودېلىنى ياساش، كۇنۇپكا تاختىلىرىغا ھەرپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەرپلەرنى كودقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزىق كىرگۈزۈش، كۆرۈنۈشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، زاۋۇت تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئوڭدىن باشلىنىدىغان يېزىق ئۈچۈن مەخسۇس توك يولى ياساش، قاتتىق دېتال قىسمىنى ئۆزگەرتىش، ئوڭ، سول يۆنىلىشتە باشلىنىدىغان يېزىقنى ئېكراندا بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىش قاتارلىق ئىلمىي، تېخنىكىلىق ئىشلارنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى...

ئاشۇنداق جىددىي تۇتۇش قىلىش، تىرىشىش ئارقىلىق ئاشۇ لۇغەت ئاخىرى تۈزۈلدى، تەييار بولدى، ياسالدى ۋە «ئىرپان» نامىدا ئەلنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى. داستىخانغا چىقىرىلدى. ئەمدى داخىلىي داستىخان بولغۇچىلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاش، قالغان قەدەمنى بىللە بېسىش كېرەك ئىدى.

* * *

سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا «ئىرپان» تۇراتتى، ئىرپان روھى زال ئىچىنى قاپلىغان، دىللاردا زوق- ھاياجان ئويغىتاتتى. ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇ تۇنجى ئېلېكترون لۇغەت ئاشۇ ماركىسى بىلەن ئىلىم- ئىرپان روھىنى تەشۋىق قىلماقچىدەك، كىشىلىرىمىزگە ئىلىم- ئىرپان ئىزدەشنىڭ خاسىيىتىنى قايتا- قايتا جاكارلىماقچىدەك، بىزنىڭ ئىلىم- ئىرپان ئارقىلىقلا ھەقىقىي قۇدرەت تېپىپ، يۈكسىلەلەيدىغانلىقىمىزنى ئىشارە قىلماقچىدەك ھەمدە ئىلىم- ئىرپان ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلانغان ھەربىر ئىزدەنگۈچىگە يېقىن ھەمراھ بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتماقچىدەك قىلاتتى. مۇنداق ئېسىل روھنى، ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىشنى، كۆڭۈللەرگە خۇشياقىدىغان ئويلىنىشنى كىم خالىمىسۇن؟ كىم مۇنداق ئىدىيە- خاھىشقا ئاۋاز قوشمىسۇن؟ ئاۋازلار قوشۇلدى، چاۋاكلار ياڭرىدى، مەدەت- رىغبەتلەر ياغدى. سۆيۈنۈش، كۆيۈنۈش دىللارنى قۇۋاندۇردى...

ھەقىقەتەنمۇ «ئىرپان» ئېلېكترون لۇغىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېلېكترون تېخنىكىسىدا، يۇقىرى پەن- تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىش، ياساش ساھەسىدە ئۆزىگە خاس دادىل قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولاتتى. كۇماراجىۋا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىي، نەۋائىي قاتارلىق ئۇلۇغ ئەللامە- ئالىملىرىمىزنىڭ بىباھا ئەمگىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، خەلقىمىزنىڭ نەچچە

www.uyghurkitap.com

ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلىم- تېخنىكا، تىل- ئالاقىدىكى تەشەببۇسكار روھنىڭ ئۇزاق يىللىق سىياسىي- ئىجتىمائىي بوران- چاپقۇن، داۋالغۇشلار پەيدا قىلغان چۈشكۈنلۈكتىن كېيىنكى ئويغىنىشى، قايتىپ كېلىشى، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈشى دېيىشكە بولاتتى. خەلقىمىزنىڭمۇ يۇقىرى پەن- تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى دېيىشكە بولاتتى. تىلىمىزنىڭ فۇنكسىيىلىك ھاياتىي ئىقتىدارىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، تىلىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇق قىممىتى، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ۋاستە دېيىشكە بولاتتى.

بۈيۈك گېرمان تىلشۇناسى ياكوب گرىم: «بىزنىڭ تىلىمىز- بىزنىڭ تارىخىمىز دېمەكتۇر» دەيدۇ. دېمەككى، بىر تىلنىڭ تەرەققىي قىلىپ، نازۇك زامانىۋى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىغا كىرىشى يالغۇز بىر تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەمەس، ئۇشبۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات شەجەرىسىنىڭ يارقىن خاتىرىسىدۇر. ئەرەب- پارس تىللىرى بىلەن يەكمۇ يەك بەيگىگە چۈشكەن تۈركىي تىل شۇ دەۋر تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى دەلىللەپ بەرگەن بولسا، يېقىنقى دەۋرلەردىكى تىل- يېزىقتىكى تۇراقسىزلىق، قېلىپلىشىپ بولالماسلىق، ھە دېسىلا ئۆزگەرتىش- ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا يۈگۈرۈش، ماھىيەتتە پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئاجىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، تۇترۇقسىزلىقنى دەلىللەپ بېرىدۇ. تىلنىڭ تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارغا كېڭىيىپ كىرىشى، ماھىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ تېخنىكىلىق ئەقلىي تەرەققىيات يولىغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى. ئىنگلىز تىلىنىڭ بۈگۈنكى دۇنياۋى ئىستېمالغا ئايلىنىشىدا ئۇنىڭ تېخنىكا بىلەن زىچ بىرلەشكەنلىكى مىسلىسىز زور رول ئوينىغان. تىل زامانىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىش ئارقىلىق ھەم رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ھەم ياشاش بوشلۇقىنى كېڭەيتىدۇ. ھەممە شۇ تىلنى مىللىي ۋىجدانىنىڭ تۈۋرۈكى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىدىكى ئۆسۈش، يۈكسىلىشتىن بېشارەت بېرىدۇ. مۇستاپا كامال ئېيتقان «تىلنىڭ كۈچى- مىللەتنىڭ كۈچى» دېگەن گەپنىڭ ھېكمىتى مانا شۇ يەردە.

سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش، يەرشارىلىشىش ئىبارىلىرىگە سىغدۇرالغان تەرەققىياتنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى دۇنيادىكى تامامىي ئەھلىي- ئاھالىنى بۇ چوڭ قاينامغا سۆرەپ كىردى- دە، كىشىلەر ئۆزلىرى بىلىپ- بىلمەي زامانىۋى دۇنيانىڭ ئۇچۇر- مەدەنىيەت ئىستېمالچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بىلىم- ئۇچۇرلارنىڭ يېڭىلىنىشى، ئۆزگىرىشى، تارقىلىشى مىسلىسىز دەرىجىدە تېزلەشتى. دۆلەت- مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تار مەھەللىۋازلىق قارىشى يىمىرىلدى. ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا ھەربىر ئىنسانغا قانچىكى ئاكتىپ، قانچىكى تېز رەۋىشتە دۇنياۋى رىقابەتكە، مەدەنىيەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىشىشىغا قاتنىشالىسا، باشقىلار بىلەن قانچىكى يۈزمۇ يۈز، باراۋەر دىئالوگلىشالىسا شۇنچە زور مەنپەئەت، پايدىلىق ئورۇن، پۇرسەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مانا شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ ۋاستىچىلىكى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. تىل ئۆگىنىش، تىل بىلىش تارىختا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك جىددىي مەسىلىگە، دۇنيانى چۈشىنىپ ياشاي دەيدىغانلىكى ئىنسان بالىسى چوقۇم باشتىن كەچۈرىدىغان تەبىئىي ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ باقمىغان. ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاجىز قوۋم- مىللەتلەر ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تىللىرىنى بىلىش، باشقىلارنى چۈشىنىش پەرز- قەرزگە ئوخشاپ قالدى. چۈنكى ئۆزگىنى بىلمىسەڭ، چۈشەنمىسەڭ بولمايتتى، ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرمىسەڭ، بىلدۈرمىسەڭ تېخىمۇ بولمايتتى. چۈشەنچە، تونۇش تۇرغۇزۇلمىسا ئىشنىڭ چاتىقى شۇ ئىدى. چۈشەنمەي تۇرۇپ مەنسىتمەسلىك، بىلمەي تۇرۇپ ياراتماسلىق، دەڭسەپ باقمايلا چوڭچىلىق قىلىپ يەكلەش دېگەندەك بىنورمال ئىجتىمائىي كەيپىياتلار ئەنە شۇنداق تىل، دىلنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلەتتى. بىز، خەلقىمىز مانا شۇ تىل ئۆگىنىش، تىل بىلىش جەھەتتە چۆچۈمىسەك، كاللىمىزنى سىلكىمىسەك بولمايتتى. بىزدىكى مىللەت سۆيگۈسى قۇرۇق شوئارۋازلىققا، مۇتەئەسسىپ كونسېرۋاتىپلىققا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل بىلىش، تىل ئۆگىنىش لازىمدە. ئادەمدەك قەدىر- قىممىتىنى بىلىپ- ساقلاپ، ئۆزۈمگە يارىشا ئورۇن- مەرتىۋەمنى تېپىپ ياشاي، قولۇمدىكى نېنىمنى پۈتۈن يەي، ھوقۇقۇمنى راۋۇرۇس تىك تۇرۇپ قوغداپ، ئىززىتىم بىلەن ياشاي دېگەن ئادەم بۈگۈن تىل بىلمىسە بولمايدۇ. تىل بىلمىگەنلەر يەۋاتقان نېنىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ رېئاللىق. كەلكۈن پاچاقتا چىققاندا، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە تېپىرلىماي بۇرۇنراق، ۋاقتىدىراق ئىش كۆرۈش ھەممىدىن ئەۋزەل.

كىشىلەر قوزغىلىشقا باشلىدى. تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، خاسىيىتىنى ئەمەس، زۆرۈرلۈكىنى، مەجبۇرىيەتلىكىنى، ئۆگەنمىسە زادى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى، ياق كۆپىنچىسىگە بىلدۈرۈلدى. بىلگۈسى، ئاڭلىغۇسى، ئۆگەنگۈسى بولمىسىمۇ، شۇنداق قىلىش كېرەكلىكى، قىلمىسا تاۋېقى چېقىلىپ، تۈزلۈكى ئۈرۈلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. چوڭ دولقۇن قوزغالدى. مەجبۇرىيمۇ، تەبىئىيمۇ، ئىشقىلىپ تىل ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالدى. ئۇلار ئەمدى لۇغەتكە، ئۇلارنىڭ تېز، ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشكە ئەسقاتىدىغان ماتېرىياللارغا، ئۆگىتىش- ئۆگىنىش ۋاستىلىرىگە موھتاج ئىدى. ئەمدى ئاشۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش كېرەك.

2003- يىلى 14- دېكابىردىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن كېيىنلا گېزىت- ژۇرنال، رادىئو- تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى «ئېرپان» ئېلېكترون لۇغىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بەس- بەستە جاكارلىدى. خەۋەر ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جاي- جايلىرىغا، ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە، ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ تارقالدى. ئېلان- تەشۋىقاتلار چاپلاندى، تارقىتىلدى. تونۇيدىغان، تونۇمايدىغانلار ئاشۇ خەۋەرنى، ئېلان- تەشۋىقاتنى- «ئېرپان»نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، ئەجدادلىرىمىزدىكى ئىلىم- ئېرپان روھىنىڭ كۆرسە كۆرگىلى، تۇتسا تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي قىممەتكە ئايلىنىپ قايتا جەۋلان قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى. شۇ چاغدا «ئېرپان»نى تۈزگۈچىلەردىن بىرەرىنىمۇ تونۇمايدىغان

پېقىرنىڭمۇ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا پىرقىراپ يۈرۈپ ئېلان تارقاتقىنى، باللارغا سېتىۋېلىش، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كارخانىسىنىڭ تۇنجى مەھسۇلاتىنى قوللاشنى ۋاتىلداپ سۆزلەپ چۈشەندۈرگىنى، ئىجارە ئالغان ئۆيىنىڭ تېمىغا كالىندار شەكلىدىكى ئېلاننى چاپلاپ قويۇپ سائەتلەپ قاراپ ياتقىنى ھېلىھەم ئېسىدە. پېقىر باشقىلاردىمۇ ئاشۇنداق زوقمەنلىك، سۆيۈنۈش، ئىپتىخار، غۇرۇر قوزغىغان دېسە خاتالاشمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئاشۇ چاغلاردا نېمىشقىدۇر كىشىلىرىمىزدە مەۋجۇدلۇق تەقدىرىمىزدىن، تىلىمىزنىڭ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ، ئەتىمىزنىڭ نېمە بولۇپكېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئېغىرلاپ قالغانىدى. بىزدە تەقدىرىمىزنى ئۈمىدلىك ئەتىگە باغلايدىغان كۈچلۈك تېخنىكا ئاساسىنىڭ يوقلۇقى، ئىقتىسادنىڭ تازا گۈللىنىپ كېتەلمىگەنلىكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالىنىڭ دۇنياۋى يۈزلىنىشتىن بىخەۋەر- بىغەملىكى، كىشىلىرىمىزدە خىرىس، كرىزىس، رىقابەت تۇيغۇسىنىڭ ئەمەلىي ھالدا ئويغىنىپ بولالمىغانلىقى، تۇرمۇشىمىزنىڭ تامامىي قاتىلمىنى سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى، تۈرلۈك- تۈمەن ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكى، ئەخلاقىي، مەنىۋى ئاينىشلارنىڭ ئېغىرلاۋاتقانلىقى دېگەندەك كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سان- ساناقسىز بېسىم تۇيغۇسى دىللارنى ھامان مەيۈس پەرىشانلىققا باشلاپ تۇراتتى. ئاشۇ چاغلاردا «ئۇيغۇرلار 50 يىلدىن كېيىن مەۋجۇد بولارمۇ؟»، «50 يىلدىن كېيىن يەنە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئادەم قالارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنىڭ مەكتەپلەردە، دەرسخانىلاردا سورالغىنىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدۇق. ئاشۇنداق مۇھاكىمىلەردە «ئۆزىگە، ئۆز ئائىلىسى، پەرزەنتى، تىل، مەدەنىيىتىگە مەسئۇلىيەت- مەجبۇرىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان بىر ئۇيغۇر بولىدىكەن، بىز، بىزنىڭ تىلىمىز 50 يىل ئەمەس 50 ئەسىر، 500 ئەسىردىن كېيىنمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ» دېگەندەك كەسكىن، قايناق پىكىرلەرنىڭ ھەم بولغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدۇق. ئاشۇ خىل سوئالنىڭ سورالغىنىنىڭ ئۆزىلا جەمئىيەتتىكى ئەندىكىش، ۋەھىمە، چۆچۈش كەيپىياتىنىڭ چېكىگە چىققانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. بىز بۇ خىل كەيپىياتنىڭ ئويغىنىشىنى بىر تەرەپتىن ئەھمىيەتلىك ھېس قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن سەل- پەل ئارامسىزلىنىپ قالاتتۇق. دەل شۇنداق چاغ بولغاچقىمىكىن، «ئىرپان»نىڭ دۇنياغا كېلىشى مېنى خېلى كۆڭلەرگىچە ھاياجانغا سالغانىدى. باشقىلاردىمۇ ئاشۇنداق تەنتەنە تۇيغۇسى، غۇرۇرلۇق جانلىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەنىدىم.

ئەمەلىيەتتىمۇ، «ئىرپان» ئېلېكترون لۇغىتى بازارغا سېلىنىپلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. تەبرىكلىگىلى كەلگەنلەر، تېلېفون، خەت، ئېلېكترونلۇق يوللانمىلار ئۈزۈلمەي كەلدى. ئاشۇ تېلېفون، خەت، ئېلېكترونلۇق يوللانمىلاردىن بارىكاللا، ئالقىش، تەبرىك، ئۈمىد، رەھمەت، تىلەك ياغاتتى، ھاياجان، سۆيۈنۈش، كۆيۈنۈش تاماتتى. شۇ چاغدىكى ھالەتنى ئەمدى دىرېكتور دەپ ئاتىلىشى كېرەك بولغان ئابدۇللا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

— مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەخسۇس سېتىش دۇكىنىمىز كۆنلەپ ئادەمگە لىق توشۇپ تۇردى. لۇغەت سېتىۋالىدىغانلار بىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپ بولدى. مۇشۇنداق بىر لۇغەت بازارغا سېلىنىپتۇ دەپ ئاڭلاپ ئالمىسىمۇ كۆرگىلى، رەھمەت ئېيتقىلى كەلگەن ئادەمنىڭ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ. راۋۇرۇس دەسسەپ ماڭالمىغۇدەك دەرىجىدە ياشىنىپ كەتكەن پېشقەدەملىرىمىزدىن كېلىپ قولىمىزنى سىقىپ تۇرۇپ ھېچنېمە دېمەيلا يىغلاپ تاشلىغانلار، ئېغىزنى ئۆمەللەپ بولۇپ گەپ قىلالماي، دولىمىزغا ئۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنلەر بولدى. «ئىشلەتمىسەممۇ، ئۆيۈمگە ئېلىپ تىزىپ قوياي، ئۆكىلىرىم. خۇدايىم مۇشۇنچىلىك كۈننى كۆرۈشنى بولسىمۇ نېسىپ قىپتۇ. قېرىغاندا باشقا ئىش قىلىپ بېرىش قولىمىزدىن كەلمەيدىكەن، سىلەرنى قوللىغىنىمىز مۇشۇ بوپقالسۇن» دەپ كۆزىنىڭ نۇرى كېتىپ، كىتاب- ماتېرىيال كۆرگۈچىلىكى قالمىغان بوۋايلىرىمىزمۇ سېتىۋېلىپ ئەكەتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىركەتلەر بازارغا سالغان باشقا ماركىدىكى ئېلېكترون لۇغەتنى بارلاردىن «ئانا تىلىمدا چىقىپتۇ، قېرىنداشلىرىم چىقىرىپتۇ. ئېلىم ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلار ئۈچۈن نەچچە يۈز كويغا مەن رازى» دەپ يەنە ئالغانلار بولدى. باللىرىنى يېتىلەپ ئەكېلىپ لۇغەت ئېلىپ بەرگەن ئاتا- ئانىلارنى كۆردۇق. شىركەتكە تېلېفون بېرىپ «ۋاي، سىلەر ئۇيغۇرمۇ؟ بۇ لۇغەتنى راست ئۇيغۇرلار ئىشلىدىمۇ؟» دەپ ئىشەنمىگەندەك قايتا- قايتا سوراپ ئېنىقلىغان، «ھەنېمە بولسا، رەھمەت سىلەرگە» دەپ ئاتايىن رەھمەت ئېيتقىلى تېلېفون قىلغان، كەلگەنلەر بەك كۆپ بولدى. بىز ئىشىمىزنىڭ ياخشى تەسىر قوزغىشىنى، لۇغەتنىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشىنى ئويلىغان، لېكىن مۇنداق رەھمەتكە ئېرىشىشىمىزنى ئويلاپ باقماپتىكەنمىز. خەلقىمىز بىلىدىكەن، داۋراڭ سالمىغان، جىم يۈرگەن بىلەن كۆڭلىدە بىلىدىكەن. ئۆزىنىڭ كارخانىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى قوللايدىكەن. لۇغەت بازارغا سېلىنغان دەسلەپكى نەچچە ھەپتىدە كۆزىمىزدىن ياش قۇرۇماي دېگۈدەك يۈردۇق. ھەتتا نەچچە رەت ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم. مۇشۇنداق قىزغىن خەلققە ئەرزىگۈدەك ئىش قىلالىغىنىمىزدىن، ئاشۇلارنىڭ ئارىسىغا تۇغۇلغىنىمىزدىن پەخىرلەندۇق. شۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى لۇغەتلەرنى تۈزۈش، سەممىي ئىشلەش ئىرادىمىز نەچچە ھەسسە كۈچەيدى.

ھەقىقەتەنمۇ لۇغەت بازارغا سېلىنىپلا ئىشلىتىشتىكى ئەپلىك، قولايلىقى بىلەن تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا، ئىشلىتىشىگە ئېرىشتى ۋە تېز ئارىدىلا دىيارىمىزنىڭ پۈتكۈل ناھىيە- شەھەرلىرىنى قاپلىدى. ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان، ھەرساھە- قاتلامدىكى خىزمەتچىلەر، سودىگەر- تىجارەتچىلەرگىچە ھەممىسىنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تىجارەت، سودا، تۇرمۇشىغىچە سىڭىپ كىردى. ئىنكاس ياخشى بولدى، ئوي- پىلاننىڭ، مەقسەت- نىشاننىڭ توغرا بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئەمدى قالغان قەدەمنى تېخىمۇ پۇختا، سالماق، سەممىي ئېلىش كېرەك ئىدى.

«ئىرپان» شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى پىلان- لايىھەلىرىنى جىددىي تۈزۈپ چىقتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن

ئىزدىنىشكە باشـلىدى. بىـر ئىشنى باشـلاش ئـانچە تەس بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىش تولىمۇ مۈشكۈل جەريان. ئەمدى ئاشۇ ئىشنى تېخىمـۇ ياخـشى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئۇ توختىماي ئىزدەندى. ئۇنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا سىڭگىنىمۇ توختىمـاي ئىـزدىنىش روھـى ئىـدى. خەلقىمىزنىڭ تىلغا بولغان ئېھتىيـاجىنى، لۇغەتلەرنىـڭ تـۈر، يۆنىلىشكە بولغان تەقەززاسىنى ئويلـىشىش، سـۆزلۈكلەرنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە تولۇقلاش، بېيىتـىش، يـۆنىلىش، تىـل تۈرلىرىـنى كـۆپەيتىش، لۇغەتنىـڭ تېخنىكىلىـق ئىقتىـدار مەسىلىسىنى ياخشىلاش، لايىھە ـ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ كـۆركەم، يېقىشلىق قىلىش، سېتىش ـ مـۇلازىمەت، رېمونـت قىلىـش لىنىيىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ كويىغا كـىرىش كـېرەك ئىدى. بـۇ يوللارنىڭ ھەربىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاچمـاي بولمـايتتى. ئـۇ شۇنداق قىلدى ۋە مېڭىپ كەتتى. دەسلەپ تەمتىم ماڭغانـدى، بارا ـ بارا تايتاڭلاپ، تاقلاپ، سـەكرەپ، راۋۇرۇس مەزمـۇت قەدەم ئېلىپ مېڭىپ كەتتى. تۇنجى ئەۋلاد «ئېرپـان ــ A33» تىپلىق لۇغەتتىن كېيىن ئىككى يېرىم يىلغىچە تېز تۇتۇش قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرىـدىن سـۆزلۈك مىقـدارى، تىـل، يۆنىلىش، تاللاش تۈرى كۆپەيتىلگەن، ئىقتىدارى ياخـشىلانغان «ئېرپان ــ UC233»(خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەت)، «ئېرپان ــ 100» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلـىزچە ئۈچ تىللىق قوش يۆنىلىشلىك لۇغەت) قاتـارلىق لۇغەتلەرنـى تەتقىق قىلىپ، تەييارلاپ بازارغا سـالدى. سېتىش دائىرىـسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ رايونىمىز دائىرىـسىنى تولـۇق قاپلاشـتىن سىرت ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، دۆلەت ھالقىپ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، سەئۇدىي ئەرەبىـستانى، كۇۋەيـت، مىـسىر، تـۈركىيە قاتـارلىق دۆلەتـلەرگە كېڭەيـدى ـ دە، ئۇيغـۇر ئېلېكـترون لۇغەتچىلىكىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھايـاتىي كۈچىنـى نامايـان قىلدى.

يولنى ئىزدەنگۈچىلەر ئاچىدۇ، شەرەپنى غـالىبلار قۇچىـدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئەمما كېيىنكى جـۈملە ئۈسـتىدە ئـازراق ئويلىنىش كېرەك. غالىبلار ھەرگىـز ئـۆزى بېرىـپ شـەرەپنى ئەكەلمەيدۇ ياكى شەرەپنى دەپلا شاپاشلاپ يۈرمەيدۇ. شـەرەپ، مۇكاپات، تاج ئۇچۇنلا چېپىش ھەقىقـىي غـالىبلىق، نوچىلـىق ئەمەس. ھەقىقىي غالىبلارغا شەرەپ ـ مۇكاپاتنى خالىسلار ئـۆزى بېرىدۇ، تۇيدۇرماي، بىلدۈرمەي...

خەلق چىن كۆڭلىدىن بەرگەن رەھمەت ــ بەرىكەتـكە تەڭ دەيدىغان گەپ بار. راستكەن، ھەق گەپكەن. خەلقنىـڭ ئاشـۇ رەھمەت ـ ھەشقالىلىسىدا، «ئېرپان»لىقلارنىڭ لەۋزى ھالاللىقى، سەمىمىي ئىزدىنىشى ئاساسىدا «ئېرپان» ئۆرلـىدى، بەرىـكەت تاپتى. خەلق ئىززەت ـ ھۆرمەت ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ يـۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر شەرەپنىڭ ھازىر بولغانلىق خەۋىـرى يېتىپ كەلدى. خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋىدى، بـۇ باشقىلارنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئـۇلار مەخـسۇس گۇرۇپپـا تەشكىللەپ يوشۇرۇن تەكشۈرۈپتۇ. ھەئە، ئاشۇ «ئېرپان»نىـڭ سۈپىتى، مۇلازىمىتى، بـازار ئىگىلـەش ئەھۋالـى، يوشـۇرۇن رىقابەت كۈچى، بازار ئەۋزەللىكى، لۇغەتچىلىكتىكـى ئەمەلـي ئۈستۈنلۈكىنى ئاستىرتتىن ـ خۇپىيانە ئىگىلەپتۇ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپتۇ. نەتىجىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئـاپتونوم رايونىـدا جۇڭگـو ئېلېكترون ساھەسىدىكى خېلىلا نامدار كارخانىلارنىڭ «商务通»، «文曲星»،«好记星»،«快译通»،«雷登»،«诺亚舟»، «名人»، «好易通»، «联想»، «金正» دېگەنـــنىڭ ماركىدىكى لۇغەتلىرىنىـڭ سېتىلىش نىسبىتىنىڭ نىبمـىشقا تـۆۋەنلىك ئاشمايۋاتقانلىقىنىڭ، ئۇلار ئەسلى تەسـەۋۋۇر قىلغـان بـازار بوشلۇقى بىلەن ئەمەلـىي سـېتىلغان مەھـسۇلات نىـسبىتىنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا شۇنچە چوڭ پەرق شەكىللىنىۋاتقىنىنىڭ ۋەج ـ سەۋەبىنى چۈشـەنگەندەك بوپتـۇ. مەسـىلە، «چاتـاق»نـى «ئېرپان» تېرىغاندى. مانا شـۇ «ئېرپـان» ئاشـۇ داڭـدار لۇغەتلەرنىڭ بۇ رايوندىكى سېتىلىش بازىرىغا تەسىر يەتكۈزگەن، مونوپوللىنى ئاجىزلاشتۇرغان، ھەتتا بـۇ بـازارنى تەلتۆكـۈس ئىگىلەش خىيالىنى بىتچىت، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئوتتـۇرا ئاسـىيا بازىرىغا پۇت تىقىش خىيالىغا خېلىلا چوڭ توساق سۈپىتىدە كۆز ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. ئۇلار ئىشەنمىگەندەك، ئىشەنگۈسـى كەلمىگەندەك بېشىنى سىلكىپ، كۆزىنى جامدەك ئېچىپ قاراپتۇ. بىر چاغدىمۇ ئاشۇنداق بولغانىدى. «ئېرپان»نى ئىشلىگۈچىلەر تۇنجى مەھسۇلاتىنى بازارغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن بېيجىڭغـا بېرىپ ئېلېكترون لۇغەت ساھەسىدىكى داڭدار كارخانىنىڭ بىرى، جۇڭگودا ئېلېكترون لۇغەتنىڭ ئالماش ئىـسىم(代名词) لىـق سالاھىيىتىنى مۇتلەق مونوپول قىلغان «文曲星»نىڭ تەتقىقات بازىـسىغا كىـرگەن، شـۇلار بىـلەن پىكىـر ـ تەجـرىبە ئالماشتۇرماقچى، مـۇمكىن بولـسا ھەمكـارلىق ئورناتماقچـى بولغاندا، ئاشۇ شىركەتنىڭ ئايال مۇئاۋىن دىرېكتورى دەسلەپتە مەنسىتمىگەندەك كۆرەڭ ـ مەغرۇر ھالدا تاسـلداپ دەسـسەپ كىرىپ توك گەپ قىلغان، ئۇلارنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغانـدى. «ئېرپان»لىقلار ئۆزىنىڭ ئوغرى، بۇلاڭچى يـاكى ئەتكەسـچى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئوخشاشلا ئېلېكترون لۇغەت تەتقىقاتـى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، قىلغـان ـ ياسىغان دەسمىيىسىنى پەشتاختىغا چىقارغان چېغىدا ئاشۇ مۇغەمبەر چالا كۆرەڭ ئايالمۇ ئىشەنمىگەندەك، ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ئالدىدىكى ئىككى بۈرۈتلۇقتا قاراپ قالغان، پېتىدىن چۈشكەن، بىلىدىن ئېگىلگەنـدى. تەكشۈرگىلى كەلگەنلەرمـۇ دەسلەپتە ئاشۇنداق ئىشەنمىدى. بۇ خەقنىڭ قاچانلاردا مۇشۇنداق ئىش قىلغۇدەك بولغىنىغا ئەقلى يەتمىگەندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇلارچە، بۇ خەق مەڭگـۇ ئېـشكىنى مىنىـپ، ناخشىـسىنى ئېيتىـپ، خارابىلەردە توپا توزىتىپ يـاكى كـاۋاب پىشۇرۇپلا ئۆتـسە بولارمىدىكىن. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بۇلارمۇ ئۆتۈپ ـ قوپـۇپ بازار، خېرىدار، ئورۇن، سودا، پۇل تالاشقۇدەك بوپقاپتىا...

ئۇلار ئىشەنمەي دېسىمۇ ئىـشەندى. «ئېرپـان» ئۇلارنـى ئىشىنىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ يەردە يالغـان دوكـلات يـوللاش، يوقنى توقۇپ، بارنى ھەسسىلەپ مەلۇم قىلىـدىغان ياكـى پۇل تۆلەپلا نام ـ ئاتاق ئالىدىغان ساختىلىق ئەسـلا مەۋجـۇد ئەمەس. ئۇلار ھەممىـنى يوشـۇرۇن، ئاسـتىرتتىن، خۇپىيـانە كۆزەتكەن، تەكشۈرگەنىدى. يەنە كېلىـپ ئۇنـداق ـ مۇنـداق يەردىن ئەمەس، دۆلەت ئۇچۇر كەسـپى مىنىـستىرلىكى، سـودا مىنىستىرلىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىللەنگەن مەخسۇس گۇرۇپپا تەكشۈرگەن، بىر «ئېرپان»نىلا ئەمەس، جۇڭگـو ئېلېكـترون

ساھەسىدىكى ئونمىڭدىن ئارتۇق كارخانىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرگەنىدى. بۇ يەردە يان بېسىش، كۆڭۈل بۆلۈش، مەقسەتلىك كۆتۈرۈش دېگەندەك ئويۇنلار مەۋجۇد ئەمەس ئەلۋەتتە.

تەكشۈرۈشلەر مەلۇم قىلىنغان، دوكلاتلار يوللانغان، نەتىجىلەر خۇلاسىلەنگەنىدى. قايتا- قايتا بېكىتىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق «جۇڭگو ئېلېكترون كارخانىلىرى بويىچە مەھسۇلات ماركىسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور كارخانا»لاردىن 300ى باھالاپ چىقىلماقچى ئىكەن. باھالىنىپتۇ. «ئېرپان» ئاشۇ يوشۇرۇن كۈچى زور 300 كارخانا قاتارىغا كىرىپتۇ. «ئېرپان» ماركىسى جۇڭگو ئېلېكترون ساھەسىدىكى يوشۇرۇن كۈچى زور 300 ماركىنىڭ بىرى دەپ قارىلىپتۇ ھەمدە ئاشۇ ماركىنىڭ قىممىتىلا سەككىز مىليون يۈەن بېكىتىلىپتۇ. ئەمدى چىڭداۋدا يىغىن ئېچىلماقچى، ئاشۇ شان- شەرەپ تاجىنى «ئېرپان»نىڭ بېشىغا كىيدۈرمەكچى، غەربىي شىمال بويىچە بۇ شەرەپكە نائىل بولغان بۇ بىردىنبىر مىللىي كارخانا ھەققىدە ياخشىراق چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى ئىكەن.

بارماي بولامدۇ؟ بېرىش كېرەك. ئاشۇلارغىمۇ بىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىمىز، «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار»لىقىنى بىلدۈرۈش، تېخى ئاشكارىلانمىغان يوشۇرۇن كۈچىمىزنىڭ زورلۇقىنى، بىزنىڭ داۋاملىق تىرىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلدۈرۈش كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي دىئالوگ، رىقابەت، ئېرپان روھىنىڭ تۈپ نېگىزى!

يىغىنغا ئىلھام- «ئېرپان» شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ئىلھام مۇھەممەت باردى ۋە جۇڭگودىكى «联想»، «海尔» قاتارلىق داڭلىق شىركەتلەرنىڭ لىدىرلىرى بىلەن بىر قاتاردا، بىر سەپتە تۇرۇپ شەرەپ ئالدى. «ئېرپان»نى، «ئېرپان»نىڭ يولىنى، «ئېرپان» روھىنى تونۇشتۇردى. نۇرغۇن شىركەتنىڭ لىدىر- دىرېكتورلىرى ئاتايىن ئىلھامنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى، ئەھۋال ئىگىلىدى، ھەمكارلىشىش ئويىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو ئېلېكترون سودا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ نىڭ مۇنداق دېدى: «سىلەر غەربىي شىمالدا پەن- تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپسىلەر. ھەربىر ئىشلىگەن مەھسۇلاتىڭلار ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ئىلغارلىقتا ۋە يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن. بۇ سىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقىنىڭلارنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككى يېرىم يىللىق نەتىجەڭلاردىن كارخانىڭلارنىڭ يىراققا نەزەر تاشلايدىغان، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە كارخانا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ». بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىشىنىش، ئېتىراپ قىلىش دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟ ئىلھام ئاشۇ باھالارنى ئاڭلاۋېتىپ، يىغىنغا قاتنىشىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ سورىغان ھەربىر سوئالىغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىۋېتىپ ۋارقىرىغۇسى، توۋلىغۇسى، قانغۇچە يىغلىغۇسى كەلدى. «ئېرپان» ئاخىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدە، يەنى، قۇرۇلۇپ ئىككى يېرىم يىل ئىچىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا ئىشەنچ- ئېتىراپقا ئېرىشكەن، ئىناۋەت تىكلىگەن، ئىستىقبالى زور كارخانا دەپ قارالغانىدى.

شەرەپ گۈلگە، تىكەنلىك گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ خۇشپۇرىقىدىن، رەڭ جۇلاسىدىن ھۇزۇرلانساڭ، تىكىنى سېنى سەگىتىپ تۇرىدۇ. ئالقىش ياخشى نەرسە، ئەمما ھوشۇڭنى يوقاتساڭ چاۋاك چالغان، كۆتۈرگەن قولدىن شاپىلاقلاشمۇ، تاشلىۋېتىشمۇ كېلىدۇ. شۇڭىمۇ ئاشۇ شەرەپنى «ئېرپان»غا مەستخۇش تەنتەنە تۇيغۇسىدىن كۆرە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بېسىم پەيدا قىلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەمدى تېخىمۇ سالماق، پۇختا قەدەم بىلەن ماڭمىسا بولمايتتى.

ئۇلار بۇ شان- شەرەپكە ھېچقانداق داغدۇغا قىلمىدى. بەلكى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۈن- تىنسىز ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش يۆنىلىشىگە قاراپ مېڭىۋەردى ۋە تېز ئارىدىلا سۆزلۈك مىقدارى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، ئىقتىدارى ياخشىلانغان، سۆزلەرنى ئاۋازلىق ئوقۇپ بېرىش ئىقتىدارى سەپلەنگەن بىر- بىرىدىن ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «ئېرپان- 310» (ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە كۆپ تىل، كۆپ يۆنىلىشلىك لۇغەت) تىپلىق، «ئېرپان- 330» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ تىللىق، توققۇز يۆنىلىشلىك لۇغەت) تىپلىق لۇغەت ۋە «ئېرپان ئوقۇغۇچىلار لۇغىتى»(ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)نى بازارغا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ سالماق قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى ۋە يەنە يېڭىدىن يېڭى ئىزدىنىش، تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى. بەلكىم سىز بۇ يازما بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە ئۇنىڭ يەنە بىر يېڭى سوۋغىسى ھۇزۇرىڭىزدا پەيدا بولۇپ بولار ۋە ئۇلار يەنىمۇ يېڭى تۈر ئۈچۈن يېڭى بەت- سەھىپە ئېچىپ بولار. شۇنداق. ئۇلار ھەربىر قەدىمى ئارقىلىق ئېرپان روھىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك، ماڭغان يولىنىڭ «مەرىپەت يولى، سائادەت يولى» ئىكەنلىكىنى جاكارلاۋاتقاندەك، بىزگە ئىزدىنىش يولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن دەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

* * *

كەمىنە ھەۋەسكار ھەددىدىن ئاشقان ئىزمىلىك بىلەن تولا گەپ سېتىپ كەتتى. كەمىنە باشقىلارنىمۇ ئېلېكترون لۇغەتكە، «ئېرپان»غا، «ئېرپان»نىڭ ئىزدىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا زىيارەت قىلغانىدى. بىز ئەمدى پېقىرنىڭ ھېسسىي تەسىرات- چۈشەنچىلىرىنى توختىتىپ، ئاشۇلارنىڭمۇ پىكىر- مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشىمىز كېرەك. بولمىسا، گەپ ئىشەنچلىك، مۇلاھىزە تولۇق بولماي قالىدۇ.

«ئېرپان»نىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن تارتىپ بۈگۈنكى تەرەققىياتىغىچە بولغان جەرياندا پىكىر- تەكلىپ بېرىپ، مەسلىھەت كۆرسىتىپ كەلگەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئەدەبىياتشۇناس، شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇنداق دەيدۇ:

— يەرشارىلىشىش شاۋقۇنى كىشىلەردە ئەنئەنىگە بولغان كۈچلۈك مايىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەرشارىلىشىش مەلۇم مەنىدە ئىقتىسادىي كۈچى زور رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىستېمىسىنىڭ يەرشارى مىقياسىدا ئومۇملىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، ئۇنىڭدا ھەرقايسى كۈچنىڭ تەسىر تالىشىش رىقابىتى ھەم مەۋجۇد. يەرشارىلىشىش بىزگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئۆزلۈكنى ساقلاش ئاساسىدىكى ماسلىشىش ئەكس سادالىرىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئەسكەرتتى. ئۇچۇر، بىلىم ئىقتىسادتىكى ئەۋزەللىكنى بەلگىلەۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا بىزمۇ بۇ دولقۇندىن ئۆزىمىزگە خاس ئورۇن تېپىشىمىز لازىم. ئەجدادلىرىمىز ياراتقان نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنە بىزگە يېتەرلىك كۈچ بېغىشلىيالايدۇ. تىل ئۆگىنىپ كۆپ تىللىق بولۇش، ئۆزىدىكى مەدەنىيەت خاسلىقىنى رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش، پۇرسەتنىڭ ئىچىدىن پۇرسەت يارىتىش بىزگە ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ بىر خىل ئىنكاس شەكلى بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ تىللىق تىندۇرمىغا ئىگە. بۇنىڭغا بىزنىڭ مول مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز گۇۋاھ.

«ئېرپان» لۇغىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئانا تىلنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارزۇسىنىڭ ئۇچۇر دەۋرىدىكى بىر مەھسۇلى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدەك خەلقئارالىق تىل مۇھىتىغا، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ روھىغا مۇناسىپ رەۋىشتە باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ئىقتىدارىنى كېڭەيتتى. ئۇچۇر دەۋرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئىخچام، ئەپچىل، تېز، قوللىنىشچان، ماسلىشىشچان خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلىشتا. مېنىڭچە، «ئېرپان» بۇ قەدەمنى ئوڭۇشلۇق تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئېلېكترون ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىگە تۈرتكە ئېپكەلدى. ئېلېكترون لۇغەت لۇغەتشۇناسلىقنىڭ يېڭى راۋاجى. ئۇ، تېخنولوگىيە جەھەتتىكى زىللىقنى ۋە ئۇچۇر دەۋرى كىشىلىرىنىڭ ئىنتىلىشىنى ياخشى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئېرپان» لۇغەتلىرى تىل ساھەسىدىن ئېيتقاندا، كۆپ خىل تىلغا ئالاقىدار بولۇپ، ھەربىر ئاساسلىق تىل ھەۋەسكارى ئۆز ئېھتىياجىغا لايىق مەھسۇلات تىپىنى تاپالايدۇ. ئۇنىڭ مەھسۇلات تىپى تېخىمۇ كۆپىيىش باسقۇچىدا كېتىۋاتىدۇ. ھازىرقى مائارىپنى ئالغاندا، «قوش تىللىق» بولۇش ياكى كۆپ تىللىق بولۇشنى ئاساسىي مۇقام قىلىۋاتىدۇ. روشەنكى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تىللارنى ئۆگىنىش ھامان ئانا تىلنى كۆۋرۈك قىلىدۇ. «ئېرپان» سۆزلۈكلەرنى دەل، ئېنىق شەرھلەشتە بىر قەدەر ئىشەنچلىك ئىلمىي كاپالەت ياراتتى. مېنىڭچە، ئۇنىڭدىن تىل ھەۋەسكارلىرى، ئوشاق تىجارەت تەرجىمانلىرى تېگىشلىك نېسىۋىسىنى تاپتى...

بىزدە قابىلىيەت ئىگىلىرى خېلى بار. مەسىلە، قابىلىيەت تىپلىرىنى ئورگانىك تەشكىللەپ، كوللېكتىپ ھەمكارلىققا ئايلاندۇرىدىغان ئويۇشتۇرغۇچىنىڭ كەملىكىدە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. «ئېرپان» تىل، تېخنىكا، باشقۇرۇش، سېتىش قاتارلىق باسقۇچلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەم كۈچىنىڭ مۇجەسسىمى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ شىركەتتە يېتەرلىك تەجرىبە ۋە مەبلەغ يوق ئىدى. مېنىڭچە، «ئېرپان»شىركىتىنىڭ نەتىجىسى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزىگە ئىشىنىش، سەممىي بولۇش، سەۋرچان بولۇش پەزىلىتىنى مەنىۋى تۈۋرۈك قىلدى. سۈنئىي ئوبراز ۋە ھەشەمەتچىلىكنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ يۈرمىدى. «ئېرپان» يەنە كىشىلەر قارشى ئېلىپ ئوقۇغان بىر قانچە پارچە كىتابنى ئۆز مەبلىغى بىلەن نەشر قىلدۇرۇپ، مۇئەييەن سالاپەت شەكىللەندۈردى. (بىز بۇ يەردە «ئېرپان» شىركىتى نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى، يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن، يۇقىرى ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئېسىل كىتابلاردىن «ئۆزلۈك ۋە كەملىك»، «ئۆزلۈكنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»نى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز. — مەسئۇل مۇھەررىردىن). بىر شىركەت بىر ئىقتىسادىي گەۋدىلا ئەمەس، بەلكى بىر مەدەنىيەت يەرمەنكىسى. بۇ يەرمەنكىدىكى كىشىلەر ئۆز ئېھتىياجىنى قامدايدىغان نەرسىلەرنى تېپىش بىلەن بىرگە، مەلۇم ئەقلىي ياكى روھىي تۈرتكىگە ئېرىشىشى كېرەك. «ئېرپان» مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىدىيە ۋە تەپەككۇرنىڭ سۈزۈك ئۇپۇقلىرىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن مەھسۇلاتنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ دەپ قارايمەن. بۇ ھەم مېنىڭ ئۈمىدىم.

بىر مىللىي كارخانا ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز بايقاش ۋە يېڭىلاش روھى ئۈستىگە قۇرۇشى لازىم. مەدەنىيەت ئۇزاق يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن ھەرخىل ئەنئەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ بايلىق مەنبەيىمىز. مەسىلە ئۇنى بايقاشتا. ئۆز ئەنئەنىمىزنى مەركەز قىلغان ھالدا باشقا ئەللەرنىڭ ئەنئەنىلىرىنىمۇ قېزىش كېرەك. «ئېرپان» لۇغەتلىرى ئاۋۋال ئەنئەنىۋى لۇغەتلەرگە قارىتا بايقاش، ئاندىن زامانىۋى تېخنىكا ئاساسىدىكى يېڭىلاشتۇر. ئۇ، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت جەھەتتىكى بايقاش ۋە يېڭىلىققا موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ. «ئېرپان» خاسلىق ياراتقان، ئۆزىنىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تەسىرچان شىركەت بولىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭدا ئۆزىگە لايىق تەتقىقاتچىلار يادروسى بولۇشى، ئۆزىنىڭ مۇلازىمەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرەلىشى، ئۇزاق يىللىق مۇقىم ئەنئەنىسى ئارقىلىق كىشىلەر ئالدىدا يارقىن ئوبراز تىكلىشى كېرەك. بىز بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ئەقىل- پاراسىتىدىن پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز كېرەك.

بىر تۈركۈم ياش كارخانىچىنىڭ ئىزدىنىشىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ھەممەم بولۇپ كېلىۋاتقان ئوبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى يالقۇن روزى مۇنداق دەيدۇ:

— «ئېرپان» لۇغەتلىرى نازۇك تېخنىكىغا مەنسۇپ مەھسۇلات بولغاچقا، ئۇنىڭ روياپقا چىقىش جەريانى بەك مۇشەققەتلىك بولدى. ئۇيغۇرلاردا بۇ جەھەتتىكى ئۈلگە بولمىغاچقا، تامامەن دېگۈدەك تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئۈلگە قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەمما نوقۇل تەقلىد قىلىش بىلەنلا بۇ خىلدىكى مەھسۇلاتنى روياپقا چىقىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، «ئېرپان» شىركىتى تەكرار سىناق قىلىش، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا بۇ مەھسۇلاتنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇلار مەھسۇلاتنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تالاي بەدەل تۆلىدى. ئەتراپلىق، ئۆز- ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش، كۆز ئالدىدىكى ئەمەس، يىراقتىكى، كېلەچەكتىكى خېرىدارنى نەزەرگە ئېلىش روھى بىلەن ئىزدەندى. ھەر يىلى بىر- ئىككى تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىپ، تاكامۇللىشىش يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمىدىغان، خېرىدارلارنى

ئۇستاتلىق بىلەن قاقتى- سوقتى قىلىدىغان ئەخلاقىي مەسىلىنى سادىر قىلىشتىن خالىي بوپكەلدى. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھازىر كىشىلەردە پايدا- مەنپەئەتنى دەپ ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان سەلبىي ئەخلاقىي خاھىش كۈچىيىپ كەتتى. جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق تەلىپى تۆۋەنلەپ، ساختىلىق، ئالدامچىلىق سودىدىكى ئادەتتىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا بىر شىركەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كەچمەستىن چىڭ تۇرۇش ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان پەزىلەت. «خېرىدار- خۇدا» دەپ ھەم بىمەنە، ھەم يالغان شوئارنى يېزىپ قويۇپ تىجارەت قىلىۋاتقان تالاي شىركەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ خېرىدارلىرى بىلەن نورمال، ئىشەنچلىك سودا مۇئامىلىسى قىلىش ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان ئەۋزەللىك. بۇ، شۇ شىركەتنىڭ شەكىلسىز بايلىقى. شەكىللىك بايلىققا دۈم چۈشۈپ، شەكىلسىز بايلىققا سەل قاراش بىر شىركەت ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇقەررەر ھالاكەت يولى! «ئېرپان» شىركىتى دەل مۇشۇ جەھەتتە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان يول تۇتۇپ، ئۆزىگە خاس ئەنئەنە شەكىللەندۈردى. مەن شىركەتنىڭ دىرېكتورى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان چاغلىرىمدا، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئادىتىنى خېلى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن.

ياپونلارنىڭ «يۈز پروفېسسور تەربىيىلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار. بۇ سۆزنى قارىماققا سەل ئېشىپ كەتكەندەك ھېس قىلساقمۇ، ئەمما تۈرلۈك ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى پروفېسسورلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىگە باققاندا، خەلق ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئەمەلىي ئىشلىتىشچان ئىلىم نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئازلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ياپونلارنىڭ بۇ سۆزى توغرىمۇ- نېمە دېگەن ئويغىمۇ كېپقالىمىز. قارايدىغان بولساق، ئالىي مەكتەپلەردە جېنىنى تىكىپ قويۇپ پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغانلار خېلى بار. ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەرگىزمۇ جېنىنى تىكىپ قويۇپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئەمەس. شۇڭا ئالغان ئۇنۋانى پەقەت مائاشىنى ئۆستۈرۈشكىلا يارايدۇكى، خەلققە نىسبەتەن سايىسى يوغان، ئەمما مېۋىسىز قېرى دەرەختەك تۇرغىنى تۇرغان. پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىنى باشقا كىيىۋېلىپ، كۆڭلىنى ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ بولىۋەرگەن بىلەن، كارخانا ياكى شىركەت قۇرۇپ قويۇپ، ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى ھەرگىز بولمايدۇ. رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كارخانا ياكى شىركەت جەڭگاھتىكى قوشۇن ھېسابلىنىدۇ. دىرېكتوردىن تارتىپ ئىشچى- خىزمەتچىلىرىگىچە ھەممىسى ئىزدىنىش روھىغا باي، مەسئۇلىيەتچان، ھوشيار، ئەستايىدىل بولمايدىكەن، بۇ «قوشۇن» مەغلۇب بولماي قالمايدۇ. ياپونلارنىڭ يۇقىرىقى ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مۇھىم يېرى شۇكى، كارخانىچىلار بىر مىللەتنىڭ، بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەقىقەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىرىنچى، بىر مۇكەممەل كارخانا بارلىققا كەلسە، بىر مىللىي بۇرژۇئازىيە بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. بىر جەمئىيەتتە بۇرژۇئازىيە قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى سىياسىي ئاڭغا ۋە ئىقتىسادىي ئاڭغا ئىگە قوشۇننىڭ شەكىللەنگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك سىياسىينىڭ رولىنى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان يۇقىرى ساپالىق كىشىلەر شەكىللەندى دېگەنلىك. ئىككىنچى، بىر مۇكەممەل كارخانا بارلىققا كەلسە مەلىكىلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى شەكىللەندى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئىشچى- خىزمەتچىلەردە ۋاقىت ئېڭى، ئۈنۈم ئېڭى، تەشكىللىنىش ئېڭى شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتتە تۈركۈم- تۈركۈم ساپالىق ئەمگەكچىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۈچىنچى، بىر مۇكەممەل كارخانا بارلىققا كەلسە بىر تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلات، ئەڭ مۇھىمى بىر تۈرلۈك يېڭى ماركا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بۇ، شۇ مىللەتنىڭ ئىقتىساد، پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سۈپىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر كۆزنەر ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، بىز ئاكا- ئۇكا موسابايېفلاردەك پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك كارخانىچىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. تۈرلۈك كارخانا ھەم شىركەتنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى بەزى ئەگرى- توقاي مۇساپىلىرىنى، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلىرىنى توغرا چۈشىنىمىز. مېنىڭچە، بىر مىللىي كارخانىنىڭ مەۋجۇدلۇقى، تەرەققىياتى، شۇ كارخانىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن سىرت، يەنە ئادىل رىقابەتلىشىش مۇھىتىغا ئېرىشكەن- ئېرىشمىگەنلىكىگە باغلىق بولۇش بىلەن بىرگە، مىللىي كارخانىچىلىرىنى، ئۇلار قۇرغان شىركەتلەرنى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن قوللاپ- قۇۋۋەتلەپ بېرەلەيدىغان مىللىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بولۇشىغا باغلىق. بۇ نۇقتىدا مەن كارخانىچى ھەم ئادۋوكات مىجىت لېتىپ ئەپەندىنىڭ «بىز مىللىي كارخانا ۋە شىركەتلىرىمىزنىڭ ئېلانلىرىنىڭ رادىئو- تېلېۋىزىيە ۋە گېزىت- ژۇرناللارنى قاپلاپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنماستىن، بەلكى خۇشاللىنىشىمىز كېرەك. بۇ بىر جانلىنىش، يۈكسىلىش. بىز ئېلاننىڭ ئارقىسىدىكى مىللىي گۈللىنىشنى، تىرىشچانلىقنى، رىقابەتلىشىش روھىنى، ئىزدىنىش روھىنى كۆرۈشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن.

غۇلجا شەھىرى «ئېرپان» ئېلېكترون لۇغەتلىرىنى مەخسۇس سېتىش ئورنىدىن غەيرەت ئەركىن مۇنداق دەيدۇ:

— «ئېرپان» لۇغىتىنى ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئىنكاسى بەك ياخشى بولدى. ھەممىسى تولا ئوبدان بوپتۇ، مۆجىزە بوپتۇ دېيىشتى. ياشتا چوڭلار: ھەي ي... بۇرۇنراق چىققان بولسىچۇ، دەپ تىل چاكىلدىتىپ، ئالمىسىمۇ تۇتۇپ- سىلاپ بېقىپ كېتىشتى. مېنىڭچە، تىلىمىزنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىدىغان مۇشۇنداق قورال- ۋاسىتىلەر تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىلسا، باشقىلارمۇ كۆرۈپ: ۋۇي، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئوبرازلىق، گۈزەل بىر تىل باركىنا، ھەتتا مۇنداق زامانىۋى ئۆگىنىش قوراللىرى، ئۆگىتىش ۋاسىتىلىرىمۇ باركىنا، دەپ بىلىدۇ، تونۇيدۇ. ھەرقانداق نەرسە يېتىمسىرەپ قالغانسېرى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ بىر ئۇلۇغ باشلىنىش بولدى. ئەتراپىمىزدىكى قازاق قېرىنداشلارمۇ ھەۋەس قىلىپ، ھەتتا قازاقىستان تەرەپلەردىن كەلگەنلەرمۇ: ۋاي ئېست، بىزدىمۇ بولسىچۇ مۇشۇنداق ئوقەتتىن بىرەرى. دەپ قويۇشلار،

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ تىلىمىزغىمۇ ئىشلەپ بەرسۇن، دەپكىتىشتى. بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەستىن، ياخشى ئىزدىنىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئىشنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. خەقلەرگە ئۆزىمىزنىڭ يىغىرىنىلا ئەمەس، پەزىلىتىمىزنىمۇ كۆرسىتىپ قويايلى. تىرىشسۇن شۇ باللار...

ئۈرۈمچى شەھىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئابدۇمجىت مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن «ئېرپان» لۇغىتىنى سېتىۋالغىلى ئىككى يىلچە بولدى. ئۇنى سېتىۋېلىپلا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىغان. شۇندىن بېرى يېنىمدىن ئايرىلىپ باقمىدى، كوچىلاردىمۇ ئېلىپ ماڭىمەن. بىلمەيدىغان سۆز ئۇچرىسىلا يېنىمدىن چىقىرىپ ئاختۇرىمەن. ئىلگىرى دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇغاندا بىلمەيدىغان سۆز ئۇچراپ قالسا بەزىدە ئاختۇرۇشقا ئېرىنىپ تاشلاپ قوياتتىم. چۈنكى لۇغەت ئاختۇرۇش ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ھەرقاچان ئېغىر لۇغەتنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولمايدۇ ـ دە. ھازىر يېنىمدا ھامان ئېلېكترون لۇغەت بار. يېڭى سۆز ئۇچرىسىلا ئىزدەپ ئۆگىنىمەن، سۆز يادلايمەن. فورمۇلا، تېئورمىلاردىن پايدىلىنىمەن. چارچىسام ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلايمەن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ماڭا چوڭ پايدىسى بولدى.

شىنجاڭ «ئۇلتاش» مەكتىپىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئوبۇلقاسىم مۇھەممەدىي مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق لۇغەت ئىشلىتىشىنى قوللاپ كەتمەيتتىم. ئەنئەنىۋى لۇغەتنى ئىشلەتكەندە بىر سۆزنى ئاختۇرۇش باھانىسىدا يەنە باشقا سۆزلەرنىڭمۇ مەنىسىنى كۆرۈپ، بىلەلەيدۇ، ئىنچىكە ئۆگىنەلەيدۇ دەپ قارايتتىم. شۇڭا سىنىپتا ھېچكىمنىڭ ئېلېكترونلۇق لۇغەت ئىشلىتىشكە رۇخسەت يوق دەپ ئېنىق جاكارلاپ تۇرىمەن. ئەمما بىلىپ تۇرىمەن، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن سېتىۋالغۇدەك ئىقتىسادى بارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېلېكترونلۇق لۇغەت ئىشلىتىۋاتىدۇ. بىر لۇغەتتە كۆپ خىل يۈنىلىشتىكى تۇرمۇش ـ تۇرمۇش لۇغەتتىن نەچچىسى بولغاندىكىن، يەنە كېلىپ يەڭگىل، چاققان بولغاندىكىن، ئىنسان تەبىئىي ھالدا قانچە قولاي نەرسىگە شۇنچە ئىنتىلىدىغان گەپكەن. ھەتتا چەت ئەللەرگە ئوقۇش ياكى تىجارەت، زىيارەت سەۋەبىدىن ماڭغان تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ بىردىن كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى كۆردۈم. چوڭ لۇغەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئەپسىز ـ دە. قارىغاندا، بۇ، بىز تەبىئىي ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىدىغان رېئاللىق بولسا كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى 58 ـ ئوتتۇرا مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جەن گېگې (战戈戈) مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەكتىپىمىزگە ھەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىۋاتىمىز. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇن ئۆز ئانا تىلىدا ـ ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان. مەكتىپىمىزگە كەلگەندىن كېيىنلا بىۋاسىتە خەنزۇتىلىدا دەرس ئاڭلايدۇ. بۇرۇن خەنزۇتىلىنى ھەرقانچە ياخشى ئۆگەنگەن بىلەنمۇ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق كەسپچانلىقى كۈچلۈك دەرسلەردە بەزى ئاتالغۇلارنى ھامان چۈشىنەلمەي قالىدۇ. دەرس ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مۇئەللىملەر. بىز چۈشەندۈرۈشكە، ئۇلار چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ، ھەتتا كىچىككىدىن باشلاپ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھازىر «ئېرپان» بىزنىڭ ئارىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان تەرجىمانغا ئايلاندى.

...

بىز سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ئەمدى توختاشقا مەجبۇرمىز. بىز يەنە نۇرغۇن ئىشلەتكۈچى، كۆزەتكۈچىنىڭ پىكىر ـ ئىنكاس، باھاسىنىمۇ ئاڭلىشىمىز كېرەك ئىدى. ۋە يەنە ھەربىر كارخانىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مۇئەييەن مەجبۇرىيىتى بولىدۇ دەپ قارايدىغان «ئېرپان»نىڭ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىپ تۈرلۈك مۇسابىقە، مۇكاپاتلاش، تەبرىكلەش پائالىيىتى، باللار بايرىمى، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئاشۇ پائالىيەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىش، ئاشۇلارنىڭمۇ تەسىراتىنى ئاڭلاش كېرەك ئىدى. كەمىنە يەنە «ئېرپان»نىڭ مال سېتىش تىزىمىدىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، كورىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، مىسىر، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن چەت ئەللىكلەردىن بىر مۇنچىسىنىڭ ئىسمىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۆت ـ بەش لۇغەت سېتىۋالغانلىقىنىڭ خاتىرىسىنى كۆرگەنىدى. يازغىلى تۇرساق ئاشۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تەسىراتى بار بولغىيتتى. ئاشۇلارمۇ «ئېرپان»، ئىلىم ـ ئېرپان روھىنى قۇچاقلاپ كېتىۋاتقان بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز، بىز، بىزنىڭ ئىزدىنىشلىرىمىز ھەققىدە ئۆزگىچە نۇقتىلاردىن پىكىر ـ تەسىراتىنى دەپ بېرەر بولغىيتتى. ئەپسۇس، ئۇلار بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بولالمىدۇق. مەيلىلا، بىزنىڭ «ئېرپان» ھەققىدىكى باھا، تونۇشىمىز ئۇلارنىڭ تەسىرات ـ تەستىقىسىزمۇ ئېنىق ـ ئايدىڭغۇ. بولدى قىلايلى، بىز ئەمدى «ئېرپان»غا تىلەك تىلەيلى، ئۇنىڭ تېخىمۇ نەتىجىلىك ئىزدىنىشىنى، ئېلېكترون لۇغەتلەرنىڭ تېخىمۇ سەرخىللىرىنى ياساپ، خەلقىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇشىنى، ئۆز سەممىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ، بىزنىمۇ، سىزنىمۇ خۇش قىلىشىنى تىلەيلى.

«ئېرپان»لىقلارمۇ توختاۋسىز تىرىشىدىغانلىقىنى، خەلقىمىزگە ياخشىلىق تىلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاڭلاڭ:

ـ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئېلېكترون تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ خەلقىمىزنىڭ تىل ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ ئالاقە ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىش. بۇ، جۇڭگو ئېلېكترون ساھەسىدىكى يېڭى بىر مەزمۇن. ئەمەلىيەتتە، بىز سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىمىزكى، بىزنىڭ جۇڭگودىكى باشقا كۈچلۈك ئېلېكترون شىركەتلىرىگە ئوخشاش يۈرۈشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىمىز يوق. مەبلىغىمىز چەكلىك. ئەمما بىزدە ئاستا بولسىمۇ سالماق قەدەمدە ئىلگىرىلەش، تەرەققىيات ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى، كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇش ۋە ئۈمىدۋارلىق بار. خەلقىمىزنىڭ

بىزگە ئىشىنىشنى، ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئورتاق تىرىشايلى، ھەقىقىي ئادەمگە خاس سۈپەت-ساپادا مەنىلىك ياشاش ئۈچۈن ئىزدىنەيلى...

* * *

بۇنى ئوچېرك دەمسىز، ئەدەبىي ئاخبارات دەپ بىلەمسىز ياكى ئېلان-مەدھىيە سۈپىتىدە چۈشىنەمسىز، مەيلى-ئىختىيارىڭىز. ئوقۇرمەنلىك يەككە-يېگانە خوجايىنلىقىغا ئوخشايدۇ. بىز ئۆزرەئىي تەۋەززۇ بىلەن مۇشۇنداق بىر تېمىغا تۇتۇش قىلدۇق ۋە سىزگە بۇ يازمىنى سۇندۇق. بىز دېيىشمەدە گەپ بار. بۇ تېما ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىش پېقىرنىڭ ئىپسىيادىغىمۇ، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان، «ئېرپان»دىكى يىگىتلەر بىلەن ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېيىشىپمۇ باقمىغان بىر چاغدا بىر نەچچە ئەزىز مۆھتەرەم مۇشۇنداقراق تېمىدا بىر ئىش قىلىشنىڭ تولا ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلىشتى. بىر ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم، ئاي ئەمەس، يىل ئاتلاپمۇ بۇ گەپ نەچچە رەت تەكرارلاندى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تولا قاقشاپتۇق، زارلاپتۇق، كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ، ئىللەتلەرنى سۆكۈپ-قامچىلاپتۇق. ئەمما قانداق ئىزدىنىش، زادى نېمە قىلىش، قانداق قىلىش ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېگەنلەر ئاز بوپتۇ. دېسىمۇ مەۋھۇم بوپقاپتۇ. ياشلىرىمىزغا، كىشىلىرىمىزگە ئۈلگە، ئىلھام، رىغبەت بولغۇدەك تىپلارنى ئوتتۇرىغا چىقارماپتۇق. ئەمدى شۇنى قىلىش كېرەككەن. شۇنداق قىلساق تېخىمۇ مەنىلىك بولىدىكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن «ئېرپان»نىڭ باسقان ئىزلىرىنى ۋاراقلاپ بېقىشقا ئەرزىيدىكەن...

خوش دېدۇق، ئەمما ئويلاندۇق. ئويلانماي بولمايتتى. كەلسە-كەلمەس، ئەرزىمەس ئىشلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ قويۇپ، ئاخىرىدا سايرىغان تىل، يورغىلىغان قەلەم، ماغزاپ قايىنىغان ئېغىزنى تىققىلى يەر تاپالماي قالىدىغان ئىش بوپقالسا بولمايتتى. شەيتاننى پەرىشتە، ئالۋاستىنى ساھىبجامال، قويمىچى-كازازاپنى ساخاۋەتچى، قوتۇر ئېشەكنى تاۋۇس ئەللىدىن قىلىپ كۆرسىتىپ قويساق چاتاق چىقاتتى. ئوقۇرمەنلەرنى، ئىستېمالچىلارنى، خېرىدارلارنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدىغان گەپ ئىدى. خوش دېيىش، ئەمما ئويلىنىش، ماقۇل دەپ قويۇپ تونۇش قىلماسلىق، ھە دەپ قويۇپ قەلەم ئالماسلىق، ئەكسىچە سىرتتىن، نېرىدىن، ئۇنىڭ-بۇنىڭدىن گەپ تىڭشاپ يۈرۈش شۇ ۋەجىدىن ئىدى. ئاخىرى كۆڭۈل توختىدى، كۆز يەتتى. ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ پەزىلىتى، مۇستەقىل ھاياتلىق قارىشى، پاكىز تۇرمۇش پرىنسىپى، ئىش بېجىرىشتىكى سەمىمىيىتى، خالىسلىقى، ھەشەم-دەرەمدىن خالىي، ئاددىي-ساددا، تىنىمسىزلىقى مۇئەللىپتە زوق قوزغىدى، كۆڭۈللەرنى يېقىنلىق ھېس قىلدۇردى. «ئېرپان»نىڭ يولى، ئىلىم-ئېرپان ئارقىلىق يۈكسىلىشنى ئىدىيە-نىشان قىلغان كارخانا روھى دىلدا قايىللىق، تىلدا ھاياجان قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيە-قاراش، ئىزدىنىش روھى، ئادەمدەك ياشاشقا ئىنتىلىدىغان پەزىلىتى ۋە شۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلالايدىغان كەسكىن پرىنسىپلىق تۇرمۇش مىزانى بىلەن مۇئەللىپنىڭ ئۆمۈر تەۋسىيىسى ئارىسىدا يېقىنلىق چىقىپ قالدى ۋە بۇنىڭ تەۋسىپ-تەرىپىنى قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشەندى، بۇنىڭدىن ئوقۇرمەنلەرگىمۇ نەپ تېگىدىغانلىقىغا كۆڭۈلدە شەك، كاللىدا گۇمان، يۈرەكتە ئەندىشە قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرزىمەس قولغا قەلەم ئېلىندى. ئەمما ئۇنىڭ يېزىۋاتقاندىمۇ، ھازىرمۇ تىلەيدىغىنى شۇكى، يازغانلىرى راست بولغاي ۋە مەڭگۈگە راست تۇرغاي!

2008-يىل 1-يانۋار، ئۈرۈمچى

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە 2006-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ژۇرنىلىمىزنىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى (M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئورۇن تاشلانمىغان، ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز-جۈملىلەر گراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس؛

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، كەينىدە ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. ژۇرنال تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، تويلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئەقىدە غەرىبانلىرى

ئابلەت ياسىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەقىدە تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر دەماللىققا دىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ دىن ۋە دىنىدىن ھالقىغان ئېتىقاد بولۇپ، ماركسىزممۇ بىر خىل ئەقىدە، سەپسەتىگە تولغان فالۇن گۇڭسىمۇ ئوخشاشلا بىر خىل ئەقىدە. ئەقىدىنى دىنغا باغلاپ چۈشەندۈرسەك، پىكرىمىز بەكلا چولتا بوپقالىدۇ، چولتا پىكىردىن ھەممىنى قايىل قىلارلىق يەكۈن چىقىشى ناتايىن. مەن ئومۇمىيلىق ئىچىدە تۇرۇپ، ئادالەت ئۈچۈن بەرپا بولغان ئىلھام تىمسال ئۆزلۈك ۋە خاسلىققا ئائىت بۆلەكلەردىن ۋۇجۇد پۈتۈكلىرىنى تىزىپ باقماق بولدۇم.

بىز تەلەپ قىلىدىغان ئەقىدە — ئۆتمۈشنى ھازىرغا باغلايدىغان، ھازىردىن كەلگۈسىگە سوزۇلغان، قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ ئادەمنىڭ ئىدراك، ئىرادە، ۋىجدان قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئىگىلەيدىغان روھىي پائالىيەت، شۇنداقلا رېئاللىقنىڭ ئەمەلىي ماھىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان زېھنىي پائالىيەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭدا رەت قىلىپ بولماس ھەقىقەتلەر ۋە كامىللىققا تولغان ئۇلۇغۋار ئەھمىيەتلەر ياتىدۇ. ئۇ، ئىنسانلارنى ئەڭ مەنپەئەتلىك ماددىۋىي، مەنىۋى، ئەقلىي، نەقلىي تەرەپلەردىن مۇكەممەللەشتۈرىدىغان، شەخس، كوللېكتىپ، دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغان ھىدايەت يولىدۇر.

بىز تەشەببۇس قىلىدىغان ئەقىدە ئىنسانپەرۋەر كېلىدۇ، ئىنساننى پەزىلەتنى قوغدايدۇ، پۈتكۈل خەلققە كۆڭۈل بۆلىدۇ. دۇنيا ھەقدارى بولمىش ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنى ئۆزىگە مۇناسىپ ھوقۇققا ئىگە قىلىدۇ. تەبىئەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئايايدۇ. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق، جىنسىي، مىللىي كەمسىتىشكە ئۇرۇن بەرمەيدۇ. دىلىدا ئىنسانىيەت باراۋەرلىكى ۋە قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنسان خاھىشىنى مەيلىگە قويۇۋەتمەستىن بەلكى ئۇنى ھېكمەتلىك ئۇسۇل بىلەن توغرا قېلىپقا چۈشۈرىدۇ.

بىز دېگەن ئەقىدىدىن يارىملىق ئىنسان نىشان قىلىنىدىغان بولۇپ، پاكلىق ئۇنىڭدا مۇجەسسەم بولىدۇ. ئۇنداق ئىنسان نەپسى - خاھىشى ئۈستىدىن مۇتلەق بولمىسىمۇ لاياقەتلىك ھالەتتە غالىب كېلىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن ھەق نۇرلىرىنى تارقىتىشقا تىرىشىدۇ، ئۆزى قوبۇل تاپقان ھەقىقەتكە باشقىلارنىمۇ چاقىرىق قىلىپ، بەھرىمەن بولغان لەززەتتىن تەڭ ھۇزۇر ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەقىدە قانداقتۇر كىشىلەرنى بوغۇش، قورقىتىش ياكى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يېتەكلەش، يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىنسانىيەتكە جۇملىدىن ھەقىقەت يوللىرىغا ئات سېلىشنى خالايدىغان، كەمتەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ خالىسلىق بىلەن كۈچ چىقىرىلىدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ خىل ئەقىدە سەل قارىغۇچىلار تەرىپىدىن ئىسراپ بوپكەتسە (بۇنداق قىلغۇچى بەلكىم سىز بوپقېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن)، ئۇنداقتا چوڭ بىر بەخت زايە بولغان بولىدۇ.

ئادالەتلىك ئەقىدە مۇمكىن بولمايدىغان ياكى ئىنسانغا زىيادە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان قىممەت قاراشلارنى ئىنسانلارغا مەجبۇرىي تاڭمايدۇ. زورۇرىيەت ئىشلاردىن باشقىسىنى ياخشىلىققا بەلگە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويىدۇ، پەقەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بىجا كەلتۈرمىگەنلەرنى ئەيىبلىمەيدۇ. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەقىدە ئەمەل ياكى مەرتىۋە بولماستىن، مەجبۇرىيەت - مەسئۇلىيەتتۇر. شۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇچى باھادىر سەرخىللار ئۇنى ئۆزى خالاپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. سان ئەمەس، سۈپەتكە دىققەت ئاغدۇرۇلىدۇ. مۇنداق ئەقىدە

سالام، توغرا يولغا ماڭغان كىشىلەر

ۋەھدىتىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى غايە ۋە نىشاندا يۈكسەك بولۇپ، ئۆز تەبىئىتىدىكى بوشلۇقلارنى مۇقەددەس ئىلھاملاردىن قاندۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئەقىدىنى يۈكسەك غايىگە كۆۋرۈك قىلىدۇ. ئەقىدىنى ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئورتاق غايە ئاستىدا ئىززەت ۋە شەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇنداق ئەقىدە ئەگەر توغرا ئەھكاملار بىلەن تۇرغۇزۇلمىسا ياكى مۇقەددەس تەلىملەردىن بىخەۋەر قالسا، پەقەت قۇرۇق ئارزۇ- ئارمانلار بىلەنلا كۇپايىلەنسە، غەلىبە بىلەن ئەمەس بەلكى زالالەت سۈپىتىدە مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

بىز ئۈمىد كۈتكەن ئەقىدە ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئاساسلارغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانلارغا بىر مەزگىللىك ئەمەس، مەڭگۈلۈك مەيدان ئاتا قىلىدۇ. ئەبەدىيلىك ئۇنىڭ كەسكىن تەلىپى. ئۇنى قوبۇل قىلىشتا زورلاش يوق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قايىللىقى مايىللىقىنىڭ نېگىزى بولىدۇكى، ئۆلۈك- قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. تەپەككۇرغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ، تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىغا رىغبەت بېرىدۇ. تەپەككۇر كۈندىلىك كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ، گۇمان ۋە ئىككىلىنىشتىن خالىي بولۇپ، ئۆز ئەقىدىسىگە چىن قەلبىدىن مۇھەببەت بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭدا ئەقىلنىڭ شولىسى، قەلبنىڭ شەكسىز تەستىقى، ھېسسىياتنىڭ مەيلى بولىدۇ.

مۇكەممەل ئەقىدە مۇستەھكەملىكتە ئۆز پۈتۈنلۈكىنى تاپىدىغان بولۇپ، ئۇ روھىي، ماددىۋىي جەھەتلەردىكى ھەممە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، بىرگەۋدىلەشكەن قامۇس خاراكتېرلىك دۇنيا قاراش بولۇپ، ئۇ بىرەر تەبىقىنىڭ ئەمەس بەلكى ھەقىقەتكە كەڭ قۇچاق ئاچقان بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىدىسى. ئۇنىڭدا مەيدانسىزلىققا ئورۇن يوق. «سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى»غا ئەمەس، بەلكى روشەن تەۋەلىك مەسىلىسى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاسمان- زېمىندىكى ئاجايىباتلارنى رېئاللىقتىن چىقىپ مۇلاھىزە قىلىپ، ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن تەپەككۇر مېۋىسىگە ئىگە بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇستەھكەملىك قاتماللىق، مۇتەئەسسىپلىك ئەمەس، رادىكاللىق تېخىمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن جىسمى پارچىلىنىپ كۆكۈم- تالقان بوپكەتسىمۇ ئۇنىڭدىن تايمايدىغان ئىرادىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، زېمىننىڭ قوزۇقى بولغان تاغلار يۆتكەلسە يۆتكىلىدۇكى، مۇستەھكەم ئەقىدە ئۆز نىشانىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

بىزنىڭ ئۆزىمىز ئىشەنچ قىلغان ئەقىدىمىزگە شۇنداق بىر تەستىقىمىز بولۇشى كېرەككى، گۇمان ئۇنى تەۋرىتەلمەيدىغان، ھادىسە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، تۇيغۇ ئىككىلەنمەيدىغان چىن پۈتۈم بولۇشى كېرەك. يەنە ئەقىدىمىز شۇنداق ھالەتتە بولۇشى كېرەككى، ئەقىل ئۇنىڭدىن قانائەت تېپىشى، قەلب ھەرىكەتلىنىشى، ئىرادە ئۆز يۆنىلىشىنى تېپىشى كېرەك. ئىچكى - تاشقى ئەزالار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەشكە كىرىشىشى زۆرۈر. يەنە شۇنداق بولۇشى كېرەككى، بىزدىكى كۆز قاراش ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. ئەقىدىمىز ساغلام بولغان تەبىئىي ئېڭىمىزنى قوزغىتالىشى، ئاندىن بىز شۇ ئارقىلىق بىۋاسىتە ئۆزىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالايدىغان ھالەتكە يېتىشىمىز لازىم. ماھىيەتتە شەخس ئەقىدە ئارقىلىق ئۆزىنى بىلىدۇ؛ ئۆز ئورنى ۋە ھۆرمىتىنى ھېس قىلىدۇ؛ جەمئىيەتتىكى قىممىتى ۋە ھەم سالمىقىنى ئاڭقىرالايدۇ؛ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەقسىتى ۋە ھايات ۋەزىپىسىنى تونۇيدۇ؛ روھىي مەمنۇنلۇق بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىدۇ. ئىنسان توغرا ئەقىدە ئارقىلىق يۈكسەك پەللىگە ئۆرلەيدۇ. چۈنكى كىشى ئۆز ئەقىدىسى ئارقىلىق سالاھىيەتلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئالاھىدىلىك تاپىدۇ، جەلپكار بولىدۇ.

بىزنىڭچە بولغاندا، ئىنسان ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ياشايدۇ ۋە ھەم ياشىشى كېرەك. ئەقىدىسى توغرا ئادەم نەپسىنىڭ ئىچكى توقۇنۇشلىرىدىن غالىب ياشايدۇ. ئەقىدە بولسا ئىنسانىي خاراكتېرنى چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، تەلىماتلىرىنى ئىنسان ماھىيىتىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىنسانغا ئېسىل خاراكتېر بەخش ئېتىشكە مايىل بەلكى نائىل بولۇپ، شەخسنىڭ يامان خاراكتېرىگە تىزگىن سېلىپ، ئۇنى ھىدايەت تاپقان ئەقىلنىڭ باشقۇرۇشىغا، ساغلام تەبىئەتنىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇندۇرىدىغان قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ۋاقتىنى قەدىرلىشى، ئۇنى ھەر ۋاقىت ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ بىھۇدە قولدىن كېتىشىنى نادانلىق جۈملىسىدىن سانايدۇ.

ئەزگۈ تىلەكلىرىمىزگە تەڭ بولغان خالىس ئەقىدىلىرىمىز ھازىرچە گەرچە بىزنى مۇنتەزىر ئىقبالغا يەتكۈزەلمىسىمۇ، ئەمما كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى دۇنيا مۇئەممالىرى بىر كۈندىلا بۇ ھالغا كېلىپ قالغان ئەمەس، يەنە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ كىرىزىستىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتەلىشى ناتايىن. ئەمما مەيۈسلەنمەيمىزكى، دۇنيا پارلاق ئىستىقباللارنى ئۆز ئەقىدىسى قىلغان، ئاداققىچە كۈرەش قىلىش روھىغا باي شىرمەتلەر بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت- سائادىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇساپىسى ئۇزاق، بەدىلى بىھېساب مەنزىل. مۇشۇ مەنزىل ئۈچۈن ئىنتىزارلار، جانپىدالىق بىلەن كۈچ چىقارغۇچىلار، ۋە ھەتتا گېزى كەلسە ئىككىلەنمەي قۇربان بەرگۈچىلەرلا بولىدىكەن، ئۇ ھامان رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنداق، ئىنساننىڭ مەيۈسلىنىشىگە ھەققى يوق. ئۆزىگە بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن سان- ساناقسىز ئىمكانىيەت ئالدىدا ئۇ ھامان قەددىنى تىك تۇتۇشقا ھەقلىقتۇر. چىن، كامىل ئەقىدىلا بولىدىكەن، سۈزۈك ئەتىدىن بىز ھەرۋاقىت ئۈمىدۋار. مەرھابا، كېلىڭ، چىن ئەقىدە يولىغا قويغان قەدەملىرىڭىزگە خۇش مۇبارەك. ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك «سالام، توغرا يولغا ماڭغان كىشىلەر».

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ فولكلور بويىچە 2006- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى (M3)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تەنھا ھەقىقەت ۋە كۆيۈك شان-شەرەپ

(دىلبايان)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

پىكرىي مۇھىت قويۇق بولمىغان جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان پىكىرلىك ئادەملىرىنى يېتىم قالدۇرىدۇ، ئۇلارغا ئازار بېرىدۇ. نام- ئاتىقى بارلىرى نام- ئاتاقتىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلارنىڭ ئىزدەش ئوبيېكتى بوپقالىدۇ. ئۇلارنىڭ كەم ئۇچرايدىغان مېھنەتلىك مەنىۋىيىتى تىرىكچىلىك تۇزانلىرى ئارىسىدا قېلىپ، كۆزگە چېلىقمايدىغان مەۋھۇم نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھاجەتنى راۋا قىلىشنى نىگىز قىلغان كىشىلىك ئالاقە تورى ئادەملەرنى سەمىمىيلىكتىن، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى بىۋاسىتە مەنپەئەتكە سۆرەپ ئاپىرىدۇ. ئۆز قوۋم- قېرىنداشلىرىنىڭ قىسمىتى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە يالقۇنجاپ تۇرۇپ ئويلىنىدىغان كىشىلەر مازغاپ شان- شەرەپ، يالغان مۇھەببەت، غەرەزلىك مۇناسىۋەت تورى ئىچىدە ھالسىراپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا باشلايدۇ. بۇ ھال كىشىگە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

*مېنى مېن ئىستىگەن يار سۆھبىتىگە ئەرجۇمەند ئېتمەس،*
*مېنى ئىستەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆڭلۈم پەسەند ئېتمەس.*

مەنىسى: مېنى مەن ئىستىگەن يارنىڭ سۆھبىتىگە سازاۋەر قىلمايدۇ، ئەمما، مېنى ئىستىگەنلەرنىڭ قەلبىگە پەسەنت قىلغۇم كەلمەيدۇ.

ئىستەلگەن نەرسىلەر دىلغا تايىن بولىدۇ، ۋىسال ئىشتىياقى ئۆمۈرلۈك مەنا سەپىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىستەلگەن يار

## روھ چۇقانلىرى

شائىر ئۆزىلا ھېس قىلالايدىغان سىيما بولۇپ، شائىر قەلىمىدىن تۇغۇلغان مىسرالارنى ئاشۇ سىيمانىڭ غايىۋى قۇدرىتىدىن تەپكەن ئىلھامنىڭ كۆلەڭگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا، مەنىۋىلىك پاكى ماھىيەت ئىزدىگەن ئادەم ماددىي تەمە غەۋغالىرى ئىچىگە غەرق قىلىنغاندا، ئۇنىڭدا قانداق ھال يۈز بېرىشى مۇمكىن؟

تەنھالىق ۋە غېرىبلىق ئىنسانلارنى ھەقىقىي سۆيگەن بارلىق كىشىنىڭ ئورتاق تەقدىرى. قايسى پەيغەمبەر، قايسى داھىي، قايسى قەھرىمان، قايسى غۇرۇرلۇق پىكىر ئادىمى غېرىبلىق دەشتىدە ئازابلانمىغان!؟ كۆپ ساندىكى كىشى ئۆزلىرىنىڭ كىچىككەن ئەقلى بىلەن ئۇلارنى ئۇلارنىڭ غەلبىسىدىن كېيىن سۆيگەن. لېكىن چىنلىقنىڭ كەلگۈسىدىكى قۇدرىتىنى بالدۇر سېزەلەيدىغان زەكىيلەر ھامان مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. كەلگۈسىنىڭ جەۋھىرى ئاشۇ دانالارنىڭ تەبىئىتى، پىكرىي تەلقىنلىرىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھەربىر تارىخىي بۇرۇلۇشنىڭ يىلتىزى بىدئەتكە قارشى ئىسيانكارلىقتا يېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى بىدئەت ئالدى بىلەن تەپەككۇر ۋە قىممەت قاراشتىكى، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ بارلىق مۇئەسسەسەسىدىكى ماھىيەتلىك بولمىغان سىستېمىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاھ، ئۆزىنىڭ زامانداشلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان ئادەملەرنىڭ تەنھالىقى نەقەدەر قايغۇلۇق! يېقى ئەدىبىدىكى كىشىلەر كۆپ ھالدا سۈرگۈندىكى پارتىزانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاراھىتىنى ئۆزلىرى ئەملەشكە، ئۆزلىرىنىڭ سۇنۇقىنى ئۆزلىرى تېڭىشقا مەجبۇر.

بازار دەۋرى كىشىلەرنىڭ نەپسىنى تېزلىك بىلەن ئۇلغايتىۋەتتى. كىشىلەر بېيىش ئۇچۇن قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقتا ياتسىدىغان تەرەپلىرىنى تۈزۈك ئويلانمايلا دوغا

تىكمۇەتتى. باي ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى بىچارىلىكىنى بارغانسېرى ئاشكارىلىدى. بىنالارنى، سەنئەت ئەسەرلىرىنى، ساياھەت نۇقتىلىرىنى، كىيىم- كېچەكلەرنى، ھەتتا ئادەملەرنىڭ قىياپىتى، چاچ پوسۇنلىرىنى ئەسلى مەنبەگە تەقلىد قىلغان كوپىيىلەش (نۇسخىلاش) بازار دەۋرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولدى. بازار بىلەن ھوقۇق ئۆزلىرىنىڭ شېرىكچىلىكىنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ، رەسمىي سورۇنلاردىكى ئىبارىلەرمۇ كوپىيىلەنگەن ھالدا ئېيتىلىپ، مېخانىك كوپىيە (机械复制) ھەممە يەردە ئومۇملاشتى.

بىر ئادەمنىڭ تەنھالىقى ئەگەر ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، بۇنداق تەنھالىقتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ھامان سۈزۈك پىكىرلەرنىڭ بۇلىقى بولالايدۇ، ئۇنىڭ ئېقىنلىرى ئۆزىگە خاس ھاياتلىق گىياھلىرىنى سۇغۇرۇپ تۇرالايدۇ.

مەن باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادەم. مېنىڭ تەنھالىقىمنىڭ مەنبەسى دەل باشقىلارنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىشى ئىچىدە ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. جەمئىيەتتىن مۇستەسنا ھالدىكى تەنھالىقنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولىدۇ.

تەنھالىقىم تازا كۈچەيگەندە، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مۇڭدىشىمەن. روھىم ھەرخىل ئۆزلۈكنىڭ دىئالوگلىشالايدىغان سەھنىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى چىنلىقتىن ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن. ۋاپاسىز كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ تورىدىن يىراق تۇرغان ئۆزۈمدىن خېلى رازى بوپقالىمەن.

شۇ تاپتا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈمنىڭ بىر مەيدان پاراڭلاشقۇسى كەلدى. پاراڭلىشىۋاتقان بۇ ئىككى ئۆزلۈكۈمگە A ۋە B دەپ نام بېرەي. بۇ كۈنلەردە كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە بىر نەرسە كۆرسەتكۈم يوق، زامانىنىڭ خۇلق- ئەلپازىنى ئوبدان ھەزىم قىلغۇم بار. بوپتۇ، يەنە بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلاي.

ئىشىكلەرنى دۈملىدىم، تېلېفونلارنى ئۈزدۈم، ئۆزۈمنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. قۇلاق سالسام، ئىككى ئۆزلۈكۈم سۆھبەتلىشىۋاتقانىدى:

A: شان- شەرەپكە قىزىقامسەن؟

B: ياق دېيەلمىسەم كېرەك.

A: سەن ئازراق شان- شەرەپكە ئېرىشكەندەك قىلامسەن؟

B: شۇنداق.

A: ئۇنىڭدىن بەخت ھېس قىلالىدىڭمۇ؟

B: ياق، بەخت ھېس قىلالمىدىم. ئەكسىچە، ئازاب ھېس قىلدىم.

A: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

B: شان- شەرەپ بىزدە باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. باشقىلار ساڭا بىر نەرسە بەرسە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن. ھەركىمنىڭ بەرگىنى ئۇنىڭ مەنۋىيىتىدىكى ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سېنىڭ ئېرىشكىنىڭ بەرگۈچىنىڭ سۈپىتىگە لايىق نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. ئاۋام مەۋھۇم بىر ئۇقۇم. ئۇنى ھەربىر كىشى ئۆز مەقسىتىگە لايىق ئىستېمال قىلىدۇ. ئاۋام بىر سودىگەر ئۈچۈن پايدا ئېتىزى، سىياسىيون ئۈچۈن قارتا. ئاۋامنىڭ مەنىسى ۋە مۇقەددەسى ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سېنى مەدھىيىلىگەنلەر سېنىڭ ھالسىرىغان ھالىتىڭنى قارغىشى مۇمكىن. ئاۋام ئېقىۋاتقان دەريا، ئۇ سېنى چۆكتۈرىدۇ ھەم لەيلىتىدۇ. ئۇلار شان- شەرەپ بەرگىنىدە، كۆپىنچىسى كورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلاردىكى قىزغىنلىق تۈپەيلى سەن ئەسلى سۈپىتىڭنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بوپقالىسەن. ئۆز- ئۆزۈڭگە بولغان ئوبيېكتىپ باھادىن يىراقلايسەن. سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر سېنىڭ ئوبرازىڭنى قۇرۇپ چىقىۋېرىدۇ. بەلكىم سەن ھەقىقىي ئۆزۈڭنى مەۋھۇم ئۆزۈڭگە ئەگەشتۈرۈپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى بىر كۈنى كۆپۈكتەك بەربات بولىسەن.

A: ئۇنداقتا ئۇ خەتەرلىك نېمە ئىكەن- دە.

B: شان- شەرەپ پۇل ۋە ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى بوپقېلىۋاتقان ھازىرقى كۈندە ئۇنى خەتەرلىك نەرسە دېيىشكە مەجبۇرمىز. ئەگەر ئۇ ئادەمنى ئەقىل- ھوشىدىن، تېگىشلىك غۇرۇرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسە بوپقالسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شان- شەرەپ كىشىنى مۇئەييەن نوپۇزغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭغا سۇنئىي رەۋىشتە ئېرىشىشى مۇمكىن. چولپانلارنىڭ ھاياتىدا شان- شەرەپ ئۈچۈن يۈز بەرگەن رەزىللىك مىساللىرى كۆپ بولىدۇ.

A: قايسىدۇر بىر دانا: «ئۆزلۈكنى يوقىتىپ دۇنياغا ئېرىشكەننىڭ نېمە پايدىسى بار» دەپتىكەن.

B: دۇرۇس ئېيتىلغان. شان- شەرەپ تىرىك بىر ئىنساننىڭ باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلىنىدىغان قەبرىسىگە ئايلىنىپ قالسا تولىمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ. خەنزۇ شائىرى بېيداۋ (北岛) مۇنداق دېگەنىكەن:

*پەسكەشلىك پەسكەشلەرنىڭ يولخېتىدۇر،*
*ئالىجانابلىق ئالىجانابلارنىڭ ئابىدىسى.*

— «جاۋاب»تىن

پەسكەشلىك سەلبىي ئۇقۇم، ھەتتا پەسكەشلەرمۇ بۇ سۈپەتنى ئاشكارا قوبۇل قىلالمايدۇ. ئادەملەر پەسكەشلىكتىن بىزار بولۇپ تۇرۇقلۇق، پەسكەشلەرگە نەپرەتلەنمىسە، پەسكەشلەر جامائەت ئەخلاقىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىمىسا، ئەخلاق ئاجىزلارنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلىنىپ قالسا، پەسكەشلەر ھەربىر قەدەمدە مەقسىتىگە يېتىپ شەرەپ قۇچۇۋەرسە، ئالىجانابلار ئۈن- تىنسىز تۈگەيدۇ. ھەتتا ئۇ ئالىجانابلىقنىڭ تۇتسا تۇتقىلى، كۆرسە كۆرگىلى بولىدىغان بىرەر تال بەلگىسىمۇ ئېرىشەلمەي قالىدۇ. تراگېدىيە شۇ دەرىجىگە بارىدۇ: پەسكەشلەرمۇ ئالىجانابلىق قالپىقىنى كىيىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدا ھەق- ناھەقنى ئايرىيدىغان دەستۇر بار بولسىمۇ، بۇ دەستۇرنىڭ مەزمۇنلىرى كىشىلەرگە سۇدەك يادا بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ يەنىلا ناھەققە سۈكۈت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق شەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى

كۆرستىدۇ.

A: نىزامۇلمۇلك دېگەن پادىشاھ: «گۆش پۇراپ قالسا تۇز سالغۇلۇق، تۇز پۇراپ قالسا نېمە سالغۇلۇق؟» دەپتىكەن.

B: نومۇس تۇيغۇسى ئۆلگەن كىشىلەرگە ھەقىقەتتىن گەپ ئېچىش، ئېشەككە مۇرابىبا بەرگەندەك بىر ئىش. «ئىنجىل»دا «مەرۋايىتلارنى چوشقىلارنىڭ ئالدىدا تۆكمەڭلار» دېگەن گەپ بار.

A: فارابىينىڭ بىر گېپى ئېسىمگە كېلىۋالدى. بۇنى بىر تور بېتىدە كۆرگەنىدىم، ساڭا دەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ: «توغرىسىنى چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەنگىنىنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم ھۆردۇر. توغرىسىنى چۈشەنسىمۇ، ئىجرا قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە بولمىغان ئادەم قۇلدۇر. چۈشەنچە ھەم ئىرادىدىن مەھرۇم ئادەم ھايۋان بىلەن تەڭدۇر».

B: قالتىس گەپ. ئەمەلىيەتتە، پىكىردىكى يۈكسەكلىك يارىتىلىپ بولدى. گەپ، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۇنى قانداق بويلاپ مېڭىشىدا قالدى. ئۆتكۈر نەزەرلىك مۇتەپەككۇرلار ئۆز دەۋرىنى يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، كەلگۈسىدىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنساندىكى تەبىئەتكە چۆككەن كىشىلەر ھەرقانداق زاماندا مەنسۇپ پىكىرلەرنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ.

پۇل مەستانىلىقى، ھوقۇق ھەييارلىقى، تېخنىكا ھەيرانلىقى، بېخانىك ئەمگەك جەريانى، ئىستېمال ئەسەبىيلىكى خۇراپىي ئىنسانلارنىڭ دەۋرىمىزگە خاس ۋارىيانتىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت سەزگۈسى كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئادىللىق سەزگۈسى ۋە ئادىللىق ئۈچۈن پىدائىيلىق سەزگۈسى گاللىشىپ كەتتى. ئۇلار ئاسمان دېگۈدەك راھەت جىمجىتلىق ئىچىدىكى بىخۇدلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەنگلىيە شائىرى ت.س. ئېلىئوت بۇنداق ئادەملەر تىپىنى «پۇچەك ئادەملەر» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ئەتراپىڭدا پۇچەك ئادەملەر قىملداپ يۈرسە، ئۇلاردا نەپسى غالىبلىق قۇتراپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ ساڭا بەرگەنلىرى ئەلۋەتتە پۇچەك نەرسە بولىدۇ. ئۇلار ساڭا «ئالىم»، «مۇتەپەككۇر»، «ئەدىب» دېگەندەك نام- ئاتاقلارنى بېرىپ قويۇپ، ھەرقانداق ئادەمگەرچىلىك، دىيانەت. ئەخلاق- پەزىلەت، پىداكارلىقلارنى سەندىن كۈتىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىسى يوق شان- شەرەپنى بوينۇڭغا ئېسىپ قويۇپ، سەندىن ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كامىل ئىنسانلىقنى، ئەخلاقىي قۇربانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئۇلار بەرگەن شان- شەرەپكە مەھكۇم بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئازادە ھەرىكىتىڭدىن، شەخسىي تاللىشىڭدىن، ئادىيلىقتىكى ھۇزۇرۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

A: شان- شەرەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇپقۇرۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىش ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. قارىغاندا، سەن نام- ئاتاقتىن سېسىق كېكىرگەندەك تۇرىسەن.

B: شان- شەرەپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇش ياقىدۇ. دەسلەپتە ئۇ ساڭا مۇناسىپ ئىززەت ۋە غۇرۇر ئېپكېلىدۇ. ئۇ بەك ئېشىپ كەتسە سېنى غاپىللاشتۇرۇپ، ئۆز قىممىتىڭنى باشقىلارنىڭ لەۋزى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بوپقالىسەن. سەندە بارا- بارا مۇئەييەن يۈز ۋە ئابرۇي قارىشى شەكىللىنىدۇ، يۈزۈڭنى كوزىر قىلىپ بايلىق ۋە مەنسەپكە ئېرىشكۈڭ كېلىدۇ.

A: سەن شان- شەرىپىڭنى ماركا قىلىپ، بايلىققا ئېرىشكەنلەردىن سانىلامسەن؟

B: ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. گارسىيە ماركوس: «دوستلىرىمنىڭ مېنى ئۇزاقراق ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىمەن» دەپتىكەن. بۇ گەپتىن مۇھەببەت پۇراپ تۇرىدۇ. بىراق، نادانلارنىڭ مۇھەببىتىدىن خۇدا پاناھ بەرسۇن. ئاز بولسىمۇ ھەققانىيەتنى چۈشىنىدىغان دوستۇڭ بولسىلا بولدى. شان- شەرەپ ھېرىسمەنلىكى مېنى قەلەمگە ھەۋەسكار قىلغان بولسا كېرەك. لېكىن كېيىنچە مەن ئاچچىقلىرىم ۋە غۇملىرىمنى ئۇرتاقلىشىش ئۈچۈن يازىدىغان بوپقالدىم. قۇپقۇرۇق شان- شەرەپ مېنىڭ ئىشىكىمنى چېكىشكە باشلىدى. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. مەن بۇنى ھېچقاچان ئىستىگەن ئەمەسقۇ!

نام- ئاتاق ۋە شان- شەرەپ، بۇلارنىڭ پەرقى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن زامانىمىز كىشىلىرى ئۇلارنى ئوخشاش نەرسە قىلىۋەتتى. كىشىلەر سېنىڭ نام- ئاتىقىڭنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشۇپ، سېنى ئەۋلىيا قىلىپ قويىدۇ. سەن ئەۋلىيا بولالمايۋاتقانلىقىڭ ئازابلىنىسەن. كىشىلەر ئاندىن سېنى سۆكۈشكە باشلايدۇ. مېنىڭ ھاياتىممۇ بارلىق نورمال ئىنساننىڭ ھاياتىغا ئوخشايدۇ. مەن ئائىلەمنى بېقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، يىغىنغا قاتنىشىمەن، ئائىلەمنىڭ يۈزى ۋە ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن تويغا بارىمەن، نەزىرىگە بارىمەن، يېگەن تۇزۇم ئۈچۈن تۇز بېرىمەن. بۇ جەھەتتىكى ھاجەتلىرىم ۋە سەرپىياتلىرىم باشقىلار بىلەن ئوخشاش. بەلكى ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتلىرىم كۆپرەك. مەن يۇقىرىقىلارنى ئىجرا قىلىپ بولۇپ، كىتاب كۆرىمەن، تەھلىل قىلىمەن، كۆزىتىمەن ۋە يازىمەن. يېزىقچىلىق ئاز- تولا نام- ئاتاققا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ نام- ئاتاق مېنى كىشىلەر ئويلىغاندەك تاپاۋەتكە ئېرىشتۈرگىنى يوق. ئەكسىچە، ئۇ مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىدە سۈنئىي پەزىلەت بۇرچىغا سۆرەۋاتىدۇ. تەبىئىتىمدە يوق نەرسىلەر مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن يازىمەن، مەقسىتىم- كىشىلەرنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىگە ئازراق بولسىمۇ تۈرتكە بولۇش، ھېچبولمىغاندا، پىكىرلىرىمنى ئىپادىلەش يۈكسەكلىكىدە سىناق قىلىپ بېقىش.

A: سېنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن تەمەيىڭ يوقمۇ؟

B: مەۋجۇدلۇقۇمدا ئۇلۇغلۇقنىڭ ھېكمىتى بار. مەن ئۇلۇغ بىر قۇدرەتنىڭ ئىرادىسىدىن كەلدىم. شۇنداق ئىكەن، ئۇلۇغلۇق قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇلۇغلۇق ئىزدەش ئىنسانىي پەزىلەت ئەمەس. تارىختىكى ئۇلۇغلۇق ئىزدىگەن داھىيلار چاكىنىلىشىپ كەتتى. ئىنساندا ئۇلۇغلۇقنى كۆتۈرۈپ

يۈرەلىگۈدەك ئىقتىدار مەۋجۇد ئەمەس. ئۇنىڭدا پەقەت ئۇلۇغلۇقنىڭ بەزى سۈپەتلىرى بولىدۇ، خالاس.

A: دېمەكچى بولغىنىڭ...؟

B: كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىش نېسىپ بولسا، ئۇ دەل ئاددىيلىقىمىدىكى خىسلەتلەردىن كەلگەن مېۋە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى نەتىجە كىشىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەن نەتىجە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يەنە مۇنداق بىر خىل نەتىجىمۇ بار: كىشىلەر ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدۇ ياكى كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ يېتىشكە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. بىراۋ يولدىكى بىر ئەينەك پارچىسىنى ئېلىۋەتتى. بۇ يولدىن ئۆتىدىغان بىر بالا ئاشۇ ئەينەك پارچىسىغا دەسسەپ سالغان بولسا، پۇتىنىڭ مۇھىم قان تومۇرى كېسىلىپ، بالا كۆپ ھەرەج تارتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراۋ يولدىكى ئەۋرەز ئېغىزىنى ئېتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن يەنە بىرسى قازادىن ساقىت بوپقېلىشى مۇمكىن. بۇنداق پەزىلەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئىنسانلار كۆرۈپ يېتىشكە ئاجىز كېلىدۇ. مەخپىي بېرىلگەن زاكات ياكى مەخپىي قىلىنغان ئېھساننى قايسى ئىنسان باھالىيالايدۇ؟ ئادەملەر پەقەت كۆرگەن ھەم ئەقلى يەتكەن ئىشلارنى باھالىيالايدۇ. ھەدىس شەرىفلەردە باشقىلارغا كۆرسىتىلگەن خۇشچىراي ۋە ئېيتىلغان ياخشى سۆزلەر سەدىقە دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىنسانلار خالىس تۈس ئالغان ياخشىلىقلار كەلتۈرگەن كاتتا نەتىجىلەرنى باھالاشقا ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى خالىسلىقتا داۋراڭ بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت گۈل، ئوردېن، مۇكاپات پۇلى، چاۋاكلار ئارىسىدىكى نەتىجىلەرنى كۆرىدۇ. تارىخنىڭ سەھىپىسى داڭلىق ئىمپېراتورلار، سىياسىيونلار ۋە قوماندانلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلغان ئاددىي بىر ئەسكەرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شان- شەرەپ ئاددىيلىقتىكى ھەقىقەتنى توساپ قويىدىغان ئادالەتسىز پەردىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. باشقا بىرسىنىڭ شان- شەرىپى يەنە بىرسىنىڭ ھەقىقىتىگە سايە چۈشۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ياخشىلىقنى مۇكاپات ۋە ئوردېن ئۈچۈن قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ شان- شەرىپى ئۈستىدە چىن ۋىجدان ھەم ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن ئويلاپ باقساق، قانداق خۇلاسىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن؟ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمنى ئالسام، دەرسىمنىڭ قىممىتىگە سائەتلىك مىقدار بويىچە باھا بېرىلدى. بۇ جەھەتتە مېنىڭ قىلغان ئەقىدىلىرىم پەقەت ئۇنى بىلگۈچى بىر قانچە ئوقۇغۇچىغا تايىن ئىش بوپقالدى. ئادەمىيەت روھى ناۋادا تار خىلۋەتلەردە ياشايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا، بىز دەۋاتقان مەدەنىيەت ئاللىبۇرۇن پۇرلىشىپ كەتكەن دەرەخكە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ.

A: سېنىڭچە، شان- شەرەپ نېمىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك؟

B: شان- شەرەپ تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىكى ئاكتىپچانلىقنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن زىيادە قېچىش ھەم ئۇنىڭغا زىيادە ئىنتىلىشنىڭ ھەر ئىككىسى پوزىتسىيەمىزدىكى رادىكاللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە، شان- شەرەپ ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ناۋادا بىرسى ماڭا مېنىڭ قىممىتىمنى سۇندۇرىدىغان شان- شەرەپنى تەڭلىسە، مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن.

A: سېنىڭ شان- شەرەپنى قالقان قىلىپ ياشىغۇڭ يوقمۇ؟

B: مېنىڭ پەزىلىتىم ۋە قەدىر- قىممىتىمنى بىلمىگەنلەر ماڭا يارىشىدىغان شان- شەرەپنى ھەرگىز بېرەلمەيدۇ. ئۇلار مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى كۆرگەندە ئۆزلىرى بەرگەن ئاشۇ شان- شەرەپنى مەن ئۈچۈن سىرتماققا ئايلاندۇرىدۇ.

A: شان- شەرەپنى بەزىلەر قورال دەپ قارايدىكەن؟

B: ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بىر سىياسىيون، بىر ئارتىس ئۈچۈن ئېيتقاندا شان- شەرەپ نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي پۇرسەتنىڭ يولغىتى. لېكىن ئۇ بىر ئىلمىي خادىم ئۈچۈن يارىشىملىق لىباس بولالايدۇكى، ئۇ ئىزدەۋاتقان ھەقىقەتكە شوتا بولالمايدۇ. شان- شەرەپ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن بىر قاسىراقتۇر، خالاس.

A: نام- ئاتاق، شان- شۆھرەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ئۇقۇم بار. ئۇ بولسىمۇ يۈز- ئابروي. شەرق ئەللىرىنىڭ ئىچىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ «يۈز» قارىشى ناھايىتى گەۋدىلىك. كىشىلەر «مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ...» دېگەن ئىبارە بىلەن ياراشتۇرۇشنى ياكى بىرەر ئىشنى پۈتتۈرۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

B: شۇڭلاشقا جۇڭگودا «يول مېڭىش» دېگەن بىر گەپ بار. بۇ، «يۈز»نى «يۈز»گە توغرا كەلتۈرۈپ، مەقسەتكە يېتىش دېگەن مەنىگە ئىگە. ئەسلىدە ھەربىر ئىش پرىنسىپ ۋە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە مېڭىشى كېرەك ئىدى. «يول مېڭىش» ئارقىلىق چاتاقنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ. شۇڭا قانۇنىي بىلىپ، يوسۇننى بىلمىسىڭىز ئىش بىلمەس ئادەم بوپقالىسىز. شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يى جۇڭتيەن (易中天) ئەپەندى جۇڭگولۇقلار ھەققىدە توختالغان بىر كىتابىدا «ئون تامغا بىر ئىمزاغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەيدۇ. يۈزلۈك چوڭ بولسا باشقىلار ئېرىشەلمىگەنىگە سەن ئېرىشەلەيسەن، باشقىلار قادىر بولالمىغانغا سەن قادىر بولالايسەن، چوڭ دېيلونى كىچىكلىتەلەيسەن. «‹يۈز›لۈك ئادەمنىڭ بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى خىزمەت ۋە ئەرزىيەت كوچىسىدىكىلەرنىڭ چىقىش يولى» دەيدۇ ئۇ يەنە. چوڭ مەنسەپدارلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ بىر ئېپى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ سىنىڭ قابىلىيىتىڭگە قارىغاندا بەكرەك ئېتىبارغا سازاۋەر بولالايدۇ. شۇڭا جۇڭگودا تۈزۈكرەك ئوقۇپ جان باقىمەن دېگەن ئادەم دەستۇرلارنى ئوقۇپ قويسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ يەنە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دائىر مەۋھۇم ئەمما رېئاللىقتا بار بولغان شەكىلسىز دەستۇرلارنى ئۆگىنىشى كېرەك.

A: جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ قانۇننىڭ نوپۇزى ئۈستىدىكى چۇقانلىرى بىكار ئەمەسكەندە؟ تەرەققىيات تاللاش ئىقتىدارىنىڭ كۆپىيىشىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئۇنداقتا جەمئىيەت سىستېمىلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ نازارەت ۋە

تەنقىد ھوقۇقى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلمىسا، قانۇننىڭ ئىقتىدارى كاردىن چىقىدىكەن.

B : ئەسلىدە قانۇن توغرىسىدىكى گۇمانتار ئالىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئادەمىيەت روھى كەمچىل جەمئىيەتتە ھەتتا شان ـ شەرەپتەك جەلپكار نەرسىمۇ خەتەرلىك بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

A : خەتەرلىك بۇيۇم؟

B : شۇنداق. ئازغىنە شان ـ شەرەپمۇ سىنى ئۆزۈڭگە تەۋە قىلمايدۇ. كىشىلەر ساڭا ئۇلىشىدۇ، سەنمۇ بۇنىڭدىن سۆيۈنىسەن. قارىساڭ، شەخسىي ھاياتىڭ ئۈچۈن قالغان ئىمكانىيەتنىڭ بەكلا ئاز قالغانلىقىنى كۆرىسەن. كىشىلەر سېنى كۆزىتىدۇ، سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىدۇ. چاقچاق گەپلىرىڭمۇ راست گەپ تەرىقىسىدە تارقىلىدۇ. بىرىپ ـ بىرىپ پىتنە ۋابالىرىنىڭ ئاھانەتلىرىدە قالىسەن. لېكسىيىلەر سۆزلەيسەن، توغرا گەپلىرىڭ ئۈچۈن بارىكاللا يوق، گەپتىن ئېزىپ قالساڭ (خۇدا ساقلىسۇن!) ئىلمەكچىلەر تەييار. دەپتەلەرگە ئىمزا قويىسەن، ئاخىرى ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ قايتىپ كېتىسەن. ھەربىر سورۇن ساڭا ئالمجانابلىق توغرىسىدا بىر قاتار ۋەزىپىنى تاپشۇرىدۇ، دەردىڭ ۋە ئېھتىياجىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. (ئەلۋەتتە!) ھەممىدىن يامىنى ھەسەت. ئۇ ساڭا بىر مۇنچە يوشۇرۇن دۈشمەن تېپىپ بېرىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ تاللىشىدىكى مۇشەققەتلەر تۈپەيلى چارچىمايسەن، دەل ھەسەتخورلارنىڭ گىژىلداشلىرىدىن ھارسىنىسەن. بىر پەيلاسوپ شۇنداق دېگەنىكەن: «ئادەمنى چارچىتىدىغىنى يىراقتىكى تاغ ئەمەس، دەل ئايىغىڭغا كىرىۋالغان قۇم ـ شېغىل». ھەسەت شان ـ شەرەپنىڭ يېنىدىكى تۆرەلمە.

A : شان ـ شەرەپ ئىگىسى بولغانىكەنسەن، كەمتەر بولۇشۇڭ كېرەك بولىدۇ.

B : كىشىلەر كەمتەرلىك دېيىشىدۇ، بىراق تەكەببۇرلۇققا بەكرەك قايىل؛ كىشىلەر ۋاپا دېيىشىدۇ، لېكىن ۋاپاسىزلىققا بەكرەك مايىل. كەمتەرلىك بىلەن ۋاپادارلىقنى ئۆزىنىڭ شەرتى، ئېپى ـ سېپى بىلەن قىلمىساڭ، يۈزەكى ئادەملەر ئۇنى ئاجىزلىق قاتارىدا ھېسابلايدۇ. مەن ئادەتتە كەمتەرلىكىم تۈپەيلى پەرۋاسىزلىققا ئۇچرايمەن. بىر شەرق مۇتەپەككۇرى: «ئاي نۇرلۇق بولسىمۇ كۈندە كۆرۈنۈۋەرگەچكە قەدىرسىزدۇر» دەپتىكەن. مەن كەمتەرلىكىم تۈپەيلى نۇرغۇن كىشىنىڭ رايىغا باقتىم، دەردىگە يەتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. ئەمما بەرىكەت تاپماس ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك ۋاقتىمنى سەرپ قىلىۋەتتىم.

A : ئابدۇرەھمان ئەبەي ئاكا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىر قانچە پۇشايمىنى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. «ئۆمرۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆلپەتچىلىك ئۈچۈن سەرپ بولدى دەپ ئويلايمەن. ئاشۇ ۋاقىتلارنى تېجىيەلىگەن بولسام ئالتە توملۇق ئۆمۈر ئەسلىمەمنى يېزىپ پۈتتۈرەلىگەن بولاتتىم» دەپتىكەن ئۇ زات. دېمىسىمۇ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھاياتى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىدىكى نۇرغۇن زور تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسكە شاھىت ھايات ئىدى. ئەگەر ئۇ ئالتە توملۇق ئەسلىمىسىنى ئۇقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلىگەن بولسا تارىخ خەزىنىمىز خېلى بېيىپ قالاتتى.

B : ئىبراھىم مۇتئىي، ئۇيغۇر سايرانىي قاتارلىق ئەربابلارمۇ ئاجايىپ جىق ئىش، تارىخىي قىسمەتنى كۆرگەن ئادەملەر. ئۇلاردىنمۇ قىممەتلىك ئۆمۈر ئەسلىملىرى چىقاتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئەسلىمە تۈسىدىكى تارىخلار تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولماقتا.

A : ھەممە ئادەمنى رازى قىلىمەن دەپ ئالدىراش يۈرۈپ ئاخىرى كارغا كەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالساڭ، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇكى، ھەرگىزمۇ بىز ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل دەپ ئويلىمايدۇ. بۇرۇن داڭقى پۇر كەتكەن بىر مۆتىۋەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ئۇنى ھەمىشە زىيارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. زىيارەتچىلەر قايتىشىدا مۆتىۋەردىن تەۋەررۇك ئۈچۈن بىر تالدىن ساقال سورايدىكەن، مۆتىۋەر ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ساقىلىدىن يۇلۇپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۆتىۋەر كوسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنى يوقلايدىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلۈپتۇ.

B : سېنىڭ تۆھپەڭنى ھەقىقىي خاتىرىلىگۈچى كىم؟ بۇنى ياخشى چۈشەنسەڭ، ئەجرىنى نەگە قىلىشنى بىلگەن بولىسەن.

A : ئۆزى سۆيگەن كىشىنىڭ ۋاقتىنىمۇ سۆيىدىغان جامائەت ئەخلاقى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەردە دەرھال يېتىلمىگى لازىم، بولمىسا نامراتلىق ئىچىدە تۈنجۇقۇپ ئۆلىمىز.

B : ئەسلىدە باشقىلارنىڭ ۋاقتىغا چېقىلىش ئوغرىلىق كەبىي جىنايەتتۇر. بىز بۇنى تونۇپ يېتىدىغان مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە تېخى بارمىدۇق.

A : خوش، ئۆز ئىخلاسمەنلىرىڭگە نېمىلەرنى دېگۈڭ بار؟

B : مەن بىر ئۆمۈر نامراتلىقتا ياشاپ، بۈگۈنكى كۈندە ئەسەرلىرى ئەڭ قىممەت باھادا سېتىلىۋاتقان ھوللاندىيە رەسسامى ۋانگوھنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرەي دەۋاتىمەن: «مەن ھەرقانداق ياخشى ئىش بىلەن كارى يوق خەتەرلىك ئادەم بوپقېلىشنى خالىمايمەن. مەن قىيىنچىلىق ئىچىدە توختىماي ئىزدىنىۋاتقان ئادەممەن. خىزمىتىم ئۈچۈن خاتىرجەم مۇھىتقا ھەم كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا موھتاجمەن».

A : قىزغىنلىق ۋە ھېسداشلىققا، ئۆزۈڭ تەشنا بولغان مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىسەڭ قانداق قىلىسەن؟

B : ھەسرەت ۋە خاپىغانلىقتا ئۆتمەكتىن باشقا ئىلاجىم يوق. تەقدىرىم ئىچىدە يول تېپىشىم كېرەك.

A : شان ـ شەرەپنىڭ مەزمۇنى سېنىڭ زامانداشلىرىڭغا بېقىپ بولىدىكەن ـ دە؟

B : ھەقىقەت ئىشتىياقىدىن ھۇزۇر ئالالىساڭ، يالغۇزلۇق روھىڭنى سۇندۇرالمايدۇ. ھەقىقەت ئاشىنالىرى ھامان چىقىدۇ.

2008 ـ يىل 2 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسسورى (M1)

www.uyghurkitap.com




ئەسسالامۇئەلەيكۇم هوشۇر قارىي ئەپەندى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2 ـ يۇرۇش قانىلىدا «كېۋەز گۈلى» ماركىلىق خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ ئېلانىغا چىققىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ ئېلاندا سىز ئۇستىۋېشىڭىزغا قەشقەر دېهقانلىرىنىڭ كىيىمنى كىيىپ، چاپچىپ تۇرغان ئېشەككە مىنگەن هالدا ئارقىڭىزغا بىر توپ «دېهقان»نى ئەگەشتۇرۇپ، گويا «مىكىبىر كېچە» هېكايىلىرىدىكى ئەلى بابادەك ئۇلارنى «كېۋەز گۈلى غارى»نىڭ ئالدىغا باشلاپ باردىڭىز. بۇ ئوچۇق خەت ئارقىلىق مەن سىز بىلەن مەخسۇس مۇشۇ ئېلان توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى.

هوشۇر قارىي ئەپەندى، سىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئورنى بار ناخشىچى هەم رولچى. سىز ئورۇندىغان ناخشىلار، سىز رول ئالغان دراما ـ ئېتوتلارنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنى سۆيۈندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنى كەسپىي هاياتىڭىزدىكى ئالاهىدە مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايمىز، ئەلۋەتتە. ئۆزى شۇغۇللانغان كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ خىل قەدىر ـ قىممەتنىڭ دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا نىسبەتەن هەۋەس قىلغۇچىلار بىلەن هەسەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ. روهىيتى ساغلام كىشىلەرنىڭ قەلبىدە هەۋەس ئۇچقۇنلىرى چاقنىسا، مەنىۋىيتى ساغلام بولمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە هەسەت ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن باشقىلار هەۋەس قىلغۇدەك هەم هەسەت قىلغۇدەك ياشاشنىڭ ئۆزى بىر

بەخت. هەۋەس قىلغۇدەك دوستلىرى، هەسەت قىلغۇدەك دۈشمەنلىرى بولمىغان هايات تولىمۇ سىدام ـ رىقابەتسىز هايات هېسابلىنىدۇ. هەۋەس ئوتلىرى بىلەن هەسەت ئوتلىرى ئادەمنى تاۋلايدۇ ياكى خارابلاشتۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن، سۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان هەۋەس ئۇچقۇنلىرىدىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان ئادەم بىلەن باشقىلارنىڭ مەجرۇه قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان هەسەت ئوتلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋايساپ يۈرىدىغان ئادەمنىڭ شانلىق هاياتى ئوخشاشلا ناهايىتى قىسقا بولىدۇ.

هوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ «بومپەددە»، « قەمبەرخان» ناملىق VCD پلاستىنكىلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلاردىن ئۆزۈم سۆيۈنگۈدەك هوزۇر ئالىمەن. بولۇپمۇ يېڭىدىن چىققان «قەمبەرخان» ناملىق VCD پلاستىنكىڭىز ماڭا ئالاهىدە هوزۇر بېغىشلايدۇ. سىزنىڭ ئۇ پلاستىنكىڭىزنى ئىنتايىن ساپ بولغان بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەهسۇلى دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭدا ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئەدەب ـ ئەخلاق، مىللىي پسىخىكا، مىللىي ئارزۇ... قاتارلىق مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىمىزنىڭ ناهايىتى ساپ هەم روشەن ئىزنالىرى بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى، پلاستىنكا قېپىدىكى سۈرىتىڭىزدىن سىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىمىزگە بولغان هۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش هىسياتىڭىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىزنىڭ بېشىڭىزغا سەرپۇش تۇماق، ئۇچىڭىزغا چەكمەن تون كىيىپ نەق قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس قىياپەتتە كىينىپ چۈشكەن يېرىم گەۋدىلىك سۈرىتىڭىز، كىشىلەرگە تونۇش بوپكەتكەن ئادەتتىكى ئوبرازىڭىز بىلەن تامامەن پەرقلىنىدۇ. سەهنە ـ ئېكرانلاردا ۋە ئادەتتىكى كۈنلەردە

هەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە

www.uyghurkitap.com

دائىم دېگۈدەك گالستۇك تاقاپ، كاستۇم- بۇرۇلكا كىيىپ كۆزگە چېلىقىدىغان قىياپىتىمىز جامائەتكە تونۇش بولغاچقا، ھەتتا ئېتوتلاردا دوستانە مەسخىرە قىلىنغاچقا، پلاستىنكا قېپىدىكى قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس مىللىي قىياپىتىمىز مىنى قىزىقتۇردى. مەن بۇ خىل قىياپىتىمىزنى ئەنئەنىۋى مىللىي ئوبرازىمىزنى نامايان قىلىشتىن شەرەپ ھېس قىلىدىغان روھىي دۇنيايىمىزنىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلايمەن. بىزنىڭ نازۇك مىللىي غۇرۇرغا ئىگە سەنئەتكارىمىز ئابدۇرېھىم ھېيت دائىم دېگۈدەك سەھنە ۋە ئېكرانلاردا تولۇپ تاشقان ئىپتىخار ھېسسىياتى بىلەن مىللىي قىياپەتتە نامايان بولغان بىلەن، ناھايىتى كۆپ ئارتىسىمىز ئىمكانىيەت بار ئەھۋالدىمۇ بىرەر قېتىم مىللىي ئوبرازدا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئويلاپ قويمايدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىمىز بىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىمىزنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى،مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ روشەن نامايەندىسى. مىللىي كىملىك شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەللىشىدىغان سالاھىيەت. مىللىي كىملىكىمىزنىڭ تاشقى شەكلى بولغان كىيىم- كېچەكلىرىمىزنى مەيلى تۇرمۇش، مەيلى سەھنە- ئېكرانلاردا كىيىش كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئەھۋال. ئەمما مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىمىزنى مىللىي ئادەت نۇقتىسىدىن كىيىش بىلەن مىللىي ئاڭ نۇقتىسىدىن كىيىش پەرقلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىك كىشى مىللىي ئادەت نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ كىيىدۇ. ئابدۇرېھىم ھېيتقا قارايدىغان بولساق، ئۇ گويا غالىب قوشۇننىڭ جەڭ بايرىقىنى يېپىنغان باھادىر ئەزىمەتتەك تولۇپ تاشقان ئىپتىخار ھېسسىياتى بىلەن كىيىنىپ سەھنىدە ئولتۇرىدۇ. ھازىر بىزدە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئوبرازىنى باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ لايىھىلەش ئارقىلىق دەۋرگە، تەرەققىياتقا ماسلاشقان قىلىپ كۆرسىتىشكە ئورۇنۇشتەك ئۆزىدىن ياتلىشىش كەيپىياتى كۈچىيىپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى سۇسلاپ، ئۆز- ئۆزىدىن كەمسىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەۋجەرەپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق ئىجتىمائىي مىللىي پىسخىكا ئومۇملاشقانسېرى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز، خاس مىللىي ئادەتلىرىمىز ئۆزىمىزگە قالاقتەك، مەتۇدەك كۆرۈنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاجىزلاپ كەتسە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى قەدىرسىز تۇيۇلۇپ، باشقىلارغا ئوخشىيالىغانلىقىدىن، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تەۋە نەرسىلەردىن ئىپتىخارلىنىپ يۈرىدىغان روھىي زەئىپلىككە شۇنچە كۆپ يول قويىدۇ. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزبېكىستان ناخشىچىسى يۇلتۇز ئۇسمانوۋا ئۈرۈمچىدە ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگىلى كەلگەندە خۇددى يوقاتقان بىر قىسىم تاماشىبىن ئادەم قورۇنغۇدەك قىزغىنلىق كۆرسىتىپ ئۇنى ئاسمانغا چىقىرىۋەتتى. بەزى مۇخبىرلىرىمىز ئۇنى زىيارەت قىلغاندا يۇلتۇز ئۇسمانوۋانىڭ دادىسىنىڭ غۇلجا ئۇيغۇرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ يېزىپ، يۇلتۇز ئۇسمانوۋانىڭ شان- شەرەپلىرىنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئاسمىنىدا نامايان قىلىشماقچى، ئۇنىڭ شان-

شۆھرەتلىرىدىن مىللىي سەنئىتىمىزگە نېسىۋە ئايرىماقچى بولۇشتى. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئۆزبېكىستاننىڭ بۇ ناخشىچىسى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن:

*كىم قەشقەرنىڭ ئۆزىدەن، كىم غۇلجىنىڭ كۆزىدەن،*

*بابام قايدان بولسا بولسۇن مەن ئۆزبېكنىڭ قىزىمەن!*

دەپ ناخشا ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي سالاھىيىتىنى ئېنىق جاكارلىدى.

باشقىلارنى مۇۋاپىق ھۆرمەتلەش، قىممىتى بار نەرسىلىرىدىن زوقلىنىش ئەقەللىي ئىنسانىي ساپا. ئەمما، ھە دېگەندىلا ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ئۇنۇتقان ھالدا چەكتىن ئاشقان ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن باشقىلارنى باشقا ئېلىۋېلىش — غۇرۇرى پۇچەكلىكنىڭ ئىپادىسى. نورمال غۇرۇر مەيلى باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتە بولسۇن، مەيلى نەپرەت كۆرسىتىشتە بولسۇن قەتئىي ئۆزىنى تۆۋەن قىلىشقا بولمايدىغان قىممەتلىك قورال. قوراللا ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي ساپا، ئادەمىيلىك سۈپەت. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىدەك مەشھۇر شەخسلىرى، قەدىرلىگۈدەك مىللىي مەدەنىيىتى يوق مىللەت تولىمۇ بىچارە مىللەت. ئەمما ئۇلۇغلاشقا ئەرزىگۈدەك شەخسلىرى، پەخىرلەنگۈدەك مىللىي مىراسلىرى تۇرۇپ قەدىرلىيەلمىگەن مىللەت بەكمۇ زەئىپ، چۈشكۈن مىللەتتۇر. بىزنىڭ ھازىرقى ھە دېگەندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئۆزگىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى چوڭ بىلىش، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزدىن باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قالتىس چاغلايدىغان مىللىي پىسخىكىمىز چۈشكۈنلەشكەن مىللىي روھىمىزنىڭ ئىپادىسى. ئەلۋەتتە ئۆزىگە، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ساددىلارچە مەپتۇن بولۇش خاھىشىمۇ كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان مىللىي نادانلىق! مەيلى ئۆزىمىزنىڭ، مەيلى ئۆزگىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرى ياكى ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان تەرەپلىرى بولسا، ئىلمىي، ئادىل، ئوبيېكتىپ، توغرا مۇئامىلىدە بولۇش نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەربىيە كۆرگەن، ساپالىق ئادەملەرنىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن ئىلمىي ئاساسى يوق ھالدا قارىغۇلارچە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، مەسىلىلەرگە باللارچە مۇئامىلە قىلىدىغان ساددىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ساددىلىق كېسىلى ئادەتتىكى ئاۋامدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بەزى ئاتالمىش زىيالىيلىرىمىزدىمۇ، تەپەككۇرىدا مەنتىقىي ئىزچىللىق يوق يەنە بەزى ئالىجوقا قەلەمكەشلىرىمىزدىمۇ خېلىلا ئېغىر. يامان يېرى شۇكى، ساددىلىق، نادانلىق كېسىلى ئاۋامدا مەۋجۇد بولسا كەلتۈرىدىغان زىياندىن، ئاشۇنداق ئاتالمىش زىيالىيلار بىلەن ئالىجوقا قەلەمكەشلەردە مەۋجۇد بولسا، كەلتۈرىدىغان زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولىدىكەن. چۈنكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بىر قىسىم ئوقۇرمەن ئۇلارنىڭ مىللەتپەرۋەر سالاھىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ قىلغان، ئاڭلىماققا مەردانە ئەمما پوپاك-پۇچەك ھاياجانلىق گەپلىرىگە ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى قالايمىقانلىشىپ،

تامامەن بىمەنە بولغان تەشەببۇس، چۈشەنچىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، شەيئىلەرنى كەلسە- كەلمەس مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى ئىنكار قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھاماقەتلەرچە باھالاپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كېتىدىكەن. يېقىندا مەلۇم بىر مەتبۇئاتتا «دوستلۇق مېھىر- مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك بولسۇن» دېگەن بىر يازمىنى ئوقۇپ قالدىم. بارغانسېرى چىلىكىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقان، تەپەككۇرىنىڭ تۇتامى يوق، ئەمما ئۇنى- بۇنى دېيىشكە تولىمۇ خۇشتار بۇ قەلەمكەش ئاجايىپ مىللەتپەرۋەر ئەلپازدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەممىنى بىراقلا ھەل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان تەنتەكلىكى بىلەن مۇنداق يازغان: «ئۇزاق تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر خەلقى دوستلۇقنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ كەلگەن. ئەمما دوستلۇق ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن؛ مېلىدىن، بايلىقىدىن، يەر- ئۆيلىرىدىن، بالىچاقىسىدىن، ۋەتىنىدىن ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە دوستلۇقنىڭ تۇز- ھۆرمىتىنى ساقلىغان؛ ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر ھالەتكە چۈشۈپ قالسىمۇ، دوستلۇق ئۈچۈن تارتقان زىيىنىدىن، ۋەيرانچىلىقىدىن ۋايسىمىغان. مانا بۇ ئۇيغۇر روھى! چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى!»

نادانلارچە يېزىلغان بۇ يازمىنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق بولۇپ، بۇ، خەلقىمىزگە قىلىنغان ھاقارەت. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك ماقال- تەمسىللىرىدە «كۈلگەننىڭ ھەممىسى دوست، ھومايغاننىڭ ھەممىسى دۈشمەن ئەمەس»، «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس»، «ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا»، «دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن»، «دوست كۆپ، توغرىسى ئاز»، «بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلۇر»، «بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ، ئىككى كۆزى جاڭگالدا» دېگەندەك ھوشيار، پرىنسىپچىل دوستلۇق قارىشىنى ئىپادىلىگەن. ئاپتورىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دوستلۇق قارىشىدا نە پرىنسىپى، نە ئېنىق ھېسابى، نە سەممىيەتنى شەرت قىلىدىغان مەزمۇن يوق. بىزنىڭ نەزەرىمىزدە مۇنداق دوستلۇق ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى، خالاس! خەلقىمىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەخمەقانە دوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئىگە ئەمەس. دوست ئۈچۈن چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى بار مىللەت ھەرگىزمۇ «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن ھېكمەتنى يەكۈنلىمەيدۇ. دوستقا چەكسىز بەدەل تۆلەيدىغان، ھەممە نەرسىسىنى ئېلىۋالسىمۇ ۋايسىمايدىغان روھ ئۇيغۇر روھىمىش. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئولتۇرغان- قوپقان يېرىنىڭ ھەممىسىدە ھاماقەتلەرچە تەپەككۇر قىلىۋاتقان بۇ نادان سەركە ئاشۇ يازمىسىنىڭ خاتىمىسىدە نېمە دەپ يازغان دېگەندە: «شۇڭا، بىز ئەجدادلاردىن تەۋەررۈك بوپقېلىۋاتقان دوستلۇق مىزانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى قەدىرلەپ، ئاسراپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا پاكىز ھالەتتە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ خىتاب قىلغان.

بۇنداق بىمەنە قاراشلار مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئوقۇرمەنلەرنى ئېزىقتۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ھەقىقەت نەزەرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلىنىشنىڭ ئورنىغا، نوپۇزغا قارىغۇلارچە باش قويۇشقا ئادەتلەنگەن كۆپ قىسىم ئوقۇرمەن گەپنىڭ ماھىيىتىدىكى مەنا بىلەن ئەمەس، كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدۇ- دە، توغرا دەۋاتسا كېرەك، دەپ قاراپ قارا- قويۇق قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق نادان ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنىڭ بىزدە تېخى مۇئەييەن كۆلەمدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، ئاشۇ خىلدىكى ئالىجوقا قەلەمكەشلەرنىڭ بىر مەزگىل بازار تاپىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ھاماقەتلىكنىڭ زاۋال تېپىشى مۇقەررەر! ئىلمىي بولمىغان، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، زىددىيەتلىك پوپاڭ «پاراڭ»لار مەنتىقىلىق، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن مۇنازىرە- مۇھاكىمىلەر ئالدىدا كۈلكىلىك ماھىيىتىنى يوشۇرالماي قالىدۇ.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ «كېۋەز گۈلى» ماركىلىق خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ ئېلانىغا چىققاندىكى قىياپىتىڭىزنى دەل ئاشۇنداق ئاساسسىز، يوغان گەپ قىلىدىغان بىر قىسىم قەلەمكەشنىڭ بىمەنە سۆز- چاقچاقلار بىلەن مەسخىرە قىلغانلىقىنى، ھەتتا ھاقارەت خاراكتېرىدىكى باھا- بايانلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتىكى تەسىراتىمنى سىزگە ئېيتىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىچە بىر قىممەت ئۆلچىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ بىلدىم.

گەپنى ئوچۇق قىلسام، سىزنىڭ ئېشەك مىنىپ ئېكرانغا چىققان ئوبرازىڭىز ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىز باشقىلارغا ئېشەك مىنىپ كۆرۈنسەك باشقا مىللەتلەرنىڭ نەزەرىدە مىللىي ئوبرازىمىز خۇنۇكلىشىپ كېتىمىش. شۇڭا، ئۇلار مىللەتكە مەسئۇل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن «ئەجدادلىرىمىز ئات مىنگەن، ئات!» دەپ چالۋاقاپ سىزدىن رەنجىپ يۈرۈشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سورۇن- سورۇنلاردا كۆپچۈپ، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا كوممۇنانىڭ ئەزالىرىغا يىغىن ئېچىۋاتقان ئەترەت باشلىقىدەك قوللىرىنى شىلتىپ، ۋارقىراپ- جارقىراپ سۆزلەپ يۈرۈشىنى كۆرسىڭىز «ھوشۇر قارىينى دارىغا ئېسىشقا بۇيرۇۋەتمىگىدى» دەپ ئەندىشە قىلىپ قالىسىز. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئاساسى يوق ساددا قاراشلارنى پەتىۋا قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان ئۇ بىچارە بايقۇشلارنىڭ قۇرۇق ھاياجان بىلەن قىلىۋاتقان تەنتەكلەرچە گەپ- سۆزلىرى نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مىللەتنى قارىغۇلارچە ئۇلۇغلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇنداق ھاماقەتلەرنىڭ گېزى كەلگەندە مىللەتنى يەنە ئوخشاشلا ئاساسسىز ئەيىبلەپ دېمىگىنى قالمايدۇ. بۇ يەردە رول ئويناۋاتقىنى ئۇلارنىڭ سوغۇققان ئىلمىي تەپەككۇرى ئەمەس، بەلكى تورمۇزى يوق قۇرۇق ھاياجىنى! باشقىلارنىڭ پىكرىدىن ئەمەس، كەيپىياتىدىن تەسىرلىنىپ كېتىدىغان بىر قىسىم گول كىشى ئۇلارغا ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىدۇ- دە، بىلىپ- بىلمەي گۇپپاڭچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سامانغا ئوت ياققانچىلىك ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇنداق قۇرۇق ھاياجاندىن ھەممىلا ئادەم

تەسىرلىنىۋەرمەيدۇ. تەپەككۇرى سەگەك، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا كۆزىتىدىغان ۋە ئەستايىدىل پىكىر قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇنداقلارنىڭ ئەلپازىغا مىقدا كۈلۈپ قويۇشىدۇ ياكى ئەدەب يۈزىسىدىن جىممىدە ئىنكاس قايتۇرۇشىدۇ.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئىكرانىدا ئىشەك مىنگەن، قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس كىيىنگەن ھالەتتە كۆرۈنگەن ئاشۇ ئوبرازىڭىزنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئوبرازى» دەپ قارايمەن. مەن 2007-يىلى 26-يانۋار قىشلىق تەتىل ھارپىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرى 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن چۈشتىن ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلارغا «يېڭى دەرس شارائىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدىم. چۈشتىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىغا «قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى» ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدىم. ئوقۇغۇچىلاردا توغرا قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدىكى لېكسىيىنى دەل ئىشەكتىن باشلىدىم. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»دىن كېيىن قىلغان تۇنجى سۆزۈم «سىلەرچە، بىزگە بېكخام مۇھىممۇ، ئىشەكمۇ؟» دېگەن سوئال بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر پۇتبول چولپىنى ھېسابلىنىدىغان ئەنگلىيىلىك بۇ چولپانغا ھەۋەس قىلىدىغان، ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى ھۇجرىلىرىغا، كىتاب-دەپتەرلىرىنىڭ مۇقاۋىلىرىغا چاپلىۋالىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، بۇ غەلىتە سوئالدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ جىممىدە بوپكېتىشتى. مەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن: «مېنىڭچە، بىز ئۈچۈن بېكخامدىن ئىشەك مۇھىم» دېدىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى. مەن قاراشلىرىمنى ئېنىق، كونكرېت، چۈشىنىشلىك، پاكىتلىق، قىزىقارلىق، جانلىق، قاراتمىلىق قىلىپ ئىككى سائەت سۆزلەپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلاردىن باشتىكى سوئالىمنى قايتىلاپ سورىۋىدىم، زالدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك خۇشاللىق بىلەن «ئىشەك!» دەپ ۋارقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى نۇتۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز لېكسىيىنى ئاڭلىدى. مەسىلىلەرگە ئالدى بىلەن خەلق مەنپەئىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئويلاپ بېقىش كېرەكتە: بېكخام بىزنىڭ خەلقىمىزگە، ئانا ۋەتىنىمىزگە نېمە قىلىپ بەرگەن؟ ئىشەكچۇ؟ ئىشەك مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدا مۇشكۈلىنى ئاسان، سەپەر-مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا يىراقنى يېقىن، يۆتكەش-توشۇش ئىشلىرىدا ئېغىرىنى يېنىك قىلىپ ئاجايىپ رول ئويناپ كەلدى. ئەجدادلىرىمىز يايلاق تۇرمۇشىدا ياشىغان دەۋرلەردە ئات سەلتەنەتلىك تۆھپىلىرى بىلەن مىسلىسىز رول ئوينىغان بولسا، خەلقىمىز كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراق تۇرمۇش شەكلىگە قەدەم قويغان مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىشەك كۈندىلىك ھاياتتا بارلىق ھايۋاننى بېسىپ چۈشىدىغان تۆھپىسى بىلەن مىسلىسىز رول ئويناپ كەلدى. بۇ نۇقتىدا بىز ئىشەكتىن ئىبارەت بۇ مەخلۇقنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيانقى قاتناش-ترانسپورت ۋە يېزا ئىگىلىك تارىخىدىكى تۆھپىسى ئەڭ زور «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ باھالىساق قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئىشەك بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ سىمۋولى! بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر ئىشەك بولسا، ئۇ ئائىلىنىڭ كۈندىلىك جاپاسىدا زور ئاسانچىلىق كۆرۈلىدۇ. ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئىشەكمۇ تۆت-بەش ئاۋۇل ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. «ئىشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» بولغان بىلەن، ئىشىكى يوق دېھقاننىڭ ھالىغا ۋاي! جانغا تولىمۇ ئەسقاتىدىغان ئىشەكتىن ئىبارەت بۇ جانىۋار تالاي يىل مابەينىدە دۈمچىيىپ قالغان ماك-ماك مومايلىرىمىز بىلەن يۆتەلگەك بوۋايلىرىمىزنى مەنزىلىگە بىخەتەر يەتكۈزۈپ كەلدى. بىزنىڭ مىڭلىغان جاھانكەزدى ئوغلانىمىز ئاسىيانىڭ قەلبىنى ئاشۇ غەلۋىسى ئاز، مۇلايىم ئىشەك بىلەن كېزىپ چىقتى. ھېلىمۇ ئالتە شەھەردىكى، بولۇپمۇ قەشقەر-خوتەنلەردىكى مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جېنىغا ھەقىقىي ئەسقېتىۋاتقان ئاساسلىق قاتناش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى ئىشەك دەپ تونۇساق خاتا بولمايدۇ. بىز قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنىڭ بازار كۈنلىرىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈپ باقساقلا بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. قەشقەرنى ئالىدىغان بولساق، قەشقەرنىڭ يەكشەنبە بازىرىغا ئەتراپتىكى يېزا-ناھىيىلەردىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق دېھقان خوراز چىللىغاندىن تارتىپ چىڭقى چۈشكىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىدۇ. ئۇلار بۇ كۈنكى بازارغا ھەرگىزمۇ «سانتانا»، «خوندا»، «تويوتا»، «مېرسېدىس»لاردا كىرمەيدۇ، بەلكى 70-80 پىرسەنتى ئىشەك ياكى ئىشەك ھارۋىسى بىلەن كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ تارام-تارام يوللاردىن بازارغا قاراپ ئېقىۋاتقان ياكى ئۆيىگە قاراپ ئالدىراپ يېنىۋاتقان قىياپىتىگە قارىسىڭىز نېمە دېگەن تىرىشچان خەلق بۇ دېمەي تۇرالمايسىز. قەشقەرنىڭ يەكشەنبە كۈنىدىكى دېھقان بازىرى قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدىكى كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان گۇمانىتار مەنزىرە.

ئەمەلىيەت، پاكىت شۇنداق تۇرسا بىز يەنە قايسى يۈزىمىز بىلەن ئىشەكنى كەمسىتىمىز، ئۇنىڭ رولىغا سەل قارايمىز، ئۇنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمىمىز؟! بۇ ئاقىلانىلىكمۇ؟ بۇ ئادىللىقمۇ؟ ئىشەكنىڭ خەلقىمىزگە ۋە ئانا ۋەتىنىمىزگە كۆرسەتكەن بىھېساب خىزمىتى ئالدىدا، بىز ئۈچۈن ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس بولغان بېكخام نېمىگە ئەرزىيتتى؟ بېكخامنىڭ شان-شەرىپى بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ئۇ چولپان بولسا ئەنگلىزلارنىڭ ئاسمىنىنى يورۇتىدىغان چولپان. بىز پەقەت ئۇنىڭ ماھارىتىدىن زوقلىنىپ قويساقلا كۇپايە، ئۇنى مەبۇد قىلىۋېلىشىمىزنىڭ قىلچە ئورنى يوق.

www.uyghurkitap.com

ئاتا- بوۋىلىرىمىز، ئانا- موملىرىمىز تا بۈگۈنگىچە تايىنىپ كېلىۋاتقان، مىنىپ كېلىۋاتقان تۆھپىكار جانىۋار ئېشەكنى مۇشۇ مىللەتنىڭ ئوغلى بولغان ھوشۇر قارىي مىنىپ ئېكرانغا چىقسا مىللەتنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلىشىپ كېتەمدىكەن!؟ كىملەرگە سەت كۆرۈنىدىكەنمىز؟ كىملەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدىكەنمىز؟ كىمكەن ئۇ بىز نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدىغان؟ بىز بىر ئەمەلىيەتچى، بىر خەلقپەرۋەر سۈپىتىدە بۇ ئاددىي ھايۋاننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە رەھمەت ئېيتماقتا، ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلماقتا يوق، ئاللىكىملەرنىڭ نەزەرىدىكى ئوبرازىمىزنىڭ خۇنۈكلىشىپ كېتىشىدىن قورقساق ساختىپەز، تۈزكور بولمايمىزمۇ؟ «ئېشەك ئۇيغۇرنىڭ دوستى!»، «ئۇيغۇرلار ئېشەك ئۇستىدىكى مىللەت!» دەپ جاكارلىساق نېمىسى خاتا؟ پاكىت، ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، باشقىلارمۇ بىزنى بەربىر شۇنداق تونۇيدىغان تۇرسا. ياپونىيىلىك ئىكارىي كوئىچى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى «دادا، ئاپا خۇشھال ئۆتەيلى» ناملىق كىتابىدا: «كۆزۈمنى شۇنداق يۇمساملا يىپەك يولىدىكى بوستانلىق كەنتلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ماگسا- ماگسا تۈگمەيدىغان تەكلىماكان، يىراقتا قارنى يېپىنچا قىلغان قاراقۇرۇم تېغى. ئۇنىڭغا نەزەر سالغاچ ماگسىگىز چەكسىز داۋاملاشقان ئۇزۇن بىر يول. يول ئۈستىدە ئۇياق- بۇياققا كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىلىرىدا قىپقىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان، بۇلاقتەك كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر چوكانلىرى... يىپەك يولى مەنزىرىلىرىدە ئېشەك ھارۋىسى، ياشانغانلار، ئۇنىڭدىن قالسا باللار كەم بولمايدۇ... ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن، ئاپئاق ساقال قويغان بوۋايلار پەيلاسوپلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئېشەكنى قامچىلاپ يىراقلاپ كېتىدۇ. قەيەرگىلا بارسىڭىز بۇغداي، قوناق، كۆدە، يېڭىلا تېرىۋېلىنغان پاختا تاغارلىرى لىق بېسىلغان ھارۋىلار ئۇچرايلا تۇرىدۇ... ئېشەك ھارۋىلىرى ئېگىز تېرەكلىك يوللاردا چاڭ- توزان ئۆرلىتىپ يىراقلاپ كېتىدۇ. ھازىر شۇلارنى ئويلاپلا قالسام بىر خىل سېغىنىش ھېس قىلىمەن» دەپ يازغان. بۇنداق رېئاللىقنى پەردازلاشنىڭ، يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بىز قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ، ئاۋازىمىزنى جاراڭلىق چىقىرىپ، ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ «ئېشەك ئۇيغۇرنىڭ دوستى»، «ئۇيغۇرلار ئېشەك ئۇستىدىكى مىللەت» دەپ پەخىرلەنسەك بولىۋېرىدۇ. گەپ، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ كۈچلۈك- ئاجىزلىقىدا، قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىدە، پاكىتنى تەن ئېلىش جاسارىتىمىزنىڭ بار- يوقلۇقىدا! 1874- يىلى ئامېرىكىلىق داڭلىق رەسسام تومسون ناست بىر سىياسىي ھەجۋىي رەسىم ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېشەك بىلەن پىلنىڭ لىڭگىر تاقتاق ئويناۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. رەسسام ئېشەكنى دېموكراتلار پارتىيىسىگە، پىلنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە سىمۋول قىلىپ، بۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى نۆۋەتلىشىپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ھەجۋىي قىلغان. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ داھىيلىرى نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ ھايۋانلارنى ئۆز پارتىيىلىرىگە سىمۋول قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشقان. دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى: «ئېشەك— چىدامىلىق، قەيسەر ھايۋان. ئۇ ھەقىقەتەن بىزگە سىمۋول بولالايدۇ» دېگەن. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولسا: «پىل— تولىمۇ تەمكىن، ئىشچان ھايۋان. ئۇ ھەقىقەتەن بىزگە سىمۋول بولالايدۇ» دېگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك، پوزىتسىيىسى ئەمەلىيەتچىل بولغاچقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مەسخىرىلىك پاسسىپ ھالەتنى ئاكتىپ ھالەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇنداق روھ ئۆگىنىشكە ئەرزىمەمدۇ؟ باشقىلارنىڭ قانداق قارىشىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىش، باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپلا يۈرۈش، باشقىلارنىڭ باھاسى بىلەن تولا ھېسابلىشىش شۇ ئادەم ياكى شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ ناھايىتى بىچارىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەجدادلىرىمىز ئات مىنگەن، ئات!» دەپ ئېيتىلغان ھاياجانلىق باياناتتا ئاتنى ئۇلۇغلاپ، ئېشەكنى كەمسىتىش مەنىسى چىقىپ تۇرىدۇ. ئاتنى ئۇلۇغلاش ھەرگىز خاتا ئەمەس، بىراق ئېشەكنى پەسلەشتۈرۈش ئادالەتسىزلىك. مەسىلە بىزنىڭ كاللىمىزدا. ئويلاپ باقايلى، ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە، سەھنە- ئېكرانلاردا پادىشاھ، سانغۇن، سەركەردە، باتۇر، ئەزىمەتلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا كۆپىنچە ئاتلىق ھالەتتە يارىتىلغان بولسا، ئەۋلىيا، دانىشمەن، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوبرازى ئېشەكلىك يارىتىلىدۇ. ئېيسا ئەلەيھىسسالام ئۆمۈر بويى ئېشەك مىنىپ دىن تارقاتقانىكەن. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولغان مەشھۇر مۇناخ پىيەرلەمت گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىينى ئېشەك مىنىپ ئارىلاپ خرىستىئانلارنى يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۈشكۈرتكەنىكەن. بىزنىڭ دانىشمەن نەسىرىددىن ئەپەندىمىزمۇ ئۆمۈر بويى ئېشەك بىلەن جاھان كەزگەن.

قىسقىسى، ئېشەكنى كەمسىتىش ئاۋام ئادەتلىنىپ قالغان بىر تەرەپلىمە خاتا قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېشەكنى كەمسىتىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئەگەر ئۇ ھارام مەخلۇق دەپ قارالغاچقا، شۇ سەۋەبتىن كەمسىتىلىدۇ، دېيىلسە، موملىرىمىزنىڭ ئېتىكىدىن چۈشمەي ئەتىۋارلىنىدىغان مۇشۇكمۇ ھارام مەخلۇقتۇر. ئەمما ھېچكىم مۇشۇكنى كەمسىتمەيدۇ. بىر شائىرنىڭ شېئىرىدا: «ئەي ئوغۇل، بىلىم ئۆگەنگىن! نادانلىق نومۇستۇر، بۇ نومۇسنى كۆتۈرۈشكە پەقەت ئېشەكلا رازى بولىدۇ» دېيىلگەن. روشەنكى، بۇ ئېشەككە ئۇۋال قىلغانلىق. ئېشەك بىلىمسىزلىككە رازى بولۇپ ياشاپ، باشقا ھايۋانلار ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىۋالغان ئەھۋالنى بىرەر كىشى كۆرگىنى يوق! بىر قەلەمكەش ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتى ھەققىدىكى تاقىقا- تۇققا گەپلەر بىلەن تولغان بىر ماقالىسىدا، قايسىبىر ھەۋەسكارنىڭ «جاپاكەش بولغاچقا كۆپتۈر خىزمىتى، ھاياسىز بولغاچقا يوقتۇر ئىززىتى» دېگەن قوشىقىدىن

ئىلھاملىنىپ «ئېشەك تۆھپىسى زور ھايۋان بولسىمۇ، قىلىقى سەت بولغاچقا قەدرى يوق» دەپ يازغان. ئەجەبا، ئېشەكتىن باشقا ھايۋانلار چېتىشقاندا «ھۆجرىسى»غا كىرىپ كېتەمدۇ؟ ھەممە ھايۋان ئوخشاشلىغۇ.

دېمەك، بىز ئېشەكنى سەلبىيلەشتۈرۈش، پەسلەشتۈرۈشتە ئىزچىل ئۇۋال قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋال بىز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس باشقا مىللەتلەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد. مىسالەن، دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ھېكايىنى ئەسلەيدىغان بولساقمۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى ھېس قىلالايمىز. ئايتماتوف قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرىدىكى مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ھايۋانلار توغرىسىدا دەرس بېرىدىغان بىر رۇس پروفېسسور ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەتكۈزۈش مەقسىتىدە جامبۇلدىكى «ئات چاپار» دېگەن مال بازىرىغا باشلاپ بارغان. ئالارمەنلەر بىلەن ساتارمەنلەر مىژ- مىژ قايناپ كەتكەن مال بازىرىدا پروفېسسور بىر ئېشەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئايتماتوفقا قاراپ:

— ئايتماتوف، ماۋۇ، ئېشەكنىڭ قايسى تۈرى؟ قېنى سۆزلە،— دەپ كۆزەينىكىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغان. ئايتماتوف:

— بۇ جانىۋار دەسلىپىدە ئافرىقا بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا پەيدا بولغان، ھازىر سىبىرىيە، كەشمىر، تىبەت، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئاساسەن قولغا ئۆگىتىلىپ، ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ باشقا ھايۋانلاردىن قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. پاقالچىقىغا چۈشىدىغان ئىنچىكە قۇيرۇقىمۇ بار. تەخمىنەن ئون ئىككى ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ... — دەپ سۆزلەۋېتىپ ئېشەكنىڭ ئىگىسىگە كۆزى چۈشۈپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇيالغىنىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ تۇتۇتۇلەپ قالغان. سەۋەبى، ئېشەكنىڭ ئىگىسى بولغان ئاقساقال ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ قوشنىسى ئىكەن. ھېلىقى ئاقساقال ئۆز ئاۋۇلىغا قايتقاندىن كېيىن:

— ۋاي تۇۋا، تۆرەقۇلنىڭ بالىسى ئايتماتوف جامبۇلدا ئېشەكچىلىكنى ئوقۇپ يۈرۈپتۇ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مۇئەللىمى بىلەن بىللە بازاردا ئېشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېگى- تەكتىدىن باشلاپ ئۇرۇق- جەمەتى، يەتتە ئاتىسىنى پۈتۈنلەي ساناپ چىقتى،— دەپ پۈتكۈل ئاۋۇلغا ھېكايە قىلىپ بەرگەنىكەن.

ئەسلىدە ئېشەكنى تەتقىق قىلىش، ئېشەكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىش. ئەمما ئادەت كۈچى تۈپەيلىدىن بۇ مەسىلىگە نۇرغۇن كىشى كۈلكىلىك ئىش دەپ قارايدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى بولسا ناھايىتى ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ. بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ سىڭلىسى مۇئەللىمى بىلەن بىرگە كانادادىن قەشقەرگە مەخسۇس ئېشەكنى تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلغىلى كەلگەنلىكى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، سورۇندا ئولتۇرغانلار «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، كانادالىقلارغا سېلىشتۇرغاندا بىز ئېشەكنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن. ئەمما، ئەتۇرىسچە خەق ئېشەكنى چوڭ بىلگەنىۇ، بىز ئېشەكنى پەس كۆرگەن. بىز ئېشەكلىرىمىزگە ئاشۇنداق نادانلارچە، بىر تەرەپلىمە قاراشلاردا بولۇپ مۇئامىلە قىلساق توغرا بولامدۇ- خاتا بولامدۇ؟ بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىز زۆرۈر.

بىزنىڭ ياش شائىرىمىز ئادىل تۇنىياز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995- يىل 5- ، 6- (قوشما) ساندا بېسىلغان «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىدا:

*ۋەتەن، ئىيە ۋەتەن!*
*چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى*
*چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.*
*گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خۇشبۇراق گۈلدۇر،*
*ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن تولۇق تېزەك.*

دەپ يازغان. مانا بۇ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى شېئىر. ۋەتەن ھەرگىزمۇ ئابستراكت نەرسە ئەمەس، بەلكى تولىمۇ كونكرېت نەرسە! ئېتىز- داللىرىمىزدىكى قۇرت- قوڭغۇزلاردىن تارتىپ ھاۋادىكى پاشا- چىۋىنلىرىمىزگىچە ۋەتىنىمىزنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان شەيئىلەر ھېسابلىنىدۇ. تۆھپىسىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، خەلقىمىزگە قىش- ياز ئەسقېتىپ كېلىۋاتقان مۇلايىم، جاپاكەش مەخلۇق ئېشەك بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك قۇرۇق شوئارلىرىمىزدا، شۆھرەت ۋەسۋەسىسى بىلەن سۆزلىگەن ئالجىۋقا سۆزلىرىمىزدە ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ، ئەزىز خەلقىمىزنىڭ قىممىتى بار ھەر بىر نەرسىسىنى ئىككىلەنمەي قەدىرلىيەلىشىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، مەن سىزنىڭ ئېكراندىكى ئېشەك مىنىپ، قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس كىيىنىپ كۆرۈنگەن قىياپىتىڭىزنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئوبرازى» دەپ ئېيتالايمەن. بىزنىڭ خەلقىمىز ۋە ئانا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن قىلچىمۇ ماھىيەتلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان بېكخام ئەپەندى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى، مىللىتىمىزنىڭ دوستى بولغان ئېشەكنى سېلىشتۇرۇپ، «بىزگە بېكخامدىن ئېشەك مۇھىم» دەپ ماختىنالايمەن.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، روھىڭىزنى ئۈستۈن، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ! كۆپ ھالدا ئەخمەقلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب پەقەت سۈكۈتتىن ئىبارەت.

2007- يىل 12- دېكابىر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى (M1)

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت**

**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**



# شېئىر بىلەن ئۆتكەن 50 يىل

**نىزار قەببانى (سۈرىيە)**

*مۇھەررىردىن: 20 - ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ تەسىر قوزغىغان شائىر نىزار قەببانى 1923 - يىلى 21 - مارتتا دەمەشقتە تۇغۇلغان. 1945 - يىلى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سۈرىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئىشقا چۈشۈپ، ئىلگىرى - كېيىن مىسىر، تۈركىيە، لوندون، ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردە سۈرىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن. 1966 - يىلى خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ، بېيرۇتتا ئۆز نامىدا نەشرىيات قۇرغان ۋە مەخسۇس شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1982 - يىلى ئايالى بىلقىس ئىراقنىڭ بېيرۇتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا يۈز بەرگەن پارتلاشتا قازا قىلغاندىن كېيىن، ياۋروپاغا كەتكەن ۋە كېيىنكى ئۆمرىنى ئاساسەن ياۋروپادا ئۆتكۈزگەن. 1998 - 30 - ئاپرېل پارىژدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دەمەشققە دەپنە قىلىنغان.*

*1944 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ۋاقتىدىلا تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان نىزار قەببانى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شېئىر بىلەن ھەمنەپەسلىكتە ياشىغان، ۋاپاتىغا قەدەر نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەسەرلەردىن بولۇپ 41 توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1954 - يىلى نەشر قىلىنغان «نان، چېكىملىك، ئاي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن داڭقى چىقارغان ۋە شۇندىن كېيىن ھازىرقى زامان دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى بايان، ئىپادىلەش ماھارەتلىرىگە باي يەڭگىل، يېنىك ئۇسلۇب، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تۇيغۇسىغا تويۇنغان ئۆزگىچە شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تۆرىدىكى شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە ئاساسەن سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئايال تېمىسىدا قەلەم تەۋرەتكەچكە «ئاياللار شائىرى»، «سۆيگۈ شائىرى» دېگەندەك ناملارنىمۇ ئالغان. ئەرەب 1967 - يىلى پارتلىغان ئەرەب - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، «مەغلۇبىيەت دەپتىرىگە ئىلاۋە» ناملىق مەشھۇر شېئىرى بىلەن ئىجادىيىتىدە بىردىنلا سىياسىي تېمىدىكى شېئىرلارنى يېزىشقا بۇرۇلغان ۋە پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن سولقانات، ئوڭقانات ئەرەب سىياسىيونلىرىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان. ئەمما شائىرنىڭ يەڭگىل ئۇسلۇب، ئۆتكۈر پىكىر بىلەن تويۇنغان شېئىرلىرى ئاۋام تەرىپىدىن ئىزچىل سۆيۈپ، تالىشىپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۈچلۈك سېھىرلىكنى ۋە تىل، ھېسسىيات، پىكىر جەھەتتىن ئەركىن، يەڭگىل ئىنتىلىشنى ھېس قىلالايمىز. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك زوقىغا ئۇنىڭ ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى تەرجىمىھالىنى سۇنىدۇق. ئۇنىڭ كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە تولىمۇ شېرىن سۆخەن بايان يەڭگىللىكى ئۇرغۇپ تۇرغان يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى قەلبىمىزنىمۇ يېڭىچە ئىزدىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالىسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمىز.*

## 1

ئەللىك يىل مۇقەددەم مانا مۇشۇ ئايلاردا شېئىر ماڭا تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

ئىشكىمنىمۇ چەكمەي...
رۇخسەتىمۇ سورىماي...
ھەتتا تېلېفونىمۇ قىلىپ قويماي...

ئۇ ماڭا تاپسىدىلا ئۇچراشتى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزى ئېيىكەلگەن يوغانغىنا بىر خورۇم سومكىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى قايسىدۇر بىر مەسخىرىۋازغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى - دە، ئۆيۈمنى ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپ مۇنچامغا كىرىپ ۋاننىدا تازا راھەتلىنىپ يۇيۇندى... يەنە تېخى چىش پاستام، لۆڭگەم، ساقال ئالغۇچۇمنى خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك بىمالال ئىشلەتتى...

ئۇ توڭلاتقۇنى ئېچىپ: «قورساق تازىمۇ ئاچتىغۇ، قورساقنى توقلىغۇدەك بىرەر نەرسەڭ يوقمۇ» دېۋىدى،

— نان، قايماق، يەنە مېۋە سۈيى بار، — دېدىممەن. ئۇ:

**شېئىر ۋە شائىر**

www.uygurkitap.com

— تاماق دېگەن تەييار ئىكەنغۇ، مانا بۇ قايمىقىڭ قان بېسىمىمنى ئۆرلىتىۋەتسەمۇ، مېۋە شەربىتىڭ ئىسسىقىمنى ئاشۇرۇۋەتسەمۇ ئىچىۋەردىم ئەمەسە.— دېدى.

ئەمدى ئۇ ھۇجرامغا كىردى...

ئۇ كىيىم ئىشكاپىمنى ئاختۇرۇپ، ئۇخلاش كىيىملىرىمدىن بىرنى ئېلىپلا رۇخسەتسىزلا ئۈستىگە كىيىۋالدى. قىرىشقاندەك كىيىمىم ئۇنىڭ بەدىنىگە خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك چېپپىدە كەلدى.

ئۇ ئەپلىك بىر يەردە ئولتۇردى ـ دە، ئالدىدا تۇرغان رومكىغا فرانسىيە ھارىقى — شامپاندىن راسا تولدۇرۇپ قويۇپ ھوزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ شۇ ئىچكىنچە بىر شىشىنى بوشىتىۋەتكەندىن كېيىن دەلدەڭشىگەن پېتى كارىۋىتىمغا چىقىپ، ئورنۇمغا كىرىپ ياتتى ـ دە: «ياخشى ئۇخلا ئەمسە» دەپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

مەن ياتقىدەك يەر بولمىغاچ كرېسلودا ئولتۇرغىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن. مانا، ئارىدىن ئەللىك يىل ئۆتكەن بولسىمۇ مەن يەنىلا ئاشۇ كرېسلودا ئۇخلاپ كېلىۋاتىمەن...

## 2

شېئىر دېگەن بۇ نەرسە 1940 ـ يىلىنىڭ مانا مۇشۇ ئايلىرىدا ئۆيۈمگە كىرىۋېلىپ تا ھازىرغا قەدەر چىقىپ كەتكىلى ئۇنىمىدى...

دەسلەپتە ئۇنى نەدىندۇر كەلگەن بىر مۇساپىر ئوخشايدۇ، ناھايىتى كەلسە بىر ـ ئىككى كۈن، بىر ـ ئىككى ھەپتە ياكى بىر ـ ئىككى ئايلا تۇرار، دەپ ئويلاپتىمەن...

بۈگۈنگە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيۈمنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، مېنىڭ ئۇنىڭغا قەھۋە دەملەيدىغان، گېزىت، تاماكىلىرىنى سېتىۋالىدىغان، ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ئايىغىنى سۈرتىدىغان چاكىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىمنى، يەنە تېخى بولارمۇ يەتمىگەندەك ئۇنىڭ ئۆي خېتىمىمنى تارتىۋېلىپ ئۆيۈمنى ئۆز نامىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ تا قىيامەتكىچە مېنى بوزەك ئېتىشىنى نەدىن بىلەي.

ئۇ دائىم مېنى قارىتىپ قويۇپ يەپ ـ ئىچىپ، قارتا ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، كۆز ئالدىمدىلا خوتۇنىغا چېپىلىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ نورغۇن بالىسى بولدى. ئۇلارنى مەن ئۆزۈم ئېمىتىپ چوڭ قىلدىم، ئۆزۈم مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىم. ئۆزۈم يەنە...

## 3

مەن شېئىر بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتكۈزگەن بۇ ئەللىك يىلنى خۇددى قوش قەپەسكە سولىنىپ قالغاندەك قاچان ئەركىنلىككە چىقىشىمنى بىلەلمەي، ئامالسىزلىق ئىچىدە تولىمۇ قىينىلىپ ئۆتكۈزدۇم.

شېئىر بىلەن ئەللىك يىل بىر ئۆيدە تۇرۇش بەئەينى يانار تاغ ئېغىزىدا تۇرغانغا ئوخشايتتى، سەن ئۇنىڭ قاچان يارتىلىشىنى، قاچان تىنجىشىنى بىلمەيتتىڭ.

شېئىر بىلەن ئەللىك يىل بىر ئۆيدە تۇرۇش سارائىلىق بىلەن ئۆي تۇتقاندەك ئىش ئىدى، قاچان خۇشلىقى تۇتۇپ سېنى قۇچاقلىشىنى، قاچان سارائىلىقى تۇتۇپ سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىنى بىلمەيتتىڭ.

شېئىر چاقچاق قىلىدىغان نەرسە ئەمەسكەن.

بىر بولسا ئۇ ساڭا ئالتۇن ئوردېن تەقدىم قىلىدىكەن، بىر بولسا سېنى يۈرەك كېسىلى قىلىپ قويىدىكەن...

1974 ـ يىلى يۈرەك كېسىلىم قوزغىلىپ يېتىپ قالغاندا بېيرۇتتىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدىم.



نىزار قەببانىي

ئۆيۈمگە كىرىۋالغان ھېلىقى يوچۇن ئادەم بىر دەستە گۈل ئېلىپ كېلىپ ماڭا:

— I am sorry، ساڭا ئۇۋال قىلدىم، مېنى كەچۈر، — دېدى. مەن:

— ھېچقىسى يوق، مەن زىممەمدىكى شېئىر قەرزىنى ئادا قىلدىم. بىر ئادەمنىڭ شېئىر يېزىۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ قارتا ئويناۋېتىپ، چىلىم تارتىۋېتىپ ياكى ئەرەبچە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ ئۆلۈپ كەتكىنىدىن مىڭ ياخشى! — دېدىم.

## 4

ئەللىك يىل بۇرۇن شېئىر دېڭىزىغا چۈشكەن شۇ چاغدا، غەۋۋاسلىق سەنئىتى ۋە دېڭىز ئەخلاقى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتىم.

دېڭىز سۈيى ئىزىمدىن ئاشمايدىغۇ... سۇغا چۆمۈلۈپ، بىر پەس ئاپتاپسىنغاندىن كېيىنلا ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

بىراق نەدىكىنى، ھازىرغا قەدەر قۇرۇقلۇققا قايتالمىغىنىم يوق...

كەچ بولغاندا ئاپام مېنى ئىزدەپ كېلىپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

چارلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئاپامغا:

— سەۋر قىلىپ ئاڭلاڭ، خانىم، ئوغلىڭىز بۇلاپ كېتىلدى. ئۇنى سۇ پەرىسى بۇلاپ كېتىپ ئۆزىگە ئەر قىلىۋالدى، ئەمدى ئۇنىڭ قايتىپ كېلەلىشىدىن ئۈمىد يوق.— دېدى.

ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي ئەپەندىم، ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ كەلگەن بولسىڭىز،— دېدى.

ئەترەت باشلىقى:

— قايغۇڭىزنى چۈشىنىمەن، شۇ تاپتا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. سىزگە ئۇچۇقىنى ئېيتسام، دېڭىز توغرىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمگە قارىغاندا، سۇ پەرىسى بىلەن توي

قىلىنغانلار ئۇمۇرۋايەت ئاجرىشالمايدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، ساقچىخانىمىزنىڭ ئارخىپلىرىدا دېگىنىز پەرىسى بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتەلىگەنلىكىگە ئائىت ھېچقانداق ئۇچۇر يوق،— دېدى.

— باللىرىڭىزنىڭ يۈزى ئۇچۇن بولسىمۇ نېمە قىلسىڭىز قىلىپ ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىز. مېنىڭ ئوغلۇم مۇھەببەت، نىكاھ دېگەنلەرگە تېخى كىچىكلىك قىلىدۇ. مەن سىزگە ھالقا- ئۈزۈك، زىبۇ- زىننەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بېرەي، سىز ئۇلارنى سۇ پەرىسىگە ئاپىرىپ بېرىپ، بۇلار بەدىلىگە ئۇنىڭ قولىدىن ئوغلۇمنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىققان بولسىڭىز.

— خانىم، سۇ پەرىسى دېگەن قىشمۇ- ياز قىپيالىڭاچ ياشايدۇ. ئۇ، ھالقا- ئۈزۈك، ئالماس سائەتلىرىڭىزگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ. سۇ پەرىسى پارا ئالمايدۇ...

— لېكىن ئوغلۇم ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان كىچىك بالا تۇرسا، مۇھەببەت، نىكاھ دېگەنلەرنى نېمە بىلسۇن؟...

ئەترەت باشلىقى ھېيارلارچە كۆلكىسىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— ئۇنچە ئەنسىرىمەڭ خانىم، سۇ پەرىسى سۇ ئاستىدا ئوغلىڭىزغا ئۇ دېگىنىز ئاكادېمىيىسىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ چىققانغا قەدەر مۇھەببەت سىرلىرىنى ئۆگىتىدۇ،— دېدى.

## 5

سۇ پەرىسىگە ئۆيلىنىپ ئەللىك يىلدىن كېيىن ئەللىك باللىق (كىتابلىق) بولدۇم. ھەممىسى شۇنداق ساغلام...

سۇ پەرىسى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ئاي كۈنلىرى بولمىدى.

بىزنىڭ كۈنلىرىمىز بەئەينى گاھ تارىيىپ، گاھ كېڭىيىپ، گاھ ئاپتاپ چىقىپ، گاھ يامغۇر يېغىپ، گاھ شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان دېڭىزدەك بىر خىل ئۆتمىدى.

ئۇ باللىرى بىلەن دولقۇن تېپىلىپ ئوينايدۇ ...

مەن قەغەز، كىتاب ۋە نەرگىس گۈللىرىم بىلەن مەشغۇل...

دېڭىزدىكى يۇسۇنلار ۋە تاشپاقىلار بىلەن مۇڭدىشىمەن...

سۇ پەرىسى ماڭا يېقىن يولىغان ھەرقانداق چىشى بېلىقنىمۇ قوغلاۋاتقان...

## 6

شېئىر- قەسىدىلەر بىلەن ئۆتكەن ئەللىك يىلدىن كېيىن شۇنى تەن ئالدىمكى، شېئىر ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىغان بىشەم ئايال ئىكەن. خالىسا ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەن، خالىسا سېنى ئەر قىلىدىكەن .خالىسا ساڭا ئاجرىشىش خېتى ئەۋەتىدىكەن...

شائىرنى سۆيگۈ داستانىنى ئۆزى باشلاپ يازىدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس، توغرىسى— شېئىر شائىرغا بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ- دە، شائىر ئۇنى يېزىشقا باشلايدۇ.

شېئىرىيەتتىكى ئالىيجانابلىق شائىرنىڭ قولىدا دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ھۆرمەت دەل شېئىرنىڭ ئىلكىدە.

ياتاق ئۆينى رەتلەيدىغانمۇ، رومكىلارنى تەييارلايدىغانمۇ، مۇزىكا تۇرىنى تاللايدىغانمۇ، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۇدۇل كەلگىنىچە ساڭا تاشلىنىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ شېئىر.

«پالانى شېئىر ئوغرىلىدى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھەممىسى يالغان. ئەكسىچە ھەممىمىزنى ئوغرىلاپ كېتىدىغىنى ئەنە شۇ شېئىر.

شائىرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز تەرجىمھاللىرىدا ئۆزلىرىنى «دونكىخوت» ئوبرازىدا نامايان قىلىشقا ئۇرۇنۇشىدۇ- دە، ئۇلار ساڭا «شېئىرىيەتنىڭ پاسبانلىرى»دەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ساختىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، شائىر دېگەن شۈبھىسىز پادىشاھدەك پادىشاھلىق قىلىدۇيۇ، ئەمما ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

شېئىر بۇيرۇقدارغا ئايلانغان چاغدا سەن شېئىرغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيسەن- دە، ئۇ دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ!

## 7

ئەللىك يىل ئىلگىرى شېئىر سېخىغا كىرگىنىمدە ئەتراپىمدا خام ماتېرىياللار: كۆرپە، بوياق، لاي، تاشپاختا، ياغاچ، رەخت، ھاكتاش، ئىسكىنە، قېلىپ ۋە خىش پىشۇرىدىغان خۇمداننىڭ ھەممىسى تەق ئىكەن. سېخ باشلىقىغا:

— نېمە ئىش قىلىمەن؟ قەيەردىن باشلايمەن؟— دەپ سوئال تاشلىدىم. ئۇ:

— قەيەردىن باشلىغۇڭ كەلسە شۇ يەردىن باشلاۋەر. قولۇڭنى چەۋەر قىل... ئوڭ- سولۇڭغا قارىما... باشقىلارنىڭ قېلىپىغا يېقىنلاشقۇچى بولما. بولمىسا تۈرمىگە كىرىسەن ... ئۆزۈڭنىڭ قېلىپىنى ئىشلەت.... لاي بۇ يەردە، سۇ مانا، خۇمدان ئەنە... ئەگەر ئىشلەۋاتقىنىڭدا قولۇڭ كۆيۈپ قالسا، دەرھال تۇرۇبا سۈيىگە تۇت. سېخىمىزدا داكا، ئىسپىرت يوق. يەنە ئېسىڭدە بولسۇن، خىزمەت ئارىلىقىدا ئىشداشلىرىڭ بىلەن پاراڭلاشما، چۈنكى مەن سېختا ۋالاقتەگكۈرلەر ۋە قۇرۇق پاراڭلارنى ياقتۇرمايمەن،— دېدى. مەن:

— لېكىن ئەپەندىم، مەن تېخى ئىش ئۇقمايمەن. مەن ئەمدىلا ئون ئالتە ياشتا، قانداق مەشغۇلات قىلىدىغىنىمنى دەپ بەرمىسىڭىز بولماس،— دېسەم، ئۇ ۋارقىراپ شۇنداق دېدى:

— ھەي شۇم، بۇ يەر بالىلار باغچىسى ئەمەس، مەندە ساڭا بېرىدىغان ئېمىزگە، سۈت، كەمپۈت- شاكىلاتلارمۇ يوق. تولا ۋالاقلىماي خىزمەت كىيىمىنى كىيگىن- دە، چاپسان ئىشقا چۈش...

## 8

كۆك رەڭلىك خىزمەت كىيىمىنى كىيدىمدە، ئىشقا چۈشۈپ كەتتىم.

باشلىقنىڭ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاپ تۇراتتى:

— ئوڭغا قارىما.

— سولغىمۇ قارىما.

— باشقىلارنىڭ قېلىپىنى ئىشلىتىۋالما.

مانا بۇ سۆزلەرگىمۇ توپتوغرا ئەللىك يىل بوپتۇ، ئەمما ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدە.

مانا، كۆك رەڭلىك خىزمەت كىيىمى ئىشلىسەممۇ، ئۇخلىسامممۇ ھەتتا يۇيۇنسامممۇ كېچە- كۈندۈز ئۇستۈمدە تۇرۇپتۇ...

سېخ باشلىقى تەۋسىيە قىلغان بارلىق شېئىر تۈزۈملىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن. توغرا، بۇ ناھايىتى قاتتىق

uyghurkitap.com

رىجىم ئىدى. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئەللىك يىلدىن بېرى شېئىرىي لاياقىتىمنى ساقلاشتا بەك ئەسقاتتى.

باشقىلارنىڭ داستىخىنىدىكى پىسا قاتلىمىسى، ئۈگرە، پاقلان گۆشى ۋە قايماقلىق پېچىنىلەر بىلەن بەھۇزۇر قورساق بېقىپ كېتەلىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇنداق قىلمىدىم. باشلىقىمنىڭ سىيماسى مەيلى تاماق ئۈستىلىدە، مەيلى يىزىقچىلىق ئۈستىلىدە بولاي، كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى.

9

مېنى تېپقا ئايرىيمىز دەپ ئۆزۈڭلەرنى قىينىماڭلار...

مەن ئىزىم ـ پىزىم، مۇقىم باھا، ئۆزگەرمەس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ سىرتىدىكى شائىرمەن.

مەن ئەنئەنىچىلىك، مودېرنىزىم، كلاسسىزىم، يېڭى كلاسسىزىم، رومانتىزىم، سىمۋولىزىم، ئۆتمۈشچىلىك، فۇتۇرىزىم (كەلگۈسىزىم)، تەسىراتىزىم، كۇبىزىم (تىك تۆت قىرچىلىق)، ھالقىما رېئالىزىم دېگەندەك ئىقىم ـ ئىزملارنىڭ ھېچقايىسىغا تەۋە ئەمەسمەن.

مەن ــ «ئارىلاشما ماددا»، تەجرىبىخانىلاردىمۇ ئانالىز قىلغىلى بولمايدىغان.

مەن ــ خىلمۇ خىل ئەركىنلىكتىن تەركىب تاپقان ئەبجەش ئەركىنلىك....

مانا بۇ مەن ئەللىك يىلدىن بۇيان ئىزدەۋاتقان سۆز...بۇ سۆزنى تېخى ئەمدى تېپىۋالدىم.

10

مانا شۇ ئەركىنلىك مېنى تارىخ بارماقلىرىمغا چۇشۇرۈۋاتقان بارلىق بېسىمدىن، قاتناش بەلگە ـ بەلگىلىمىسىدىن ئازاد قىلدى؛

ئەركىنلىك مېنى ئاۋاز ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ دۆتلىكىدىن ۋە نۇسخىئالغۇلارنىڭ چىشلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى؛

ئۇ مېنى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش كىيىنىشتىن، ھەممىگە ئورتاق بىر خىل رەخت، بىر خىل رەڭ ئىشلىتىشتىن ساقلاپ قالدى. چۈنكى شېئىر ئەسكەرمۇ، سپىرتامۇ ۋە ئايروپىلان كۈتكۈچىسىمۇ ئەمەس.

ئەركىنلىك ماڭا خالىغان ۋاقىتتا خالىغان تىلنى ئىشلىتىش ئىمكانى بېرىدى...

مەن شېئىردىكى ئادەت تۈزۈملىرىدىن ھالقىغان، شۇنداقلا ئالاھىدە ھالەت قائىدىلىرىدىنمۇ، كېرىكى يوق زۆرۈرىيەتلەر ئاسارىتىدىنمۇ قۇتۇلغانمەن.

باشقىلارنىڭ مېنىڭ سىياقىمغا كىرىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

ئۆزۈن ئاسما شېئىرلارنىمۇ يازىمەن، قىسقا شېئىرلارنىمۇ يازىمەن. ۋەزنلىك شېئىرلارنىمۇ، ياتتۇ شېئىرلارنىمۇ ۋە نەسرىي شېئىرلارنىمۇ يازىمەن.

قاپىيىلەرنى بىر كېچىلىكلا نىكاھىمغا ئالىمەن ـ دە، ئىككىنچى كۈنى دەرھال تالاق قىلىۋېتىمەن.

مەن بىردە قولۇمنىڭ ئۇچۇقلۇقىدىن ئۇرۋە ئىبنى ۋەرد[1]كە ئوخشاش گادايلىشىپ كېتىمەن.

بىردە ئىنگلىز بايۋەچچىلىرىدەك مۇراسىم كىيىمى كىيىمەن.

بىردە قىس ئىبنىي سائىد[2]قا ئوخشاش يول ـ يوللاردا ئۇتۇق سۆزلەيمەن...

جاز مۇزىكىسى چېلىپ، بىتلىز ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتىمەن ...

ئەركىنلىكىم مېنى تالاي ھاماقەتلىكنى قىلىشقا ئېلىپ باردى...

لېكىن مەن ھاماقەتلىكلىرىم ئۈچۈن ئۆزرىمۇ ئېيتمايمەن، پۇشايمانمۇ قىلمايمەن...

ھاماقەتلىكتىن ئايرىلغان شېئىر چېركاۋدا ئېيتىلىدىغان ۋەز، يەنە شۇنداقلا ئوقۇش خۇشياقمايدىغان سايلام باياناتلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ...

11

تىل ئارقىلىق دېموكراتىيىنى ۋە تەنھەرىكەتتە بولىدىغان بىر خىل ئەركىن ـ ئازادە شادلىقنى ئۆزۈمگە ئەرمەك قىلىۋالدىم.

گەپنى ياساپ ئولتۇرمىدىم. پەلسەپىمۇ سۆزلىمىدىم...ئويۇندا كۆز بوياmچىلىقمۇ قىلمىدىم. تىل ئەينىكىنىمۇ چاقمىدىم. لېكىن مەن ئۇنى سۇ، سوپۇن بىلەن يۇيۇپ، سۈرتۈپ قويدۇم.

لۇغەتلەرنى كۆيدۈرمىدىم، لېكىن مەن ئۇنىڭ بىلەن كىشلەر ئارىسىدا «كۆندۈرۈش» ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ باردىم.

دادامنىڭ بۇرۇتى، يەكتىكى ۋە دوپپىسىنى قايچىلىمىدىم.

لېكىن مەن دادامدىن كىيىملىرىمنى بازاردىن ئالماي، تىككۈچىلەرگە بۇيرۇپ تىككۈزۈشنى ئۆتۈندۈم

دادام مەدەنىي ئادەم ئىدى... ئۇ تېخى مەندىن مەن كىيىم تىككۈزىدىغان ماشىنىچى ئۇستامنى ئۆزىگىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى ئېيتقان، كېيىنچە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پەقەت شۇ يەردىلا تىككۈزۈپ كىيىدىغان بولغانىدى...

12

باشتىلا مەن شېئىرىيەت دېموكراتىيىسىدىن بەھرىمەن ئىدىم. شېئىرنىڭ بۆلگۈنچى ھەرىكەت ئەمەس، بىرلەشتۈرگۈچى ھەرىكەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم...

شېئىر ئۆزۈك ھەمزە (ئىزولياتور) ئەمەس، ئۇلاق ھەمزە (كاتالىزاتور)دۇر.

شېئىر باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش سەنئىتى، قانداقتۇر تەنھالىق سەنئىتى ئەمەس.

شېئىر يۇمشاق قولدا سىلاش ـ سىيپاش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش سەنئىتى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش، ئۇلارنى شېئىرىي بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش سەنئىتى ئەمەس.

شېئىر دېموكراتىيىسىگە بولغان ئىشەنچىم مېنى ئاخىرى دېموكراتىيىگە ئىشىنىدىغان، ئاممىۋى قەھۋەخانىلاردا ئولتۇرۇپ دارچىن، ئارپىبەدىيان دەملەكلىرىنى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئويۇنچۇق ئوينايدىغان، ھۆكۈمەت ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرىدىغان، ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردا ياتىدىغان، پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى، ئادىل ئىمام، دۇرەيد لىھاملارنىڭ دراملىرىنى كۆرىدىغان، ئەبۇ زەيدىل ھىلالىي(ئەرەب قەھرىمانى. ـ ت)نىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇيدىغان باشقا بىر تىلنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۈندىگەنىدى...

مەن شېئىرنىڭ كىشلەرنىڭ كۆزلىرىدە، ئاۋازلىرىدا، تومۇرلىرىدا، ياش ۋە كۈلكىلىرىدە مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. مېنىڭ بىر شائىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن

ئورۇندايدىغان مەجبۇرىيىتىم — ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ ئېيىنەن ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتۇر.

مانا بۇ مەن ئەللىك يىل مابەينىدە قىلىۋاتقان ئىشلار!

دەل شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىماق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەپ ئىشلىگەن ئۇزۇن سىن لېنتىلىرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە شېئىرلىرىم ئەتراپىغا توپلاشتى. مەن ئىشلىگەن شېئىرىي سىن لېنتىلار ئەڭ كۆپ تارالدى. چۈنكى ئاددىي خەلق ئۆز سۈرەتلىرىنى كىرىشتۈرمە سۈرەتلەر، چۈمبەل — چۈمپەردىلەر، پەرداز — بوياقلاردىن خالىي تەبىئىي سىياقتا كۆرۈشنى ياقتۇراتتى.

**13**

ئوبزور شېئىر ھارۋىسىغا ئېسىلماق بولار،
لېكىن قامچا سالار ئاڭا ھارۋىكەش
شۇندا ئوبزورچى زەردە بىلەن يىقىلىپ قالار...

**14**

مەن ھەممە جايدا چەكلەنگۈچى.
دېمەك، مەن ھەممە جايدا ئوقۇلغۇچى.

**15**

نېفىت مەدەنىيەت مەھەللىسىگە كىرىشتىن بۇرۇن مەھەللىمىز بەختىيار، شاد — خۇرام ئىدى.

كىشىلەر يەپ — ئىچەتتى، بىر — بىرىنىڭكىدە تۈنەپ چىقاتتى، قىز — ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ قويۇشاتتى، ئىشىكلىرىنى قۇشقاچلارغا ۋە ئاي نۇرىغا ئېچىۋېتەتتى...

نېفىت
تۆگىلىرىنى ...
باغلام — باغلام چەكلىرىنى...
پۇل چامادانلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە بولسا...

مەھەللە ئەخلاقى بوزۇلدى. مەدەنىيەت ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىمۇ نەدىكى لۈكچەك، ئوسال ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى...

ئوبزورچىلىقىمۇ خۇددى بازار باھاسىغا قاراپ ئىش تۇتۇلىدىغان ھايانكەشلىكتەك بىر ئىش بوپقالدى.

**16**

ئەرەب شائىرى شەك — شۈبھىسىزكى، دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك شائىردۇر. چۈنكى ئۇ شېئىر قەرزىنى نەچچە ھەسسە پايدىسى بىلەن قايتۇرىدۇ.

شۋېتسارىيىلىك شائىر جەنۇەدىكى مەلۇم كۆل ياقىسىدا ئۆردەككە دان تاشلاپ ئولتۇرغىنىدا؛ فرانسىيىلىك شائىر سان گېرمان قەھۋەخانىسىدا ئالدىغا بىر قەدەھ كونياك قويۇپ، گولۇاز سىگارتىسىنى چېكىپ ئولتۇرغىنىدا؛ ئەنگلىيىلىك شائىر بىر كوزا قارا پىۋىگە قول سوزۇۋاتقىنىدا؛ ئامېرىكىلىق شائىر نيۇ - يورك شەھىرىنىڭ مانخاتتون رايونىغا جايلاشقان «چىز مانخاتتون بەنك» بىناسىنىڭ ئۆگزىسىدە ئولتۇرۇۋاتقىنىدا، ئەرەب شائىرى شېئىر بومبىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئۇ، بۇ بومبىنىڭ قاچان پارتلاپ كېتىشىنى بىلمەيدۇ...

**17**

ئاھ ئايال
يازماي بولماس
ساڭا ئاتاپ قەسىدە ھامان.
لېكىن قاچاندۇر
چەكتىن ئېشىپ بېرىلسەم ساڭا
ئۆلۈپ قالار قەسىدە شۇئان.

**18**

شۆھرەت مېنىڭ بېشىمغا چىقتى
ماڭا ئەمدى نېسىپ بولۇرمۇ؟
بىرگە ئۇخلىماق
200 مىليون خەلقىم بىلەن
بىر ئۆيدە، بىر كارىۋات ئۈستىدە...

**19**

بىر قىسىم بىلەرمەن بىزنى: «شائىرنىڭ خەلقچىل بوپكېتىشى — ئۇنىڭ تۈگەشكىنى» دېگەنگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ.

ھالبۇكى، مەن ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ بىر خەلقچىل شائىر ئىكەنلىكىمگە ئىشەندۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. مەن مانا شۇ خەلقچىللىقىم بىلەن ئەللىك يىلدىن بېرى نېنىمنى پۈتۈن يەپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

**20**

ئەللىك يىلدىن بېرى
مەشۇقۇمدۇر ئايالار مېنىڭ
شۇنداق بولۇپ كەلدى ھېلىھەم...
بىراق بۈگۈن
قوشتۇم ئۇلارغا
ۋەتەن ئاتلىق يېڭى كۈنداشنى.

**21**

مەيدەم ئۇلار چاپلىغان چاپلاقلارغا لىق تولۇپ كەتتى:
ئاياليەرەس شائىر
كۆكسخۇمار شائىر
قىزخۇمار شائىر
سۆلەتۋاز شائىر
شاللاق شائىر
ئىشقىۋاز شائىر
ئىشرەتۋاز شائىر
بۇزۇق شائىر
جان باقار شائىر
رەزىل شائىر
خۇدا ئۇرغان شائىر
مەغلۇبىيەتچى، چۈشكۈن شائىر
سىياسىي ھەجۋىيچى شائىر...
دېگەندەك سۆزلەر...

ۋەھالەنكى، ئاشۇ چاپلاقلارنىڭ ھەممىسى خۇددى غازاڭدەك تامامەن تۆكۈلۈپ تۈگىدى... دەرەخ يەنىلا قەددىنى تىك

تۇتقان يېتى قېپقالدى!

## 22

كېيىنكى يىللاردا...

يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپ تىرناقلىرىمىدا قەغەزنى تاتىلايدىغان بوپقالدىم.

مەن بىر ئەسەبىيگە، ئوت قويغۇچىغا، ئۇرۇپ- چاققۇچىغا ئايلاندىم...

ئىنكاسىمۇ بارغانسېرى ياۋا توشقاننىڭكىدەك تېزلىشىپ كەتتى...

يىگرمە يىل ئىشلىگەن دىپلوماتىيە خىزمىتىمنى ئۇنتۇپ قالدىم...

ئەرلەرگە ياخشىچاق بولۇش، ئاياللارنىڭ قولىغا سۆيۈشلەردىنمۇ چىقىپ قالدىم.

ئۇستۇمدىكى پاتلانغان كۆڭلەكنى، ئېغىزىمدىكى ياسالما سۆزلەرنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتىم.

مەن ئەمدى خۇددى تاپانچىغا ئوخشاش ئاتاي دېگەندە دەررۇ ئېتىلغان بىر نەرسە بولماقچى.

## 23

ھەر قېتىم مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە «نىزارچە ئۇسلۇب» دېگەن سۆزنى كۆرگىنىمدە كۆڭلۈم بىر خىل كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. تارىختا شافىئىي ئېقىمى، ھەنەفىي ئېقىمى، ھەنبەلىي ئېقىمى، مالىكىي ئېقىمى... دېگەندەك ئېقىملارنى ياراتقانلارغا ئوخشاش مەنمۇ شېئىرىيەتتە «نىزارىي ئېقىمى» دەپ بىر ئېقىمنى ياراتقۇچىغا ئايلانسام تازا قالتىس ئىش بولمامدۇ؟...

## 24

ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنى ھېچكىم ئۆز ئالدىغا بارلىققا كەلتۈرۈلگان ئەمەس.

ئۇنى شاكىر سەيياب، نازىك مەلائىكە (يېقىنقى زامان ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى خاس ئۇسلۇب ياراتقان داڭلىق شائىرلار.- ت) ۋە ياكى پالان- پۇستانلارمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن ئەمەس.

يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى 1930- يىللاردا باشلانغان خور مۇزىكىسىدۇر. ئۇنى ۋەتەن ئىچىدىكى ۋە سۈرگۈندىكى بارلىق ئەرەب شائىرى ئورتاق ئورۇندىغان...

ھەر بىرى بىرخىل ئەسۋاب بىلەن
ھەر بىرى بىر خىل ئاھاڭدار جۈملە بىلەن
قايسىبىر زۇرۇر نەرسە بىلەن
ياكى بىرەر قارار بىلەن
ۋە ياكى قارارغا بېرىلگەن جاۋاب بىلەن ئورۇندىغان...

قانداق بىر ئادەم ئۆزىنى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ بېتخوۋېنى قىلىپ كۆرسىتىدىكەن، بۇنداق ئادەمنى گەپ يوق بۇلاڭچى ۋە ئالدامچى دېيىش كېرەك.

## 25

مەنچە، ئۇ يەردە بىرخىللا ئەرەب تىلى بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن تىل...

جاھىزنىڭ تىلىمۇ
ئىبنى مۇقەففەئنىڭ تىلىمۇ
ئىبنى قۇتەيبەنىڭ تىلىمۇ

يەنە تېخى جۇرجانىينىڭ (كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتشۇناسلىرى.- ت) تىلىمۇ مەۋجۇد.

ئۇ يەردە بوھتەرىينىڭ تىلىمۇ، ئەبۇ نۇۋۋاسنىڭ تىلىمۇ، مۇتەنەببىينىڭ تىلىمۇ، ئەھمەد شەۋقىينىڭ تىلىمۇ، ئەمىن نەخلە، ئىلياس ئەبىي شەبكە، بەششار خورىي، سەئىد ئەقىل ۋە ئەدۇنىسلار (قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان داڭلىق ئەرەب شائىرلىرى.- ت)نىڭ تىللىرىمۇ بار.

ئەنە شۇلارنىڭ ھەربىرى پەقەت ئۆز تىلىدا ئىجاد قىلغان، ئەسەر يازغان، ئۆزلىرى ياقتۇرغان ئۇسلۇب ۋە شەكىللەر بويىچە ھەر خىل ئەدەبىي مەشغۇلات ئېلىپ بارغان.

ئەگەر مەندىن:

— سەنچۇ؟... بۇ جەھەتتە سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سورىغۇدەك بولساڭلار، مەن ئاددىيلا قىلىپ:

—مەن شېئىرىيەتتە ئۆز تىلىمنى ياراتتىم،— دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە كونستانتىنپولنى پەتھ قىلدىم ۋە ياكى ئالفېرد نوبېلدەك پۇرۇخنى ئىجاد قىلدىم دەپ تۇرۇۋالمايمەن. لېكىن مەن كەمتەرلىك بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى: «مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئارامبەخش، كىچىككىنە بىر ئۆينى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىگە ئۆز ئىسىم كارتۇچكامنى ئاستىم».

مەن شېئىر ئىجادىيىتىدە گاھىدا ئەڭ ئادەتتىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالىمەن، تېخى گاھىدا باشقىلارنىڭ نەسرىچى، ئوچېركچى دېگەندەك ناھەق باھالىرىغىمۇ دۇچ كېلىمەن. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ بۇ ئىشلارغا ئاچچىقىم كېپكەتمەيدۇ. چۈنكى مەن شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەنكى، شېئىر بىلەن نەسىر ئارىسىنى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان پاسىل تام پات ئارىدا خۇددى بېرلىن تېمىدەك ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

شېئىرنىڭ «قايتا قۇرۇش» دەۋرى چوقۇم كېلىدۇ...

گورباچېف سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە «قايتا قۇرۇش» دولقۇنىنى قوزغىغان بولسا، مېنىڭ شېئىر تىلى جەھەتتە ئەللىك يىلدىن بېرى ياراتقان يېڭىلىقلىرىممۇ مەن— نىزار ئېلىپ بارغان نىزارچە «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەتتۇر.

1990- يىل 15- يانۋار، جەنۋە

## ئىزاھاتلار

[1] ئۇرۋە ئىبنى ۋەرد— جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشىغان ئەرەب شائىرى. ئوغرىلىق، قاراقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. يېرىنى بايلارنى بۇلاپ، كەمبەغەللەرگە خەيرخاھلىق قىلىپ، سېخىيلىك، مەردلىك بىلەن داڭق چىقارغان.

[2] قىس ئىبنى سائىد— مىلادىدىن بۇرۇنقى 6- ئەسىردە ياشىغان داڭلىق سۆزمەن ۋە دانىشمەن.

---

ئاپتورنىڭ 1992- يىلى لىۋان بېيرۇت ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەزىزىم، دەردلىك نالىلىرىمنى ئاڭلاۋاتامدىغانسەن؟» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ كىرىش سۆزى. ئەرەبچىدىن **ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس مەمزۇن** تەرجىمىسى (M1).(M3)



# ئىككى شېئىر ۋە ئىلىدىكى ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەت شائىر

## ئابلەت مۇھەممەت

مەن شائىر ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1993- يىل 12- فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرنى ئىلگىرى كۆرمىگەنىكەنمەن. يېقىندا بۇ شېئىرنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. روشەنكى، مەزكۇر شېئىر ئىپادىلىگەن پىكىر ئۆزگىچىلىكى مېنى بۇ شېئىرنى قايتا- قايتا ئوقۇش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە شېئىردىكى مۇئەييەن پەلسەپىۋى قاراش، مەزمۇن، ئىپادىلەش كۈچى، تىل، تەسۋىر ئالاھىدىلىكى ۋەھاكازالار ئۈستىدە توختالمايمەن. چۈنكى مەن بىر ئېستېتىك زوقلانغۇچى. شېئىر ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە نىسبەتەن چوڭقۇر پىكىر بايان قىلغۇدەك سالاھىيەت ھازىرلىغان ھەقىقىي كەسپ ئەھلى- شائىر ياكى ئەدەبىيات ئوبزورچىسى ئەمەسمەن. بىراق، شەخسەن تەسراتىمدىن مەن شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىل 3- سانىغا بېسىلىپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتماي كەلگەن «چىدىساڭ ياشا» دېگەن شېئىرىغا ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان يېڭى پىكىرلىك ئېسىل شېئىر ئىكەن، دەپ قايىل بولماي تۇرالمىدىم. ئەمما مۇشۇ شېئىرنى قايتا- قايتا ئوقۇش جەريانىدا تۇساتتىن كاللامغا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، مۇرەككەپ كىشىلىك دۇنيادىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىسىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە ئېنىق، كەسكىن تىل بىلەن يورۇتۇپ بېرىپ ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىنىڭ 1974- 1980- يىللاردا يازغان «بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرى كاللامدىن كەچتى.

مەلۇمكى، مىللىتىمىزنىڭ بۇ ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەت شائىرى دۇنيانى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق بۇ قانۇنىيەتلەرنى ھەرخىل ئۇسلۇبتا ئېچىپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئىزچىللىققا ئىگە شەخسلەردىندۇر.

ھەر ئىككىلا شېئىر «دۇنيا»دىن ئىبارەت تېمىغا مەركەزلەشكەن. ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندى 50 مىسرالىق «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرىدا:

*ئالىشقىلار، ئالايغا رىقابەتلىك بۇ دۇنيا،*
*ئالاشمىغان ئادەمگە نادامەتلىك بۇ دۇنيا.*
*ھېچ قىزىقى بولمايدۇ ئالاشمىغان ئويۇننىڭ،*
*پومزەك توپقا ئوخشايدۇ كارامەتلىك بۇ دۇنيا.*

*ئالاشسۇن دەپ دۇنيانى ئادەمزات يارالغان،*
*ھابىل بىلەن قابىلدىن بۇ ئالىشىش تارالغان.*
*خىرىس قىلىپ كۈچۈكمۇ ئالىشىدۇ سۆڭەكنى،*
*ئاي بىلەن كۈن قاراڭلار بۇ پەلەكنى ئالاشقان.*

*مۇئالىشە قىلساڭلار ئىلىم- ھېكمەت سىرىنى،*
*پەقەت بىرلا يەكۈنى ئالاش، يەنە چىڭ ئالاش.*
*ئەيشىلەرنىڭ قىرىققا يارساڭ ئەگەر قىلىنى،*
*زەررىلىرى ئالىشىپ پەيدا بولۇر ئويۇلتاش.*

دەيدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى بولسا «بۇ دۇنيا» دېگەن 52 مىسرالىق شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

*ئالاشماڭلار، ئالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،*
*بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.*
*مەيلى گاداي، مەيلى شاھ، بىر قىيامەت بىر جانغا،*
*بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا.*

*ۋاپاسىز دەپ كايىيدۇ شۇڭا ئۇنى ئادەملەر،*
*ئاغرىنغاننى قامچا بوپ ئۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.*
*يۇلتۇز كۆزلۈك ئاسمانغا تۈندە باقسام ئۈنچىقماس،*
*پايانى يوق تىلسىمدەك تۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.*

*كېلىپ كېتەر مېھمانسەن، ياخشى قونۇپ ياخشى كەت،*
*سېخىي ئۈچۈن بىر قالام چاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا.*
*رەقىبلىشۇر ئىككى جان ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ،*
*تۇۋا دەڭلار ئۇلارغا تومار ئىكەن بۇ دۇنيا.*

نۇقتا— «ئالىشىڭلار» بىلەن «ئالاشماڭلار». ئېنىقكى، ئوت

www.uyghurkitap.com

بىلەن سۇدەك ئۇقۇملار. قارىماققا كلاسسىك مۇتەپەككۇر سىياسىيونلار تېپىپ چىققان «قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى» دېگەندىن ئىبارەت زىددىيەتلەر قانۇنى بۇ شېئىرلاردا ئۆز ئەكسىنى تېپىپتۇ، دەپ ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىك شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئەپەندىنىڭ ھەرخىل تېمىدىكى شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشۇش، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 1990 ـ يىلى نەشىردىن چىققان «يىللار ئىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ھېس قىلغان چۈشەنچىلىرىمدىن كەلگەن ئاخىرقى يەكۈن يەنىلا ئەسلى ھېس قىلغىنىمغا ئوخشاشلا بىر جۈملە سۆز ــ مەزكۇر توپلامدىكى ھەر خىل تېمىدا يېزىلغان شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىنسانىيلىق، راستچىل پەزىلىتى روشەن ھالدا ئىزچىللىق روھى بىلەن مۇجەسسەملىنىپتۇ، دېگەن يەكۈنگە كەلدىم.

روشەنكى، ھەرقانداق بىر ئەدىب مۇئەييەن بىر ئەسەردە مۇئەييەن بىر تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن. بىز بىر پارچە ئەسەرگە قاراپلا ھەرقانداق بىر ئاپتور ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتلىرىنى مۇتلەق ھالدا ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ توغرا ھۆكۈملۈك باھاغا ئىگە قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە.

«تالىشقىلار» بىلەن «تالاشماقىلار» قارىماققا ئېلىشىۋاتقان مۆڭگۈزلۈك قوچقارلارنى ئەسلەتكەندەك قىلىدۇ. بىزدە «ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازانغا سىغماپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. بىز مەسىلىگە بۇنداق قاتمال، ئەنئەنىۋى تىنچلىق ھالىتىدە قارىساق ئەلۋەتتە سىغمايدۇ ـ دە. ئەگەر قازان كىچىك بولسا، چوقۇمۇ تېپىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېچكىم قوچقار باشلىرىنى مۆڭگۈزى بىلەن قازانغا سالمايدۇ. بەلكى بۇ چاتاقچى مۆڭگۈزلەرنى چېقىپ ئېلىۋېتىدۇ. بۇ بىر ئوبرازلىق تەمسىل. ئەمەلىيەتتە، دۇنيا دېگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن نېمەتنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ پىشۇرىدىغان نەۋرۇزلۇق ئېشى ئېتىلىدىغان داشقازانغا ئوخشايدۇ. بۇ داشقازاندىكى ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس تەمگە ئىگە خىلمۇ ـ خىل نېمەت ئارىلىشىپ پىشىپ، مىڭلىغان نەۋرۇز ئەھلى ئېغىز تېگىدىغان مەززىلىك نەۋرۇز ئېشىنى ھاسىل قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى شېئىرمۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق خاسلىقتا، تەمگە ئىگە شېئىرلاردۇر.

بىز شېئىرلاردا نېمە ئوتتۇرىغا قويۇلسا شۇ دائىرىدە شۇنداق چۈشەنسەك ئازادە بولغان چۈشەنچە سەممىيتىگە ئىگە بولىدىكەنمىز، شۇنداقلا بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنى توغرا بولغان پايدىلىنىش قىممىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قانداقتۇر «ئىدىيىۋى مەزمۇن» دەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا چەكسىز «تۇتقا»، «پرىنسىپ»قا كۆتۈرۈش ھادىسىلىرى ئېغىر بولغانىدى. نەتىجىدە، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان، «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان»، «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان» قاباھەت ئىجتىمائىي تەتۈرلۈكلەر جەمئىيەتلىشىپ كەتكەنىدى (مەسئۇل مۇھەررىردىن). ئەسلى بۇ يەردە گەپ چۈشىنىشتىكى سەممىي پوزىتسىيىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا ئىدى.

مەن بۇ ئىككى پارچە شېئىرنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك شېئىرلارنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش جەريانىدا، بۇلار نوقۇل ھالدا بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويۇلغان شېئىرلار بولماستىن، بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن تۈرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. شۇڭا بىر ـ بىرىنى رەت قىلىش ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش توغرا بولمىغان بىر تەرەپلىمە ھېسسىياتنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

ھەرقانداق بىر قوۋم مۇئەييەن مۇھىت شارائىتىدا تەربىيىلىنىپ ئادەت كۈچىگە ئايلانغان ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېر پسىخىكىسى ئىلكىدە ياشايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئىككىنچى بىر يېڭى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىتتا ئۆزگىرىشسىز تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان قاتمال نەرسىمۇ ئەمەس. ئاپتورلار مۇشۇ قوۋمنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەسەرلەردە مۇئەييەن مىللىي قوۋمنىڭ مۇئەييەن پسىخىكىسى تەبىئىي رەۋىشتە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. بىزنىڭ مىللىي قوۋمىمىز ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، قويۇق كەڭرى خەلق. بىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزدە كۆڭۈل بوشلۇقى، تەسىرچانلىق كۈچلۈك ئەكس ئېتىدۇ. پسىخىكىمىز قاتتىقلىققا ئەمەس، ئېرىشچانلىققا مايىل. بىز قاتتىق مىللىي خاراكتېرلىق، پرىنسىپاللىقى كۈچلۈك خەلقلەردىن مۇشۇ جەھەتلىرىمىز بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىمىز. بىلىشىمچە، بىز نىسبەتەن ئوبدانراق بىلىدىغان ئەتراپىمىزدىكى خەلقلەردىن رۇسلار قاتتىق مىللىي خاراكتېرلىق خەلقلەردىن ئىكەن. ن. ۋ. گوگول (1809 ـ 1852)نىڭ «تاراس بولبا» پوۋېستىنى ئوقۇغان كىشىلەر بۇنى ھېس قىلالايدۇ. غەرب مىللەتلىرىدە ئومۇمەن پرىنسىپاللىق پۈتكۈل تۇرمۇش ئۇسلۇبىدا كۈچلۈك ئەكس ئېتىدىكەن. ئەنئەنىۋى جۇڭگولۇقلار، يەنى خەنزۇ خەلقىمۇ نىسبەتەن شۇنداق خەلقلەر تېپىدىكەن. مەن مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىل جەريانىدا شەرقىي، جەنۇبىي جۇڭگودا ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇردۇم. شۇ جەرياندا بايقىدىمكى، ئۇلار بىر قويغان باھانى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتمەيدىكەن. ھەرئاينىڭ ئىجارە تۆلەيدىغان شۇ كۈنى كېلىپ بەش كۈن تۇرسىڭىزمۇ بىر ئايغا ھېساب قىلىپ، بىر كۈن ئۇياق ـ بۇياق قىلماي يىغىپ كېتىدىكەن. پايدا ـ مەنپەئەت مەسىلىسىدە «يۈز خاتىرە»گە ئومۇمەن ئورۇن بولمايدىكەن. بىز ئۇيغۇرلار ئىجارە ئولتۇرغۇچى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئىجارە ھەققىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي ئۆزرە ئېيتسا، كېيىنگە سۈرۈشكە ماقۇل كېلىمىز. بەزىلىرىمىز ئەھۋالغا قاراپ كۆنلەپ ئەمەس ئايلاپ، ھەتتا يىللاپمۇ سۆيلەپ كەتمەيمىز. بەزىدە «بولدىلا»مۇ قىلىۋېتىمىز. ئەمما ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. سەۋەبكە، ئۆزرىگە ئاسانلىقچە يول قويمايدۇ.

جەكتىن ئاشقان تولىمۇ كەڭ قورساق مىللىي خاراكتېر ۋە تولىمۇ بوش كۆڭۈللۈك (سېنتىمېنتال) خۇسۇسىيەت كىشىلەرنى ئىجابىي ھاسىلاتقا ئېرىشتۈرۈشتىن كۆرە سەلبىي ھاسىلات بىلەن تۈگەللەپ كەلدى. نېمە ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر خەلىپىدەك ۋە باشقىمۇ غالىبلار غالىبلىق ئورنىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ، ئۆز پۈتى بىلەن يولۋاس ئېغىزىغا كىرىپ يەم بوپكېتىدۇ؟ تارىختىن بۇيان ئىنسانىيەت دۇنياسىدا شەرت قويۇش ھوقۇقى غالىبلارنىڭ قولىدا بوپكەلگەن. ئەمما بۇ قوۋمدا يۈز بەرگەن شەرت قويۇش ھوقۇقىنى مەغلۇبلارغا بېرىپ قويۇشتەك سىرلىق ئەھۋال دۇنيا تارىخىدا ئانچە ئۇچرىمىسا كېرەك. گەرچە كىشىلەر بۇنى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، تۈپكى سەۋەبنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئېرىشچانلىقتىن ئىبارەت كۆڭۈل بوشلۇق خۇسۇسىيىتىدىن ئىزدىمەيمۇ تۇرالمايمىز. ئەگەر

بىر قوۋمدا بۇنداق ھالەت يەنىلا ساۋاق قىلىنىدىغان ئۆزگىرىش قىممىتىگە ئىگە قىلىنمايدىكەن. ئۇنداقتا زامانىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەقلىق ۋە ھەققانىي ئېرىشىش ھوقۇقى ۋە رىقابەت ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىغا ماس ھالدا داۋاملىق تارىخدا ھەر زامانىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ بېرىۋېرىدۇ. شۇڭا بىزدە پرىنسىپلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇشى جىددىي زۆرۈر بولغان قەتئىي پوزىتسىيىدىن كۆرە ئىككىلەمچى مەسىلىلەردە ئازراق مەنپەئەت، ئۆتكۈنچى نام- نىشان ئۈچۈن تالىشىدىغان، ھەسەت قىلىدىغان ئومۇمىي ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشىمىزمۇ تەس ئىدى. دېمەك بۇ ھالەت قوۋم ئەزالىرىنىڭ كۆزىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، چوڭ- چوڭ تۈپكى ئىشلاردىن كۆرە كۆز ئالدىدىكى سىگار- پىشتى ئىشلارنىلا كۆرۈپ، ئاقىۋەت ئەجدادنى ئەۋلادقا قاشاق ھالەتتە ئۇلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان پىسخىكىلىق ھالەت پاتقىقى ئىدى. روشەنكى، بىر قوۋمدا ئەگەر مۇئەييەن پىسخىكىلىق كېسەللىك ھالىتى كۆرۈلسە، مۇناسىپ بولغان پىسخىكىلىق ئۇسۇل بىلەن داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى مىللىي قوۋم پىسخىكىسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ مەزكۇر شېئىرىدا روھىيەت مەسىلىرىگە يۈرۈش قىلغان. دۇنيانى بىل، چۈشەن، سۆڭەك تالاشما، سەن دېگەن بىر ئىنسان، نەزەر دائىرەڭنى يىراقىراق تىك، ئىتتىپاقلاش، دەپ خىتاب قىلىدۇ. قوۋمىمىزنىڭ ئانىسى تومارىس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىردە دۇنياغا تويمىغان قانخور ئىستىلاچى- پېرسىيە پادىشاھى كورۇش دىيارىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەندە قوۋمىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بۇ چوڭ ئىستىلاچىنى مەغلۇب قىلىپ تۇتۇۋالغاندا: «دۇنياغا تويمىغان بولساڭ، ئەمدى تويى» دەپ ئېغىزىغا ئېرىتىلگەن ئالتۇننى قۇيغانىكەن. قانخور- ياۋۇزلارنىڭ تالىشىشى دۇنيانى قانۇنىيەتلىك ھالدا ئىلگىرىلىتىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ رىقابەتلىك تالىشىشقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا كورۇشقا ئوخشاشلارنىڭ ئىستىلاچىلىق تالىشىشى ئاقىۋەت ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى يېيىش بىلەن تۈگەللىنىشىمۇ مۇقەررەر ئىدى.

ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىمۇ دۇنيانى يەنە بىر خاس نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ.

مەلۇمكى، ئومۇمىي قانۇنىيەت مۇئەييەن بىر مىللەت پىسخىكىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇ، كىشىلەر ئىرادىسىغا بېقىنمىغان ھالدا ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. شۇڭا ئاپتور مۇشۇ قانۇنىيەت تەلىپى بويىچە «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرىدا دۇنيانى چۈشەن، بۇ دۇنيا رىقابەتنىڭ دۇنياسى، كېيىن ھەسرەت- پۇشايماندا قالماي دېسەڭ ھەقلىق ۋە ھەققانىي ئېرىشىش ھوقۇقۇڭ ئۈچۈن «تالاش، يەنە چىڭ تالاش» دەپ خىتاب قىلىپ، شەخس، قوۋم ئۈچۈن تەرەققىيات كۈچلىنىشىنىڭ تۈپكى ھەل قىلغۇچى تەقدىر ئۆزگەرتكۈچى تېپى ئىكەنلىكىنى جىددىي قەيت قىلىدۇ.

كۆرىمىزكى، ھەر ئىككىلا شېئىر روشەن مەناغا، كونكرېت ھاياتلىق ھادىسىلىرىنى كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئەمما بۇ ئىككى شېئىر يېزىلىش ۋاقتى جەھەتتە ئىلگىرى- كېيىنلىككە ئىگە. شۇڭا بۇ ھال تەبىئىي ھالدا بىر قىسىم ئوقۇشماسلىقنى پەيدا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئالەم دېگەن نىمە؟ دۇنيا دېگەن زادى نىمە؟ مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئالەم- دۇنيا سانسىزلىغان ئوخشىمىغان مۇستەقىل تۈر ۋە قارىمۇ قارشى شەيئى- ھادىسىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىغىشچانلىق ھاسىل قىلىش ھالىتىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنغان تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. دۇنيانىڭ، شەيئىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىلمۇ خىللىق، رەڭدارلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە. ئۇلار بىر- بىرىنى تولۇقلاپ، بىر- بىرىنى چەكلەپ، بىر پۈتۈن ئورگانىك ھالدا دۇنيانى تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ ماھىيەت مەزمۇنى. مانا مۇشۇ مەزمۇن دۇنيانىڭ قىزىقارلىقى، جەلپكارلىقىنى بەلگىلىگەن. مانا بۇ بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ مەۋجۇدىيەت تەسەۋۋۇرى. ئەكسى ھالدا ئاتالمىش «تىنچلىق» ھالەتتىكى بىر خىللىق ھالەت تەسەۋۋۇرى تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، دۇنيا ئاللىقاچان گۇمران بولغان، ھەقىقىي تىنچ- ئاسايىش ھالەتتىكى ئىنسانلارمۇ مەۋجۇد بولمىغان بولاتتى. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان دۇنيا رەڭدارلىقى ئالدىدا مۇناسىپ ماسلىققا ئىگە بولماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ مۇئەييەن ئۆلچەم نۇقتىسى ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بىز «تالىشىش» ۋە «تالاشماسلىق» مەسىلىرىدە ھەقىقەتنى، ھەققانىيەتنى تالىشىلىدىغان ئارقانىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىمىز. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مۇھىمى شەيئىلەرنى مۇرەككەپلىك ئىچىگە قويۇپ چۈشەنگەندىن ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئاددىيلىق، رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ چۈشەنگەن، ئەركىن سەممىي پوزىتسىيىدە چۈشەنگەن ياخشى. بولمىسا، دۇنيانىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز جاپا سېلىپ قويىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتجان راشىدىن بىلەن ئابلەت ئابدۇللانىڭ بۇ شېئىرلىرى ياخشى يېزىلغان دادىل مۇھاكىملىك شېئىرلاردۇر.

ئەسلىدىلا مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى بىلەن ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىنىش قىممىتىگە تالىق خاسلىققا ئىگە ئىجادىيەتلەر ئىدى. يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى، ئاندىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى يازغان «ئىز»دىن كېيىن بۇ ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەتنىڭ شېئىرلىرى تىللاردا دەستۇر بولۇپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. شۇڭا جامائەت سورۇنلىرى- رېستوران، ئاشخانىلارنىڭ، ئۆيلەرنىڭ تۆرىدە قوۋمىمىزنىڭ بۇ ئەجداد ۋە ئەۋلاد تۆھپىكارلىرىنىڭ شېئىرلىرى مەخسۇس رامكىلار ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىپ، كىشىلەرنى ئېزگۈلۈككە، جەڭگىۋارلىققا ئۈندەپ تۇرۇپتۇ.

مەن يېقىندا شايار ناھىيە «دۆڭكۆۋرۈك» بازىرىدىن توختى ئىمىن غەنىزاتنىڭ بۇ ئىككى شائىرغا قىزغىنلىققا تولغان خەت بىلەن ئىككى دانە قەلەمتىراج ۋە بىردىن فوتو ئاپاراتى ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىسىدىكى دېھقان ياسىن راشىدىنىنىڭ شائىر ئابلەت ئابدۇللاغا يازغان قىزغىنلىققا تولغان خېتىنى كۆردۈم. يەنە يەل- يېمىش ۋە قاشتېشى قاتارلىق سوۋغا- سالاملارنىمۇ ئەۋەتىپتۇ. يۇقىرىقىلاردىن بۇ تۆھپىكار شائىرلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنىڭ قانداقلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

شۇنداق. ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشكە، ئۆزئارا مەدەتكە، دوستلۇققا موھتاج. بىر مىللىي قوۋم ئەمەلىيەتتە بىر قان ـ قېرىنداش، ئۇيۇشقان توپ. بىز بۇ قوۋم ئەزالىرى نەزەر دائىرىمىزنى نىسبەتەن كەڭرىلىككە ئىگە قىلالىساقلا «تالىشىش»نىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە «تالاشماسلىق»نىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئەھمىيەتلىك بىرلىككە كەلمەي قالمايمىز. «تالىشىش ۋە تالاشماسلىق» دائىم ۋە مەڭگۈلۈك تېما. ئاكتىپ تۇرمۇش قارىشى ۋە پاسسىپ تۇرمۇش پەلسەپىسى دېگەنلەرمۇ شۇنداق. بىز دۇنيانى ئىستېلا قىلماقچى بولغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكدونىسكىي) قېنى؟ چىڭگىزخان قېنى؟ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى دۇنيانى بۆلۈشۈۋالغان ئىمپېرىيىلەر، ئۇلارنىڭ قورغۇچىلىرى قېنى؟ دېگەن سوئاللارنى دائىم قويۇپ تۇرىمىز. بۇنىڭدىن قورغۇچىلار روھىيىتىدىكى ئاكتىپچانلىق بىلەن سوئال قويغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پاسسىپ تۇرمۇش قارىشىنىڭ روھناتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا يەنە رەزىللىك بىلەن ھەققانىيەتنىڭ روھناتىمۇ بار. بىز تالاشماسلىقنى رىقابەت دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىپ پاسسىپ تۇرمۇش پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ چۈشەنمەيمىز. بەلكى ئاپتور ئەسلى ماھىيەتتە كۆرسەتمەكچى بولغان ئىنسانىي پەزىلەت، بىرلىك، خەلقلەر دوستلۇقىدىن ئىبارەت ئەسلىي مەنىسى بويىچە چۈشىنىمىز، مۇھاكىمە قىلىمىز. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىنىڭ بۇ شېئىرى قوۋمىمىز پسىخىكىسىغا نىسبەتەن مۇناسىپ ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولغان جانلىق، ئاممىباب، ئەركىن يېزىلغان، ئىنسانىيلىق يولىغا سېلىنغان يېشىل پاياندار، دەپ قارايمەن.

يۇقىرىقى ئىككى شېئىرگە مۇناسىۋەتلىك شەخسىي مۇھاكىمەمدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى خاس قاراشلىرىمنىمۇ ئاخىرقى يەكۈن سۈپىتىدە قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەن مىللەت پسىخىكىسىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى مۇتەخەسسىس ـ تەتقىقاتچىلار قانداق چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئەمما ئاشۇ مىللىي پسىخىكىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، ئاپتورنىڭ قانداق ئىپادىلەپ، قانداق رەت قىلىشى بۇ باشقا گەپ، ۋە بەلكى ئەڭ مۇھىم تەرەپتۇر. مېنىڭچە، قوۋم پسىخىكىسىنى ئايرىم ھادىسە سۈپىتىدە دىققەتتىن مۇستەسنا قىلىپ، ئومۇمىي تارىخىي جەريان قانۇنىيەتلىرى بويىچە قارىغاندا، تالىشىش ۋە يەنىمۇ قاتتىق تالىشىش دۇنيانىڭ جەريانىغا سىڭىشكەن مەزمۇن. خوجىنىياز ھاجى «تالىشىش»تىن ۋاز كېچىۋىدى، ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاك قىلىش بىلەن تۈگەللىدى. بىر تارىخىي جەريان داۋاملاشقان خەلقنىڭ داغدۇغىلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۇيۇق يولغا كىرىپ كەتتى. ستالىننىڭ تالىشىشى ئۇنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى قىسقىغىنە 20 يىلدا دۇنيادىكى قۇدرەتلىك ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ماۋزېدۇڭنىڭ «ئالىقانچىلىك يەرنىمۇ تالىشىش» ۋە «ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش» ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى. دېمەك، تالاشقانلار دەۋرگە مۇناسىپ ئىلگىرىلەپ كەلدى. تازا قاملاشتۇرۇپ تالىشالمىغان، بەكلا قانائەتچان شۈكرىكويلۇق خەلق دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزى قان ـ ياشلىق تارىخنىڭ ئەكسى بويىچىلىشى مۇقەررەر ئىدى.

دېمەك، مەيلى ھەرقانداق تۈستىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولسۇن، ھەممىسىلا مۇئەييەن تالىشىشتىن ئىبارەت چوڭ ئۇقۇم دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. دېمەك، بۇ يەردە تەكىتلىنىدىغان نەرسە يەنىلا نوقۇل بىر قوۋم پسىخىكىسىغا بېقىنمايدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەت تۈسىنى ئالغان ھادىسە بولدى. شۇڭا مەلۇم قوۋم ياكى شەخس بولغان بىز تالاشمايمىز دەپ تىنچ بۇلۇڭلارغا ھەرقانچە ئىنتىلسەكمۇ، بۇ دۇنيا ئىرادىمىزگە باقماي ئۆزىنىڭ زۆرۈرلۈك مەزمۇنى بىلەن بىزنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ تالىشىش قاينىمىغا سۆرەپ كىردى ۋە سۆرەپ كىرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىدۇ: مۇئەييەن تالاشماسلىق مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر تالىشىش جەريانىدىن ئۆتۈلىدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنياۋى تىنچلىقمۇ رەزىل، زوراۋان مۇستەبىت كۈچلەر بىلەن جىددىي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئەزەلدىن بار قائىدە.

كىشىلەر ئەزەلدىن ئىنتىلىۋاتقان ئارمان ــ بەختلىك ياشاش، يەنى تەرەققىيات ھوقۇقى ماھىيەتتە ئېرىشىش ئۈچۈن تالىشىش ھوقۇقىدۇر. بۇ كۈرەش ئاخىرى ھەربىر ئادەمنىڭ جانجان مەنپەئىتى ۋە تەقدىرىگە زىچ باغلانغان تۈرلۈك تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن يېڭىلىنىشى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دەۋرىي ھالدا مۇناسىپ تەڭشىلىشىگىمۇ تۈرتكە بولدى ۋە دەۋرنى ھەتتا ھەربىر قوۋم، شەخسنىمۇ مۇناسىپ ئالغا سىلجىتىپ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇللۇق، فېئوداللىق، كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈملەر بىر ـ بىرىنى ئىگىلەپ كەلدى. بۇ ھالەت يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىنسانىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان يېڭى بىر دەۋرىي يۈنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە كونا بىلەن يېڭى (ھەق بىلەن ناھەق)نىڭ كۈرىشى دېگەن تالىشىش سىڭگەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئامىلى دەل ئاشۇ ئۆزىنىڭ ھايات شارائىتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاشۇ تالىشىش جەمبىرىكى ئىچىدە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىنسانلار توپى ئىدى.

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن «تالىشىش» ۋە «تالاشماسلىق»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا تۈگەللەش مۇمكىن.

1. تالىشىش ــ قانۇنىيەتسىز نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنسانلار جىددىي ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قانۇنىيەتلىك ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش ھادىسىسىدۇر.

2. تالىشىش ــ ئىنسان تەبىئىتى بولغان قانائەتسىز، رىقابەت كۈچىنىڭ مەھسۇلى.

3. زۆرۈر تالاشماسلىق كۆپىنچە ھالدا ھەقنى ناھەق، ناھەقنى ھەق قىلىپ قويىدۇ. بۇ، زوراۋان كۈچلەر ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق يول ئېچىپ قويىدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەق ۋە ناھەق مەسىلىلىرىدە مۇرەسسەگە ئورۇن بولمايدۇ. سۈكۈت مەلۇم مەنىدە شەخسنىڭ ۋىجدان ۋە غۇرۇر سىنىقى ئالدىدا توختاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4. زۆرۈر تالاشماسلىق ئېنىقلىما بېرىشكە تېگىشلىك جىددىي ئىشلارنى ئېنىقسىز ھالەتتە قويىدۇ. سەپسەتە، ئويدۇرما، ساختىلىقنى بازارغا ئىگە قىلىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەتتە ئىنسانلار ۋە ئىنسان توپلىرى ئارىسىدا گۇمان، غۇم ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۆتكۈنچى زىددىيەتلەرمۇ ھەل قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي شۇ پېتى قېپقالىدۇ.

بىز «تالىشىش» ۋە «تالاشماسلىق»نى راستچىللىق، سەممىيەت بويىچە ھەققانىي ئىنسانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ مېڭىش كېرەك دەپ قارايمىز. بۇ يەردىكى مەسىلە تارازىنىڭ مەركىزىي پەللىسىنى ئىگىلەپ چىڭ تۇرۇشتا. مۇئەييەن ئەسەرلەرگە، مۇئەييەن ۋەقەلەرگە بولغان باھا كۆپىنچە ھالدا ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن پاسسىپ قوغدىنىشچان پوزىتسىيە ئىلكىدە بولىدۇ. مۇئەييەن ئىجتىمائىي رامكا ۋە ئېقىمپەرەسلىك ئۆتكۈنچى ھالەت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر كۆپىنچە ھالدا ئېقىمغا ئەگىشىش ھالىتىدە، ھەممىباپلىققا مايىل كېلىدۇ. بۇ، مۇئەييەن تەرەپ ۋە مۇئەييەن قاراشنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورۇن ھالىتى ۋە ماس ھالدىكى روھىي ھالىتىگە بىنائەن تالاشتىكى نۇقتا ھەرقانچە ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئاشۇ بىرلا تەرەپ ۋە بىر خىل قاراشنىڭ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلالمايمىز. كىشىلەر مۇئەييەن كۆزىتىش جەريانى ئارقىلىق ئاندىن ئىشەنچ قىلغان ئەڭ توغرا يولنى تاللاپ چىقالايدۇ. شۇڭا دۇنيادا ھەممە قوۋم ئىچىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئويغانغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئاۋانگارتلار مەيدانغا كەلگەن. كوممۇنىستلار، سوتسىيالىستلار، دېموكراتلار، دىنىي مەزھەبلەر ۋەھاكازالار مۇئەييەن ئىدىيىۋى ئېتىقاد ئىلكىدە جىددىي يول تالاشقۇچىلاردۇر، ئاممىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان يېتەكچىلەردۇر. بىر خەلقنىڭ مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، يازغۇچى- شائىرلىرى جەمئىيەتنىڭ، روھىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرى، مەنىۋى يېتەكچىلىرىدۇر. «تالىشىغۇلار» بىلەن «تالاشماغۇلار» ئەنە شۇنداق تۈرلۈك نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن يولدۇر.

ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىپ، قانداق ئۇسۇل قوللىنىشنى ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەپ قويغان بولىدۇ.

دۇنيادا، جۈملىدىن بىزدىمۇ تالاش- تارتىشتىكى ئوبيېكتلار خېلى بار. ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ دەپ قارايدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە باشقىلارنىڭ تالاشماسلىقى كېرەك بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا سىز بىلەن مەن ئىرادىمىزنىڭ ئەكسىچە ئاشۇ تالاش ئىچىگە سۆرەپ كىرىلىپ كېتىدىكەنمىز. بىز 11- ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمىزدىن مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە 15- ئەسىردە ياشىغان ئەلشىر نەۋائىي قاتارلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ قايسى قوۋمغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تالاش- تارتىش بوپكەلگەنلىكىدىن خەۋەردارمىز. مۇشۇ كۆز ئالدىمىزدىكى «ئىلى ‹ئاق ئۆستەڭ›نى كىم چاپقان؟» دېگەندەك ھەقلىق ئېنىقلىما بېرىپ كېلىنگەن تارىخىي ئىشلارمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىدە بوپكەلگەندى. ئېتىراپ قىلىش— ھەقنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. ئەمما بۇنداق مەسىلىلەر ھەل قىلىنىش جەريانىدا مۇقەررەركى، مۇناسىپ ئىلمىي تالاش- تارتىش ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي قالمايتتى. سۈكۈت— ھەقىقەتنىڭ ئېتىراپى ئەمەس. يوللۇق تالاش- تارتىش ئۇسۇلىلا كىشىلەرنى ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەڭ قايىل قىلارلىق نەتىجىگە ئېپكېلەتتى. مەسىلەن، مەن ئابدۇساتتار ناسىرىنىڭ 1987- يىلى سېنتەبىردە «ئىلى گېزىتى»دە بېسىلغان «ئىلى ‹ئاق ئۆستەڭ›نى كىم چاپقان؟» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندا، بۇ ماقالە يېزىش ئۇسۇلىدا ھەققانىي، تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن تارىخىي دەلىللەر ئارقىلىق مەنتىقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشنى چىقىش قىلغان بىر ئوبدان ماقالە ئىكەن، دەپ قايىل بولغانىدىم. «ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى كونا كۆرەدە تەسىس قىلىنىپ 3- يىلى، يەنى 1765- يىلى تارماق ئۆستەڭلەر بويىچە قېزىلىشقا باشلىنىپ 1825- يىلى ئاساسەن تاماملانغان. 1843- يىلى رېمونت قىلىنىپ توما ياسالغان» («ئىلى گېزىتى»نىڭ 1987- يىل سېنتەبىر سانىدىن). مۇشۇنداق بىر ئەزىم ئۆستەڭدىن ئىبارەت زور قۇرۇلۇشنى قانداقتۇر بۈيۈك زاتلارنىڭ «تۆھپە»سى شەرىپى بىلەن تۈگەللەش تازا ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇنى پىلانلاش، تەشكىللەش، چېپىپ پۈتتۈرۈش، رېمونت ئىشلىرىغا ئەينى ھاكىمىيەت، خۇشىنزات، چورۇق ھېكىم... قاتارلىق مەنسەپدار ئاقساقاللاردىن تارتىپ لىن زېشۈگىچە كىشىلەر ئىشتىراك قىلغان. مۇھىمى، كەڭ ئىلى دېھقانلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، قان- تەرى بەدىلىگە پۈتكەن. مانا بۇ ئادىل، ئوبيېكتىپ ھۆكۈم ئىدى. دېمەك، دۇنيادا ئەنە شۇنداق تەۋەلىك ۋە ئېنىقلىما بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرگە كىشىلەر داۋاملىق دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇناسىپ ئېنىقلىما— تالاش- تارتىش زۆرۈرمۇ- يوق؟

مەلۇمكى، سىز، مەنلا ئەمەس، دۇنيادىكى ھەممىلا خەلق تالىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىگە تەۋە ھەقىقەتلەرنىڭ يورۇققا چىقىرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈرەن تالىشىش كېرەك. بۇ سىزنىڭ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان يوللۇق ھوقۇقىڭىز. بۈگۈنكى «تالىشىش»تىن مەقسەت ئاخىرقى ھېسابتا تالاشمايدىغان ئەتىكى دۇنيانى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. بىز بۇ يەردە توختىلىۋاتقان، نەقىل ئېلىۋاتقان ئىككى شېئىرغا كەلسەك، مېنىڭچە، ھەر ئىككىلا ئاپتور باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇئەييەن مەقسەتنى چىقىش قىلىپ ئىجتىمائىيەتتىكى بۇ دائىمىي مەسىلىدە بىر- بىرىنى قارشى نۇقتىدا تولۇقلاپ، چۈشۈنۈكنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەپلەرنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىدىكى مۇكەممەل بىرلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مۇھەممەتجان راشىدىن بىلەن ئابلەت ئابدۇللا ئەلنىڭ ھۆرمەت ئىناۋىتىگە ئىگە پېشقەدەم ئەدىبلەردۇر. ئۇلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە شېئىرلىرى مۇئەييەن خاسلىق بويىچە تىكلەنگەن نامايەندىلەردۇر. شۇڭا مەن مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندى بىلەن ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەن، دەپ قارايمەن. بۇ ئىككى پېشقەدەم ئەزىمەتكە يېڭىدىن يېڭى ئىجادىيەت تەپەككۇرى ۋە ھۆرمەت يار بولسۇن.

2007- يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر ستالىن غەربىي يولى 6- يان كوچا 15- نومۇرلۇق قورۇدا، شەھەر پۇقراسى (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## تەپەككۇردىن چەشمىلەر

▲ ئادەم ئاچچىقلانغاندا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، كۆلگەندە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، شۇڭا ئاچچىق بىلەن كۈلكە بىر-بىرىگە دۈشمەن.

▲ تىرىشتىڭ ئېرىشتىڭ: ئۈيلىنىپ قالدىڭ، ئۇلتۇرۇپ قالدىڭ.

▲ سائەتنىڭ ھەر بىر چىكىلدىشى يۈرەكنىڭ سوقۇشى بىلەن ئوخشاش، لېكىن توختىشى تۈپتىن ئوخشمايدۇ. بىرى، ۋاقىتلىق، بىرى، مەڭگۈلۈك.

▲ چۈشىنىش كۆپ پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن، ئىشىنىش سەممىي بولۇشتىن ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ.

— ئابلەتجان توختى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئاخبارات 2005- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئېغىزدا دەپ ئەمەلدە قىلمىغان ھەرىكەت— ئۆتكۈنچى بوران.

— تالىبجان ھۈسەيىن

ئاپتور: خوتەن شەھەر «ئەلائۇددىن» ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا

▲ بەزى ئوقۇغۇچىلار تىكتاك توپىقا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بولسا پالاقا.

— ئوسمانجان ئەبەيدۇللا

ئاپتور: چىرا ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يارقىن پىكىرلەر

▲ مەن ئۇخلايدىغان قېرىندىشىمدىن، مېنى سوتلاپ تۇرىدىغان دۈشمىنىمنى ياخشى كۆرىمەن.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ بىرگە بىرنى قوشساق بىر بولۇشى مۇھەببەت، ئىككى بولۇشى ھەقىقەت، ئۈچ بولۇشى سەنئەت.

▲ ئەلەمدارنىڭ قەھرىدىن قەلەمدارنىڭ زەھرى يامان.

▲ ساۋاتسىزغا ئالدىم تېپىلغاق.

▲ ئەلەمدار ئۇرسا قان چىقىدۇ، قەلەمدار ئۇرسا جان.

▲ بىلىم، جاسارەت ۋە ئىقتىساد ھازىرقى زاماندىكى كىملىك.

▲ پەقەت ئەخلاق ۋە ئەقىلگىدىنلا «كىملىك» مۇھۇرۇك ئويۇلىدۇ.

— ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى خاتىپ

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوز يەر مەيدانى باشلىرىق كەنتىدە، دېھقان

※ ※ ※

▲ ئادەمنى ماشىنىغا ئوخشاتساق، ئېتىقاد ئۇنىڭ رولى، ئىشەنچ ماتورى، مۇھەببەت سىلىقلاش مېيى.

— ئابلەت ئوبۇل (مۇنزەر)

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى 2005- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كەتكەنلەر كەلمەيدۇ، قالغانلارمۇ تۇرۇۋەرمەيدۇ.

— ئەھمەتجان ياسىن ئىقبال

ئاپتور: بورتالا شەھەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## ئۆزۈم بىر دۇنيا، ئۆزۈم بىر پېشىم

▲ بەزىلەرنى سۆز بىلەن، بەزىلەرنى پۇل بىلەن، بەزىلەرنى كۆز بىلەن ئالدايدۇ بۇ دۇنيا.

▲ ئۆزۈمنى تونۇغان كۈنۈم— قەلبىمدىن باشقا بارلىق نەرسىگە باشقىلار ھۆكۈمران ئىكەن.

▲ بەخت ۋە بەختسىزلىك كۈتۈلمىگەندە كېلىدۇ.

▲ تەلمۈرۈش— تېگىرقاش ئىچىدىكى ئۈمىد.

▲ ئۆتكەن ياخشى ئىشلاغا پەش، خاتالىقلارغا چېكىت قويۇپ مېڭىشنى ئۆگەن.

▲ ئىنسانلارنى ئىرادىسى بىلەن بويسۇندۇرالمىغان كىشىلەر

تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش بىلەن بىزنى قايىل قىلىشقا كىرىشتى.

▲ ئىنسان ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ مەھسۇلى.

▲ ھەربىر «سەن نېمىنى بىلەتتىڭ»لەر ئىچىدىن يېڭى بىر ھاسىلاتقا ئىگە بولغىن.

▲ ئەرزىمەس نەرسىنىڭ ئەلەمنى يەتكۈچە تارتىسەن.

▲ تەگرى قەلبىڭدە ياندۇرغان ئوت ئىزدىنىش ئوتى بولسۇن.

▲ تەڭرىدىن قورق، لېكىن قىممىتىڭدىن گۇمانلانما.

▲ ئۆزۈڭ ئاسمانپەلەك ئېگىزلىكتە بولساڭمۇ، رەنجىيدىغىنىڭ تېرىقتەك نەرسە.

▲ نادان نادانلىق قىلسا ئېچىنىسەن، ئاقىل نادان بولۇۋالسا چىچىلىسەن.

▲ سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ باش تېمىسى — بارلىق يېقىن كىشى سىزنىڭ ۋاقىتلىق ھەمراھىڭىز ،خالاس.

▲ «مېنى تونۇمسەن؟» دېيىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تونۇتۇۋال.

▲ سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭنىڭ نەزەرىدىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ نەزەرىدىمۇ كۆزىتىپ تۇر.

▲ ئانا بولۇش ئۈچۈن يۈكسەك مەسئۇلىيەت، ئاتا بولۇش ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋىجدان، دەھشەتلىك قەھرگە ئىگە بول.

▲ يېرىم خاراكتېرنىڭ ياخشىلىق، يېرىم خاراكتېرنىڭ يامانلىق ئىنسانسەن. شۇڭا سەن تېخى ئېچىلمىغان سىر.

▲ باشقىلار سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزگە قىزىقمايدۇ، قىزىقىدىغىنى، دەل ھازىرقى تەقدىرىڭىزدۇر .

▲ باشقىلار ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزسەڭ «كەچۈر» دېيىشكە پۇرسەت بار ھەم دېيەلەيسەن، ئۆزۈڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزسەڭ كەچۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتىسەن.

▲ بىز ئىككى ئىشقا ئىشەنمەي قالىمىز: بىرى، ياخشى ئادەم يامان ئىش قىلسا، بىرى، ئۇسال ئادەم ياخشى ئىش قىلسا.

▲ بىزدە ھاياتىغا «ئىز» سالىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، تارىخقا ئىز سالىدىغانلار بەكمۇ ئاز .

▲ بالاڭغا گەپ ئۆگەتمەي خەت ئۆگەت.

▲ گۇناھ تۇيغۇڭ يوقالغان كۈنۈڭ — ئادەم ئەمەسسەن، ئادەمى ھايۋان؛ گۇناھ تۇيغۇڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ — ئادەمدىن ئۇلۇغسەن، پەيغەمبەردىن تۆۋەن.

▲ ئاغرىغان چېغىڭدا بىر بولسا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىساڭ، بىر بولسا جانىڭنىڭ كۆزىگە قارايسەن.

▲ سەن كۆڭلۈڭدىكىدەك ئادەم ۋە كۆڭلۈڭدىكىدەك ئىشقا يولۇققىچە كۆڭلۈڭ ئۆلۈپ بولىدۇ.

▲ ئەڭ ئاچچىق ئازاب — ئائىلە ئازابى،
ئەڭ تاتلىق ئازاب — مۇھەببەت ئازابى.

▲ ھەقىقەتچى — ھەقىقەتچى ئەمەس، سىنى ھەقىقەت يولىغا باشلىيالىغان ھەقىقەتچى.

▲ ئوخشىمىغان ئورۇندا ئوخشىمىغان خاراكتېر يارىتىش — يېڭىلىق.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە 3- ئاھالىلەر رايونى ئورگىنىنىڭ ۋاقىتلىق خادىمەسى

* * *

▲ دۇنيادىكى ھەممە ئىش نىسپىي بولىدۇ. ئەگەر مۇتلەقلىق بار دەپ قارالسا، ئۇ، ئۆلۈمدۇر.

▲ كىتاب ساڭا بىلمىگەن نۇرغۇن بىلىمنى ئاتا قىلسا، ئاتا-ئانا نەسىھىتى سەن تېخى بېسىپ باقمىغان ھايات مۇساپەڭنىڭ بېشارىتىنى ئاتا قىلىدۇ.

▲ سەن ئەينەك ئارقىلىق ئۆز چىرايىڭنى ، ئەخلاقىڭ ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىڭنى كۆرەلەيسەن.

— ساھىرەم پەيزىرەھمان

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 3- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 5- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ چوڭلاردىكى سالام- سەھەت ئازلاپ كەتسە، بالىلاردىكى جېدەل- ماجرا كۆپىيىدۇ.

— ئەزىمەت ئەھمەت

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 7- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھاياتتىن تەپەككۇرلىرىم

▲ كەينىڭدىن تىغ ئۇرالمىغان دۈشمەننىڭ ئالدىڭدىن زەھەر بېرىدۇ.

▲ ساختا مۇھەببەت مەقسەتكە يەتكەندىلا ئاشكارىلىنىدۇ.

▲ نادان ئۆز غېمى بىلەن ئاۋارە، دانا ئەل غېمى بىلەن بىچارە.

▲ ئىنسان بىر بولسا تەلىيى كەلگەندە، بىر بولسا تەلىيى قاچقاندا ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ خىجالەتچىلىك روھىڭنى سىنايدۇ، كىسەللىك تېنىڭنى.

▲ دوستۇڭنىڭ كەينىدە، رەقىبىڭنىڭ ئالدىدا گەپ قىلما.

▲ بەش خىل كىشى ساڭا پۇشايمان سوۋغا قىلىدۇ: نادان، ۋاپاسىز، قورقۇنچاق، خائىن، ئەخلاقسىز.

▲ تېنى ئاچ يەپ تويار، روھى ئاچ ئۆلۈپ.

▲ قانداق ياشاشنى بىلگەن — دانا كىشى،
قانداق ئۆلۈشنى بىلگەن — قەھرىمان كىشى.

▲ رەقىبىڭنىڭ بولۇشى سېنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلسا، دوستۇڭنىڭ بولۇشى سېنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىدۇ.

▲ ئاۋۋال كۈچلىنىپ ئاندىن غەزەپلەن.

▲ شادلىقىڭنى دۈشمىنىڭگە، شاپائىتىڭنى دوستۇڭغا كۆرسەت.

▲ دۈشمىنىڭدىن زەربە يېسەڭ قابىلىيەتسىزلىكىڭدىن، دوستۇڭدىن زەربە يېسەڭ ھاماقەتلىكىڭدىن كۆر.

▲ بالىلىقىڭدا ئويۇنغا قانماي، ياشلىقىڭدا مۇھەببەتكە قانماي، قېرىغىنىڭدا ئۆمۈرگە تويماي ئۆتۈپ كېتىسەن.

▲ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭدىن زەربە يېسەڭ، ھەممە ئادەم ئىشەنچسىز كۆرۈنەر.

▲ ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قوزغالغان غەزەپ شەرەپ ئاتا قىلسا، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوزغالغان غەزەپ نومۇس ئاتا قىلىدۇ.

▲ ئەقىل- پاراسەتتىن پەيدا بولغان روھ ئۇلۇغلۇققا، غەزەپ- نەپرەتتىن پەيدا بولغان روھ پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ ئەمەلىيەت — ھەممە ئىشنىڭ ئاشكارىلىغۇچىسى.

▲ بىراۋنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەھلىل قىلىش ئەقىللىقلىقنىڭ، بىر تەرەپلىمە ھالدا كەمچىلىكىنى تەھلىل قىلىش ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىپادىسى.

▲ دانانىڭ ئىككى يانچۇقى كەچۈرۈم بىلەن، نادانىنىڭ «خەپ» بىلەن تولغان بولىدۇ.

▲ دوستىنىڭ جاراھىتى يۈرەكتە، دۈشمەنىنىڭ تېنىدە بولىدۇ.

— ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى جىندىل يېزا رادىئو- تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ خادىمى

## ئېتىزدىكى تەپەككۇر

▲ ئەرنىڭ لالمىسى ئۆي بۇلغايدۇ، ئايالنىڭ لالمىسى يۇرت.

▲ دەرەخ يىلتىزى سۇ ئىچكە يەردە، ئادەم دىلى سۇ ئىچكەن يەردە كۆكلەيدۇ.

▲ خەلقنىڭ ئادىل تارازىلىقى شۇ يەردىكى، ياخشىلارنى گۆرىگىچە يوقلايدۇ، يامانلارنىڭ تۆرىگىمۇ يېقىن يولىمايدۇ.

— مۇنەۋۋەرگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گىمسالىك كەنتىدە، دېھقان

## زامانداشلىرىمغا دېمىگەنلىرىم

▲ مەنسەپدارلار بىلەن مەنسەپپەرەسلەرنى بىلىشنى خالامسىز؟ بۇ ئاسان: مەنسەپدارلار سالاملاشقاندا بىر قولىنى سۇنىدۇ، مەنسەپپەرەسلەر ئىككى قولىنى.

▲ ئاتىنىڭ ئوغلى بولۇش ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يۇرت ئوغلى بولۇش ئەر كىشىنىڭ ئىشى.

▲ ياپونلار «بالىنى يىلىكتىن تەربىيىلەش» نەزەرىيىسىنى قوللانغان بولسا، ئىنسانىيەت سەھنىسىدىكى يېگانە ئۇستاز بولمىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ياخشى جۈرە تاللاڭلار» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىزنىڭ بالا تەربىيىلەش جەھەتتىكى كۆرسەتمىمىز ياپونلارنىڭكىدىن ئۇستۇن ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. ئەمما بىز شۇنى تونۇپ يېتەلىدۇقمۇ؟...

▲ «كىچىك بالا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ» دېيىش، بالىلىرىمىزنىڭ يارامسىز بولۇشى ئۈچۈن بېسىلغان ئۇلتاش.

▲ بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ كەم سۆز بولسىڭىز «تەمكىن»، بىلمەي تۇرۇپ كەم سۆز بولسىڭىز «دېۋەڭ - گاڭۋاڭ» ھېسابلىنىسىز.

▲ ئېرىنى چۈشەنمەي دېسىڭىز ئۆيىنىڭ سىرتىغا، ئايالنى چۈشەنمەي دېسىڭىز ئىچىگە قاراڭ.

▲ ئايالنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي دېسىڭىز ئېرىنىڭ ياقىسىغا قاراڭ.

— خەلىل ھۇسەن مۇجاۋىرىي

ئاپتور: قىرغىز، ئاقچى ناھىيە سەپەرباي يېزىسى قارا بۇلۇڭ كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ كۆپ ھالدا مەغلۇب بولۇشىمىزدىكى سەۋەب ئىككى خىللا بولىدۇ: بىرى، تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى، يەنە بىرى، تەجرىبىمىزنىڭ زىيادە كۆپلۈكى.

▲ بەزىدە بىزنى ئالقىش سەھنىسىگە ئەڭ يېقىن دوستىمىز ئەمەس، بەلكى دۈشمىنىمىز ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

— بەھرىنىسا ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: ئۈرۈمچى «پىدا» شىركىتى «پىدا» كىتابخانىسىنىڭ خادىمەسى

▲ ھايات — سەن تېكىستىنى ئىجات قىلىپ، مۇزىكىسىنى ئىشلىمىگەن ئەسەرگە ئوخشايدۇ.

▲ تىرىشقىن، شۇچاغدا كۆزلىگىنىڭگە ئېرىشەلەيسەن؛ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ، بىلمىگىنىڭنى بىلەلەيسەن.

— ماھىرە تۇراخۇن

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 17 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقلىدىن ئۈنچىلەر

▲ ساختا تاۋارنىڭ پايدىسى بىرگە، زىيىنى مىڭغا يېتىدۇ.

▲ كۆزىمىز يىراققا قارىسۇن، پۇتىمىز ئالدىغا چامدىسۇن، قولىمىز ئالدى - كەينىمىزنى تەكشۈرسۇن.

▲ سەھەردە ئۇچقان قۇشنىڭ قورسىقى توق، بالدۇر ئويغانغان ئادەمنىڭ يولى ئوچۇق.

▲ مەجبۇرىي قىلىنغان ئىش — قىلىپسىز خىش.

▲ ئەجدادىڭنى دۇربۇندا، ئەۋلادىڭنى مىكروسكوپتا، كەلگۈسىڭنى كۆپىنچە ئەينەكتە كۆزەت.

▲ قانۇن ئائىلىمىزنىڭ ئىشىكى، ئەخلاق دېرىزىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى دائىم ئوقۇپ، «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»لا ئەمەس، ئاقىل - پەيلاسوپلارنىڭمۇ ماكانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

▲ ياشا تازىغا ئامراق، پاھىشە نازىغا.

▲ مەكتەپتىن نەزەرىيىچى چىقىدۇ، جەمئىيەتتىن ئەمەلىيەتچى.

▲ ئاگاھ بولغىنكى، سۈيىقەستچىلەر نىقابلىق، پارا بەرگۈچىلەر نىشانلىق، خۇشامەتچىلەر هارام نىيەتلىك كېلىدۇ.

▲ يىقىلمىغىن دېمىدىكەنسەن، يەڭگۈچىدىن ئۆلگە، يىقىلغۇچىدىن ساۋاق ئېلىشنى بىل.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى مۇئەللىمى

* * *

▲ بۈگۈنكى دۇنيا سىز ئۈچۈن ئىمتىھان، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ساۋاقتۇر.

— ئادىلجان ئابلىز

ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ مەھەللىسىدە، شەھەر يوقراسى

▲ بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويغان ئادەم بىر بولسا ھورۇن، بىر بولسا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەمدۇر.

— غۇلامقادىر ئەمەت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا ئەڭ تەس ئىش ئۆزىنى ئاقلاش، ئەڭ ئوڭاي ئىش قۇسۇر تېپىش.

— ئابدۇخالىق ئىمىن (مۇغالىي)

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا مۇغال كەنتىدە، دېھقان

## ئەلەملىك ئۈنچىلەر

▲ ھايۋاننىڭ ھايۋانىي دورىشى ئەقىلسىزلىقىدىن بولسا، ئادەمنىڭ ئادەمنى دورىشى ئىشەنچسىزلىكىدىن بولىدۇ.

▲ تاشپاقا بىلەن ئۆمۈر چولپانلىرىمىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇد.

▲ بازار ئەخمەقلەر چاچىدىغان، دانالار يىغىدىغان جاي.

— ئىمىننىياز ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئەلەمقۇدۇق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ بۈگۈن كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بەرگىنىڭ، ئەتىكى يولۇڭنى ئاچقىنىڭ.

▲ سەن بىرسىنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ يۈرۈپ، پەيتىدە

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈڭنى ئىپادىلىيەلمىگىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بەختسىزلىكى.

— ئالىمجان ئاقنىياز

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا باشلانغۇچ مائارىپ 2006- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۆسمۈرلەرگە ساپا، ياشلارغا تەدبىر، ياشانغانلارغا يېتىلىق بېرىدىغان ئەقىل- پاراسەت مەكتىپى.

▲ سەن باشقىلارغا ھەرىكىتىڭ بىلەن ئۈلگە بولۇپ، سەممىيىتىڭ بىلەن سۆز قالدۇر. شۇندىلا سەن ئادەم بولىسەن.

— ئەزىمەت مەشرەپ

ئاپتور: تاجىك. ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

▲ بىكارچىلىق كۆپ ھالدا قىلىدىغان ئىش بولمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى نېمە ئىش قىلىشنى، قانداق قىلىشنى بىلمىگەنلىكتىن بولىدۇ.

— ھۆسەنجان مۇھەممەدىن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات- تارقىتىش ئىنستىتۇتى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى 2004- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دوستلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كۆپىنچە ئەيىبنى ئالدى بىلەن قارشى تەرەپتىن ئىزدەشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

— شەرىپە سەمەت

ئاپتور: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىلى 2003- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئانا تىل— مىللەتنىڭ ئىپپىتى.

— ھەسەنجان ئوبۇل

ئاپتور: شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2007- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ كۆز— سۆز.

▲ ئاددىي ئىش ئۈلۈگلىنىپ قىلىش، ھاياتلىقنىڭ ئۆز قەدرىنى بىلدۈرگەنلىكىدۇر.

▲ ئەڭ چوڭ رەزىللىك— رەزىللىك قىلغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى نام بىلەن پەردازلىنىپ قېلىشتۇر.

▲ ھەقىقىي تۇرمۇش نەدە؟ ئۆزۈڭگە يۈز كېلەلىگەن يەردە.

▲ ساڭا مۆشت ئاتالمىغانلار گەپ ئېتىشى مۇمكىن.

▲ قارشىلىقنىڭ كۆپىنچىسى يوشۇرۇن بولىدۇ.

▲ ئۇنۇم (نەتىجە) بەرمەيدىغان ئىش بىردەملىكتۇر.

▲ ئەڭ ئېگىز جاي ۋە ئېسىل ئورۇن ئادەم ئىنتايىن تەستە ئېرىشىدىغان ياكى بىردەملىك ئىگە بولىدىغان ئورۇندۇر.

▲ سۆزلىگەنلىرىڭ كۆزلىگەنلىرىڭ ئۈچۈن.

▲ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر قوۋمنىڭ يات كۆرمەيدىغىنى بايلىقتۇر.

▲ ھايات كىشىنىڭ ئويلايدىغىنى خۇشاللىق، سەكراتتىكى ئادەمنىڭ ئويلايدىغىنى پۇشايمان بولىدۇ.

— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قىزىلتوق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تۈن تېۋىشلىرى

▲ مائارىپ قەدىرلەنمەي تۇرۇپ، مىللەت ئەزىزلەنمەيدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ ئالدىدا كۆز ياش قىلىش ئاجىزلىقتىن ئەمەس، غۇرۇرسىزلىقتىن.

▲ زىيادە يول قويىدۇڭمۇ، مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلىسەن.

▲ شېخىنى پۇتاۋەرمە، يىلتىزىنى قۇرۇتىسەن.

▲ توخۇيۇڭغا دان چاچمىساڭ، توخۇمىنى قوشناڭ يەيدۇ.

▲ ساختىلىق نىقابلانغان بولغاچقا، ھەقىقەت كۆپ ھالدا يالىڭاچ قالىدۇ.

▲ ئەل ئارىسىدا ئىككى نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ: بىرى، يالغانچىنىڭ سۆزى، يەنە بىرى، خائىننىڭ جېنى.

▲ نادان مىنگەن دۇلدۇلنىڭ يېپىشى قامچا.

▲ مۈشۈك يولۋاس بولالمىغىنى بىلەن، چاشقان مۈشۈكنى يولۋاس دەپ تونۇيدۇ.

▲ شەيتاننى ئۈچ نەرسە قورقىتىدۇ: تەۋەككۈلچىنىڭ توقمىقى، ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىبادىتى، كاللىسى ئويغاقلارنىڭ تەپەككۇرى.

▲ تارىختىن ساۋاقكى، باراۋەرلىك بولمىغان مۇستەبىت جەمئىيەتتە ئاشكارا قەتل قىلىنىدىغىنى بىر، يوشۇرۇن قەتل قىلىنىدىغىنى مىڭ بولىدۇ.

▲ رەنجىمە، ئوچاقمۇ ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسسىتىپ ئاندىن ساڭا ھارارەت بېرىدۇ.

▲ ھوقۇق ئاجىزلىقىڭنى ياپالىغىنى بىلەن، ئېغىزىڭ ئاجىزلىقىڭنى ياپالمايدۇ.

▲ ئوغرىنىڭ غەلبىسىنى قاراقچى قۇتلۇقلايدۇ.

— قاسىمجان ئەمەت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيەبارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## غېرىبلىقتىكى غېرىبانە تۇيغۇلار

▲ پۇرسەتنى قەدىرلىمىگەنلەر ئۆز بەختىنىڭ گۇناھكارى.

▲ زۇلمەت- قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغان نەرسە— بىر زەررىرە نۇر.

▲ ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئىزدىمەي ئۆز ئەمەلىيىتىڭدىن ئىزدىگىن. مانا بۇ ھەقىقىي ئەزىزلىك.

▲ خورلۇق ھاماقەتلەرنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرىنى بولسا ئورنىدىن دەس تۇرغۇزىدۇ.

▲ رەقىبنى سەل چاغلاشنىڭ ئۆزى تۇنجى قەدەمدىكى مەغلۇبىيەت.

▲ ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە تاللاشنى بىلمىسەڭ باشقىلارنىڭ قولى بوپقېلىشىڭ مۇمكىن.

— ئابدۇشۇكۇر ئەھمەت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇيغۇ ئۇچقۇنلىرى

▲ قاچان ئەقلىڭ ئادىتىڭنى بويسۇندۇرغاندا، شۇ چاغ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى تونۇغان ۋاقتىڭ.

▲ بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلىساڭ، ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۆزۈڭ يەتسە قىل.

▲ بۇ دۇنيادا ئادەمنى ئادەم باشقۇرۇپ بولالمايدۇ، پەقەت تۇرمۇشلا ھەممە ئادەمنى باشقۇرۇپ قېلىپقا سالىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەنلەرلا ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ.

▲ دوستى كۆپ ئادەم بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

▲ باشقىلارنى قايىل قىلاي دېسەڭ، باھا بەرگۈچى بولماي، ئەمەلىيەتچى بول.

▲ ئۆز بالىسىنىڭ بەختىگە ئۆلتۈرغان ئاتا ـ ئانا ـ يورۇق دۇنيادىكى دوزاخ.

▲ ئوقۇتقۇچى، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئەڭ ئۇلۇغ، مەسئۇلىيىتىڭىز ئەڭ ئېغىر، ھەرگىزمۇ بىر يىلنى 30 قېتىم تەكرارلاش ئەمەس.

▲ ئاددىي ئىشلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالىغان ئادەم مەڭگۈ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارماننىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ.

▲ ئاق كۆڭۈل بولىمەن دەپ ئەخمەق بولما، مۇستەقىل بولىمەن دەپ ياۋايى بولما.

▲ ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ئالدىراپ قىلغان گېپىڭ ۋە ئىشىڭ تاغ چوققىسىدىن غۇلاپ چۈشكەن تاشقا ئوخشايدۇ.

— رازىيەگۈل قۇدرەت

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 8 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۈچ پۇتلۇق داڭقانغا ئوخشايدۇ: بىر پۇتى ئىشەنچ، بىر پۇتى چىدام، بىر پۇتى ۋاپادارلىق. ئەگەر بىر پۇتى سۇنۇپ كەتسە، داڭقان ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ.

— سەييارە ئوسمان

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇق ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق، پېتەرسىزلىكلىرىنى شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ماكاندىن ئۆزگە مۇھىتتا ھەققىي ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

▲ بىرەر مەسىلىگە باھا بېرىشتە ئاياللار كۆپىنچە ھېسسىيات نۇقتىسىدىن، ئەرلەر كۆپىنچە ئەقلىي نۇقتىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ تارتىدىغان ئازابلىرى كۆپ بولىدۇ.

▲ ھەقىقىي ئەزىمەتلەر يۈرىكىدە كۆيىدۇ، قەلىمىدە پارتلايدۇ، ھەرىكىتىدە ئىسپاتلايدۇ.

▲ كەچۈرۈۋېتىشنى بىلمىسەڭ، يېڭى ئەسلىملەرگە ئېرىشەلمەيسەن.

▲ ئىقتىساد ئېڭى بولمىغان مىللەت نامرات، سىياسىي ئېڭى بولمىغان مىللەت قۇل بولىدۇ.

▲ پۇرسەت سىن كۆيگەن قىزغا ئوخشايدۇ، ئۇنى چىڭ تۇتماي ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، شۇنىڭ ئوتىدا مەڭگۈلۈك كۆيۈپ ئۆتىسەن.

▲ ئۆزگە ئىشىنىش ئۆچۈن ئۆزىنى ئىشەندۇرەلەيدىغان ئارتۇقچىلىق ۋە يۈرەك كېرەك.

— مېھرىبان نىياز چوغلۇق

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ قىز ـ شائىر مەڭگۈ يازالمايدىغان شېئىر.

▲ دىل چۈشەنمىسەڭ يۈزۈڭ چۈشەر ئادەم ئالدىدا،
تىل چۈشەنمىسەڭ يۈزۈڭ چۈشەر ئالەم ئالدىدا.

▲ تەشتەكتىكى گۈل ـ قەپەستىكى قۇش.

— ئابدۇرەشىد مۇتەللىپ

ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا يېڭىئاۋات كەنتىدە

## ئالەمدىن ئاجرانقان ھېكمەتلەر

▲ ياشلاردا ئەيش ـ ئىشرەت كۆيىيدى، قېرىلاردا بولسا قايغۇ ـ ھەسرەت.

▲ ياۋاشنى بوۋاقنىڭمۇ ئۇرغىسى كېلەر، ئوماقنى ھەممە كىشىنىڭ سۆيگىسى.

▲ بوۋاينىڭ ئىشى پەملىك كېلەر، موماينىڭ ئىشى تەملىك.

▲ ئاچ قالغاندا ئاناڭنىڭ، ئۆلگەندە ئاۋامنىڭ قەدرى بىلىنەر.

▲ ھازىرقىلاردا پىلنى يەڭگۈدەك كۈچ بولمىغان بىلەن، قىلنى يارغۇدەك ئەقىل بار.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۈچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇرۇمغا تېز سىزما

▲ ئۆتمۈشنى پەقەت ئەسلەش بىلەنلا چەكلەنگەن مىللەت تارىخنىڭ ئىبرىتىنى، بۈگۈننىڭ پۇرسىتىنى ھېس قىلالمايدۇ.

▲ قەھرىمانغا تەگكەن پەشۋا ئەۋلادنى يىقىتىدۇ.

▲ قەلبىنى كۈچ بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولىدىغانلار ئاجىز، پۇل بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولىدىغانلار ئاچ كۆز، ھىيلە بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولىدىغانلار نادان.

▲ دۈشمەننىڭ سەۋرچانلىقى مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇش ئالدىدىكى سەۋرچانلىقىغا ئوخشايدۇ.

▲ بىكار يۈرۈش ـ كۆزى ئوچۇق ئۆلۈش.

▲ ئادەم ھېسداشلىققا ئېرىشكەندە ئاجىز، ئىشەنچكە ئېرىشكەندە كۈچلۈك سانىلىدۇ.

▲ ئۆزىدىن ھېساب ئالالىغان كىشى باشقىلاردىنمۇ ھېساب ئالالايدۇ.

▲ مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى ئەڭ قىس نەرسە ۋاقىت.

▲ قىممەت قارىشىمىز ئوخشىمىغاچ تۇرقىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ.

▲ ئائىلىدە ئادەمنىڭ ئەيىبى ئاشكارا بولىدۇ.

▲ شەرقنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىدىيە ئىختىلاپىدىن، غەربنىڭ تەرەققىياتى ئەقلىي كۈچىدىن بولغان.

▲ ئەقلىي كۈچ ۋە رەھبىرىي تالانت ـ مەزلۇم ئەللەرنىڭ قۇياشى.

▲ قەھرىماننى يارىتالمىغان جەمئىيەت (مىللەت) قەھرىماننى ئەسلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ.

▲ روھى ئويغاق كىشىلەرگە قەدەمدە بىر ھېكمەت بار.

▲ دىلى كور ئادەم پۇرسەتكىمۇ پۇتلىشىپ يۈرىدۇ.

▲ ئىجادچانلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىش ـ روھىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى.

▲ مىللەتنىڭ قارا تونى ئالەمدىن ئىبارەت مەنىۋى قۇياشنى پاتۇرغانلىقىدا.

▲ ئەقلىنىڭ ئۆگدىشى ـ ھېسسىياتنىڭ پەيلىشىدىن.

▲ ھاراقكەش، قىمارۋازلارنىڭ «سېپىدىن چۈشۈپ قالغان»لارنى ئاقلانە يول تۇتتى دېگۈلۈك.

▲ قەھرىماننىڭ مۇھىتقا بولغان ئىجابىي تەسىرى مەكتەپ ۋە مەسچىتتىكى «ۋەز ـ نەسىھەت»تىن ئەلا.

▲ ئىدىيە ئورتاقلىقى بولمىسا قېرىنداشلىق تۇيغۇسى بولمايدۇ.

▲ ئەركىلەشلىرى غەرەزسىز، قېيداشلىرى نەپرەتسىز ئايال ئۆزىدە ئايالنىق خۇلقىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

▲ ھەقىقەتكە ئېگىلگەن نوپۇزغا ئېگىلمەس.

▲ ئەقىل تەمكىن بوۋايغا، ھېسسىيات ئالدىراقسان بالىغا ئوخشايدۇ.

▲ تارىخ پەقەت خاتىرىلەش بىلەنلا كۇپايىلەنسە، ئۇ ئەسلەشتىن ھالقىيالماي قالىدۇ.

▲ زىيادە كۈنلەش نەپرەتكە، لايىقىدا (يولىدا) كۈنلەش مۇھەببەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ ئېگىلىدىغانلار تۈگىمىگىچە، غادىيىدىغانلارمۇ تۈگىمەيدۇ.

▲ ھاقارەتكە كۆنگەن ئادەمگە ئەركىنلىك ئارتۇقچە.

▲ ھەقىقەت چۈمۈلىنىڭ قولىدا بولسا، پىلمۇ سالامغا كېلىدۇ.

▲ بۈگۈندىن زارلانغان ئادەمنىڭ ئەتىدىن نېسىۋىسى يوق.

www.uyghurkitap.com

▲ ھەقىقەتكە داۋالاڭ كەتمەيدۇ.
▲ مەدەنىيەت — مەۋجۇدلۇقنىڭ يولخېتى.
▲ ھەقنى بىلىپ ئەمەل قىلماسلىق، ناماز ئوقۇپمۇ مۇسۇلمان بولماسلىققا ئوخشايدۇ.
▲ ئاجىزلار باشقىلارنىڭ باھاسىنى چوڭ بىلىدۇ.
▲ ۋاقىتىمىز ئەرزىمەس ئىشلارغا ئىسراپ بولغاندا ئۆزىمىزنى گۆردە سانساق بولىدۇ.
▲ پۇشايماننى تەگىش — يۈرەك يارىسىنى تاتىلاش.
▲ تىلنىڭ ئۆمرى — مىللەتنىڭ ئۆمرى.
▲ تىل تۇغى قەلبكە تىكىلىندۇ.
▲ ھەقىقەتنىڭ تەبىرى — پەلسەپىنىڭ ئاچقۇچى.
▲ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش ئانا تىلنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ.
▲ بىلىم ئەمەلىيەت بىلەن، ئادەم سەممىيەت بىلەن.
▲ سەھرا — تەبىئەتنىڭ ئۇماق بالىسى.
▲ نەقنى كۆز، ھەقنى قەلب كۆرىدۇ.
▲ بىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن خاتالىق، بىلىپ تۇرۇپ ئىچكەن زەھەرگە ئوخشايدۇ.
▲ غەرەزلىك ياردەم ئۆتنە بەرگەنگە ئوخشايدۇ.
▲ يۈزىنى ساتقان ئۆزىنى ساتار.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا يېڭىمەھەللىك كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ پۇرسەت تۆت پەسىل ئەمەس ئالمىشىپ كېلىۋېرىدىغان. ئۇ، قىشتىكى ئاپتاپقا، يازدىكى يامغۇرغا، كۈزدىكى سايىگە، باھاردىكى ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەت تۇرغۇن تۈركىنۇر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەزىلەرنى نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىكىن دېسەم، ئۇلار تېخىچە ئىش باشلىماي، «قانداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ» دېگەننى كىتابتىن ئىزدەۋېتىپتۇ.

— ئېلشاد ئەنۋەر

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قايتىدىن ئورنىتىلغان دوستلۇق — قادالغان چىنە.

— ھەبىبە مۇھەممەتئېلى

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 6- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ «ئۇنداق قىلىش تەس» دېگۈچىلەر شاللىنىشقا، «ئاسان ئىش نەدىكەن» دېگۈچىلەر تاللىنىشقا يۈز تۇتقان كىشىلەردۇر.
▲ ئىشنىڭ قىيىن تەرىپىنى ئويلىغان قورقۇنچاق، ئاسان تەرىپىنى ئويلىغان تەۋەككۈلچى، ھەر ئىككى تەرىپىنى ئويلىغان ئەقىللىق ئادەمدۇر.
▲ بالا-ۋاقاڭنى ئوقۇتساڭ كۈچكە، ئوقۇتمىساڭ يۈككە ئېرىشىسەن.
▲ بىر گەپنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق قىلغان ئادەم بىر بولسا ماختانچاق، يەنە بىر بولسا ئۇنتۇغاق ئادەمدۇر.
▲ بىر ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايسەن.

▲ مىللەتنى سۆيسەڭ «قېرىنداش بىز» دېگەننى، ئۆزۈڭنى سۆيسەڭ «سەندىن قالامتىم» دېگەننى باشاش پىرىنسىپى قىل.
▲ قورقۇنچاق ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدۇ.
▲ ئەل سۆيگەن ئەلمەدە، پەن سۆيگەن يەردە قالماس.
▲ يۇرتداشلىرىڭغا چوڭچىلىق قىلىشتىن ئاۋۋال مېيىت نامىزىڭنى ئويلاپ قوي.
▲ قېرىلىق- ئۆلۈمنىڭ سايىسى.
▲ باشقىلارنىڭ ساڭا قاتتىق تېگىشى، بىر بولسا سېنى پەس كۆرگەنلىكتىن، بىر بولسا سېنى ئۆز كۆرگەنلىكتىن بولىدۇ.
▲ تىل بىلمەسلىك ئۆزىڭگە، تارىخ بىلمەسلىك مىللەتكە ئاسىيلىق قىلىشتۇر.
▲ ئەپتىڭنى ئەينەككە قاراپ تۈز، ئەيىبىڭنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا قاراپ.
▲ ئادەم بىر ئىشتا نەتىجە قازانغانسېرى تەدبىرگە، نەتىجە قازىنالمىغانسېرى تەقدىرگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىپ بارىدۇ.
▲ ئاياللارنىڭ قورساق سېلىشى ھامىلدارلىقتىن، ئەرلەرنىڭ قورساق سېلىشى يارىماسلىقتىن.
▲ ئادەمنىڭ كۆڭلى، بىرى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانسېرى، بىرى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانسېرى بەك نازۇكلىشىپ كېتىدۇ.
▲ ئادەمنىڭ كاللىسىنى بىرى، پۇل، يەنە بىرى، كىتاب ئاچىدۇ.
▲ خۇدادىن قاقشىغۇچە خۇيۇڭدىن قاقشا.

— ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ قەبرىستانلىقنى سورلۇق دېمە، ئۇ يەردە ياراتقۇچىنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە ئۇلۇغۋار تەنھالىقى بالقىپ تۇرىدۇ.
▲ ئادەم ئۆزى ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگىلا شۇ قەدەر تارتىشىدۇ.
▲ نۇرغۇن ئەر ئاياللارنى قورقىتالىغان بىلەن ئەيمەندۈرەلمەيدۇ. قورقۇش بىلەن ئەيمىنىش ئەسلىدىنلا ئىككى خىل مەنا!

— بۇۋىخەلچەم تۇردى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە كۆكيار يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇردىن بىر دەستە گۈل

▲ «چوقۇم»دىن ئۈمىد تۇغۇلسا، «ئەگەر»دىن ئىشەنچ ئۆلىدۇ.
▲ ئوغۇللار ئۆزىنى ئۇنتۇۋېلىشتا، قىزلار ئۆزىنى يېغىشلاشتا سىنىلىدۇ.
▲ «نازىنىلار»نىڭ ھېلىسى نارەسىدەلەرنىڭ يىغىسىدا ئاخىرلىشىدۇ.
▲ ئوغۇللار چېقىمچىلىقتا، قىزلار چىدىماسلىقتا چاندۇ.
▲ كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىيالايدىغانلار بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەلەيدىغانلار بىر بولسا ئارتىس، يەنە بىر بولسا ئۆز يۈرىكىنى يىتتۇرۇپ قويغۇچىلاردۇر.
▲ مۇھەببەتنى مۇھەببەتلا ئۇنتۇلدۇرالايدۇ، ۋاقىت بولسا جاراھەتنى ساقايتالايدۇ.
▲ تۇنجى مۇھەببەت — چالا تەگكەن ئوق.

— گۈلمېھرى ئابدۇرەشىد

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل-ئەدەبىيات 2004- يىللىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېغىر تىنىقلار



# تاغامنىڭ شاپتۇللىرى

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەھمۇت

كىچىككىنە سەھرا بازىرى باش كوچىسىنىڭ كويىدۇرگۈچى ئاپتىپىدا ھالسىراپ ياتىدۇ. ئادەملەر ۋە مال- ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلاردىن بولغانغان ھاۋا دەمنى سىقىدۇ. مەن قىستاڭچىلىق ئارىسىدا ئۆرۈلۈپ- سوقۇلۇپ كېتىۋېتىپ، تاغامنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن مىستەك پېشانىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ، چوڭرىلىرى قىرچىلىپ كەتكەن تۇمىقىنى بۇرۇنقىدەكلا كەينىگە سۇرۇپ كىيىۋالغانىدى. ماڭا تونۇش شۇ ھالىتى كۆزۈمگە سىڭىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ مىسرەڭگە كىرىپ قالغان پېشانىسى ھەققىدە تولا ئويلايتتىم. كۆزۈمگە سىڭىپ،خىيالىمغا ئويۇپ قالغان پېشانىسى ماڭا ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئاجايىپ كەچمىشلەرنى ھەم كەلگۈسىنىڭ مەن چۈشىنىپ بولالمايدىغان سىرلىرىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كىشىنىڭ كۆرمىشلىرى پېشانىسىگە يېزىلغان بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. تاغامنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان پېشانىسىگە ئىنسان ئاددىي كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىغان، ئاددىي ئەقلى بىلەن ئويلاپ يېتەلمەيدىغان قانداق قىسمەتلەر پۈتۈلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما يۇۋاش بولۇپ ياشاش، ھەر بىر تىنىقىنى شۈكۈر- قانائەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشتەك ھازىرقى ئادەملەر ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەن، بۈگۈنكى كۈندە پەقەت قوبۇل قىلالمايدىغان كەچمىشلەر تاغامنىڭ ئاشۇ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تاغام بىلەن ئوخشاشلا ئىنسانلىق سۈپىتىگە ئىگە بەزى

ئادەملەر ئولتۇرغان ماشىنىلارنىڭ چاقلىرى تېگىدىن پۇرقىغان توپا- توزانلار تاغامنىڭ ئۈستىۋېشىنى ئايلىنىپ ئۇنى مەسخىرە قىلغانلىرىدا، تاغامنىڭ بىر ئۆمۈر تىرمىشىپ يەنە شۇ قىرچاڭقىغۇ- ئۆلەمجان ئېشىكى بىلەن جابدۇقلىرى يەتمىش يەردىن ئۇلاقلىق ئەبجەق ھارۋىسىنى كۆرگەندە مەن ئىنسانىنىڭ تەقدىر پېشانىسىنىڭ پەقەتلا ئادىل بولمايدىغانلىقىدىن ئاغرىنغان يەرلىرىم تالاي. بىراق بۇنداق گەپلەرنى كىمگە سۆزلەپ، دەردىمنى كىملەرگە تۆككۈلۈك؟ تاغام ئالدىدىكى يوغان سېۋەتكە لىققىدە قاچىلىۋالغان شاپتۇللىرىغا قاراپ قويۇپ،ئۆتكەن- كەچكەنلەرگە نەزەر سالاتتى. ئۇزۇن چۇپۇر قاشلىرى سايە تاشلىغان ئورا كۆزلىرىدىن يوقاپ كەتكىلى بەك ئۇزۇن بولغان بىر نۇر ئەلەڭگىپ تۇراتتى. بوۋام رەھمىتىدىن قالغان كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغنىڭ مېۋىسى بولغان بۇ مەئىشەتلەر قىستاڭچىلىقتا تىن تارتقىلى بولمايدىغان بۇ بازاردا ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيتتى.

— تېچلىقمۇ ھېلىم دادا،— مەن تاغامنىڭ ئالدىغا باردىم. سەل نېرىدىكى سىمتاناپ تۇۋرۈكىگە باغلاپ قويۇلغان ئېشەك سالپاڭ قۇلاقلىرىنى پات- پات سىلكىپ قويۇپ مۈگدەپ تۇراتتى. ھارۋىدا ئىككى سېۋەت شاپتۇل بار ئىدى.

— ھوي، مەمتاخۇنمۇ سەن، ئوبدان تۇردۇڭمۇ، باللىرىڭ تېچلىقتۇ؟

تاغام ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇزۇن چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ سىرتىدىن باغلىۋالغان چىت پوتىسىنىڭ بىر ئۇچى تىزىدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. تاغامنىڭ قورۇق باسقان چىرايىدا ماڭا تونۇش مېھرىلىك كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدە دۇنيا- پۈتكۈل ئالەمگە بولغان ئەڭ

سادىدا، ئەڭ كونا مېھرىنىڭ ئىزناسى جىلۋە قىلاتتى. مەن چىرايىدىن قىش كۈنلىرى تار كوچىلاردىكى مەينەت ھەم قارامۇزلاردەك سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا جىنىم سىقىلىپ، جىددىي، ئايىغى چىقمايدىغان شاۋقۇن-سۈرەنلەردىن غېرىبسىنىپ، بوغۇنۇقۇپ كەتكەن چاغلىرىمدا تاغامنىڭ ئاشۇ چىرايلىق، ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان تەمەسسىز كۈلۈمسىرەشلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەپ قالاتتىم. بىز ھەقىقىي كۈلكە-تەبەسسۇمنى يوقىتىپ قويغان چېغىمىزدا بەكلا بىچارە بوپكېتىمىز، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى بىلەن غەزەرسىز تەبەسسۇمنى تاپالمىساق ھايات بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر ھەم سوغۇق بىر يۈك بوپقالىدۇ.

چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۇرۇنلاردا بوۋام رەھمەتلىك مۇشۇ بازاردا شاپتۇل ساتاتتىكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ تاغام شاپتۇل سېتىپ يۈرىدۇ. بوۋامدىن قالغان كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغقا دادام بىلەن تولا باراتتىم. ئەتىيازدا شاپتۇللار ھۆپپىدە چېچەكلەپ كەتكەنىدە باغقا كىرىدىغان بولسا ئادەم يەڭگىللەپ، كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتەتتى. باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە دەرياغا تۇتاش كەڭ كەتكەن سازلىق بولىدىغان. سازلىق بىلەن كىشىگە ئاجايىپ سىرلىق بىلىنىدىغان پايانى يوق قومۇلۇق ئارىسىدا سارغۇچ سۇلىرى شاۋقۇنسىز ئاقىدىغان دەريا بار ئىدى. دەريا بويىدا، سازلىقلاردا مال-چارۋىلار ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى دەريا بويىدىن كېلىدىغان سالقىن شامال جانغا ھۇزۇر بېرىپ شاپتۇل چېچەكلىرى بىلەن باغلارنى ،مېھرى ئىسسىق مەھەللىنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ، غۇرۇلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

— بۇ بىزنىڭ ماكانىمىز. مەن مۇشۇ جايدا، بوۋاڭلارنىڭ مۇشۇ كونا ئۆيىدە تۇغۇلغان،— دادام يېزىغا چىققان چاغلىرىمىزدا شۇنداق دەپ قوياتتى. دادام بىر تۈرلۈك سېغىنىش ھەم مەيۈسلۈك ئىچىدە بىزگە كۆرسىتىۋاتقان بۇ ئۆيلەر مەن كۆرۈپ باقمىغان بوۋام ئۆز قولى بىلەن سالغان يېرىمى ۋادەك، يېرىمى لاي تاملىق پاكار ھەم كىچىك ئۆيلەر ئىدى. كونا زامانچە ئېغىر تاختايلىق ئىشىكلەر ھەر قېتىم ئېچىلغاندا يېقىمسىز غىچىلدايتتى. مورا ئوچاق ئۈستىدىكى يوغان جىنچىراغنى ھەرقاچان توپا بېسىپ تۇراتتى. دادام پېنسىيىگە چىققان يىللاردا ئۆزى تۇغۇلغان مەھەللىسىنى، ئاتا-ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى تولا ئەسلەيدىغان بوپقالغانىدى. دادامنىڭ دېيىشىچە، شاپتۇللۇق باغنى بوۋام ياش ۋاقىلىرىدا ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغانىكەن. ھاياتنىڭ ئېغىر دەملىرى جاننى قىينايدىغان ئاشۇ قارا يىللاردا كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغ ئۇلارنى سېرىقتال بولسىمۇ بېقىپ كەلگەنىكەن. بوۋامنىڭ زامانىدا كېچە-كۈندۈز ئىشلەپمۇ قورساق تويمايدىغان قارا كۈنلەر بولغان. ئاشۇ يىللاردا خۇدا ئەزىز قىلىپ ياراتقان بەندىلەر ئۆزىنى خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان قارا يۈرەكلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدا خار بولۇپ ئۆتكەن. ئىنساننىڭ ھاياتى قارا تۇمان بىلەن بۆلغانغاندا قورقۇنچلۇق پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ. كېچە-كۈندۈز ئات-ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىگەن ئادەملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، جەسەتلىرى قىر-سايلاردا قالغان. «تۆگىگان يېغىلىقى»دا يۇرتقا ئالتۇن ئالۋىڭى كەلگەندە شۇ زاماندىكى بايلار بوۋامدەك ئېگىسىز كىشىلەرنى ھەيدەپ كېلىپ بىر ئادەمنى بىر سەر ئالتۇن ھېسابىغا قاراقچىلارغا تۇتۇپ بەرگەندە، بوۋام ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان شاپتۇللۇق باغنىڭ يېرىمىنى بىر سەر ئالتۇنغا سېتىپ گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن. بۇ، بوۋامنىڭ ياش ۋاقىلىرىدا بولغان ئىشلار ئىكەن، ئۇ چاغلاردا تېخى داداممۇ تۇغۇلمىغانىكەن.

ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتتى، بوۋامنىڭ ئەجىر-مېھنىتىدىن بىنا بولغان شاپتۇللۇق باغ ھەر يىلى باھاردا شۇنداق چىرايلىق گۈللەپ، كۈزدە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان شاپتۇللار بىلەن تولۇپ تۇردى، تاغام يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك چاڭ-بوغۇناق بىلەن تولغان سەھرا بازىرىدا شاپتۇل سېتىپ يۈردى. نەزەرىمدە، تاغام ئاشۇ بازارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. ئۇ بولمىسا بۇ بازارمۇ بولمايدىغاندەك،بازار بولمىسا تاغاممۇ بولمايدىغاندەك ئىدى. ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆزىنىڭ يولى بىلەن سۈرۈلۈپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن يەنە دادامنىڭ باشلىشى بىلەن يېزىدىكى بوۋامنىڭ قەدەمجايىغا بېرىپ، باللىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان شاپتۇللۇق باغنىڭ چىرايلىق ھالىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەنىدىم. شۇ چاغدىمۇ تازا باھار پەيتى ئىدى. شاپتۇللار باھار ئاپتىپىغا تويۇنۇپ ھۆپپىدە چېچەكلەپ كەتكەن. نازۇك چېچەكلەرنىڭ يۈرەكنى مەپتۇن قىلىدىغان يۇمران بەرگلىرى يەڭگىل شامالدا مەيىن تەۋرىنىپ، چىرايلىق پىلدىرلىشىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم مېنى ئەجەبلەندۈرگەن ھەم قىزىقتۇرغان ئىشنىڭ بىرى، تاغامنىڭ شاپتۇللۇق بېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن سازلىقتا جىددىي ئەمگەك كېتىپ باراتتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرى، توپا قېزىش ماشىنىلىرى قاپقارا ئىس پۇرقۇپ، زېمىننى تىترىتىپ يەر تۈرتۈپ يۈرەتتى. ئېگىز قىر-تىرگەنلەر سېلىنىۋاتاتتى. زەيلىكلەر كولىنىۋاتاتتى.

دادام سازلىقتىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ تاغامغا قارىدى. تاغام ئوڭايسىز بىر ھالدا چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى. كەينىگە سۈرۈپ كىيىۋالغان تۇمىقىنىڭ چۆرىسى مايلىشىپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟

— تاڭ، مەنمۇ بىلمىدىم. ئاڭلىسام، خەقلەر سازلىقنى تۈزلەپ يەر ئېچىۋاتقۇدەك.

تاغامنىڭ كۈلكە ئارىلاش سۆزىدىن بۇ دۇنيانىڭ ئازادىلىكى، بىغەملىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سەنمۇ ئېچىپ قويمامسەن، باغنىڭ كەينىنى ئېگىلىسەڭ خېلى كۆپ يەرگە ئىگە بوپقالسەن.

— ئەمدى شۇ،— دېدى تاغام قۇلاق تۈۋىنى قاشلاپ ئوڭايسىز بىر ھالدا.

— نېمە بولدى، ساڭا رۇخسەت قىلمامدۇ-يە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، داۋۇيدىكىلەر خېلى سۆيلەپ باقتى بولمىسا.

— ياخشى گەپكەن، ئەمىسە سەنمۇ ئىش باشلا، بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىسەن.

— بىراق شۇ، يا بۇ چاغقىچە قىلماپتۇق بۇ ئىشنى. ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا.

www.uyghurkitap.com

تاغام كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، تەبەسسۇمى شۇنداق يېقىملىق، شۇ قەدەر چىرايلىق. تاغامنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىگە قارىغان ئادەم خۇددى بۇ دۇنيادىكى تاش- تۇپراق، ئوت- گىياھ، قۇش- قانات ھەممە- ھەممە نەرسە كۈلۈۋاتقاندەك، كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، دۇنيا كۈلكىگە، غەمزىسىز، تەمەسىز كۈلكىگە تولۇپ، ھايات شۇ قەدەر شېرىن- تاتلىق بوپكەتكەندەك تۇيغۇغا كېپقالاتتى. تاغامنىڭ شۇ ھالدا يەر ئىگىلەشكە رىغبەتنىڭ يوقلۇقىنى باشقىلارغا يول قويغانلىق ياكى بۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمىغانلىقى دەپ چۈشىنىشنى بىلمەيتتىم. بەلكىم بۇ تەرەپلىرىنى تاغاممۇ ئويلىمىغاندۇ، تاغاممۇ ماڭا ئوخشاش تۇرغۇن نەرسىنى ئويلىيالمايدىغاندۇ، ئويلاشنى خالىمايدىغاندۇ، ياكى بولمىسا ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھانغا بىر پاتمان مال- دۇنيا توپلاپ نېمە كەپتۇ دەپ ئويلايدىغاندۇ. بىراق ھازىر يەنە مۇشۇنداق ئويلىسا شۇنداق ئويلايدىغاندىن بۇ جاھاندا پەقەت ئۆزىلا قالىدىغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى ئادەملەر نېمىنى ئويلىسا شۇنى ئويلاپ، خىق ماڭغان يولدا قىستىلىپ- كەپلىشىپ بولسىمۇ مېڭىپ، قىستىلاڭغۇ مۇشۇ دۇنيادىن بىر كىشىلىك نېسىۋىسىنى تالىشىپ، قىزغىنىپ تېپىپ يېمىسە ئادەم قىسقا ئۆمۈرنى خاتىرجەم، ئىنساندەك ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى تاغام بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. مەنمۇ شۇ چاغلاردا تېخى بىلىپ يېتەلمىگەنىدىم. مەن بۇلارنى ناھايىتى كېچىكىپ بىلدىم. بىراق مەن بىلگەن چاغدا تاغامغا بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك پۇرسەت بولمىدى. بولغان تەقدىردىمۇ تاغام يەنە شۇ چىرايلىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن، ئاق كۆڭۈل، ساددا دېگەن مۇشۇ ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلىنىغلى بولىدىغان ئاشۇ يۈرىكى بىلەن پەقەت كۈلۈپلا تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ يەردىكى ئۆزىگە ئوخشاشلا قولۇم- قوشنىلىرى ئارىسىدا، ساددا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە،ئاق كۆڭۈل ئانىسىنىڭ پەرۋىشىدە، ئەللىيىدە چوڭ بولغان، مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەن تاغام بەلكىم تۇرغۇن نەرسىنى ئويلىيالمىغان بولغىيدى. يولدا بىر تال تىكەننى كۆرسە ئاتايىن ھارۋىسىدىن چۈشۈپ خەقلەرنىڭ پۇتىغا كىرىپ كەتمىسۇن دەپ يولنىڭ ياقىسىغا تاشلىۋېتىدىغان، خەقلەر يولنى كولاپ ئېرىق ئېلىپ سۇ تۇتسا، ساقلاپ تۇرۇپ ئېرىنمەي تۈزلەپ قويىدىغان تاغام تۇرغۇن نەرسىنى ئويلىيالمايتتى. ھازىر خەقلەرنىڭ كەينىمدىكىلەر يېتىشىۋالمىسۇن دەپ ئۆزى مېڭىپ بولغان يولغا تىكەن تاشلاپ، ئورەك قېزىپ قويىدىغانلىقىنى تاغامدەك ئادەملەر بۇ دۇنيادا چۈشىنەلمەيدۇ ھەم مەڭگۈ ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. تاغام ئىش قىلىشقا چىداملىق، جاپا كۆتۈرۈشلۈك بولسىمۇ بىراق ئويلاشقا، كاللا قاتۇرۇشقا ئېرىنچەك ئادەم بولسا كېرەك. بۇنداق ئادەملەر خاپىلىقتىن نېرى بولالماي، جاپادىن قۇتۇلالماي،بەك بالدۇر قېرىپ كېتىدىكەن. ئەڭ يامان يېرى، ئۇلار ئۆزلىرى تارتقان دەردىسەرلەرنى قېتىغا ئالماي، خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك يەنە بىر خىللا ياشاپ كېتىۋېرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ دەرد تارتقانلىقىنى بىلەلمەيدىكەن. مەن بۇلارنى چوڭ بولۇپ، يىقىلىپ- قوپۇپ، ياشىماقنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بارا- بارا ھېس قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم.

ئارىدىن بىر- ئىككى يىل ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئەتىيازدا ھۇپپىدە ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرىنىڭ ئاچچىققا مايىل ھىدى بىلەن تويۇنغان باغ ھاۋاسى دادامنىڭ زەردىلىك ئاۋازى بىلەن تەۋرەپ كەتتى:

— باغنىڭ كەينىدىكى ئاۋۇ بوش يەرلەرنى بولسىمۇ ئىگىلەپ قوي، تىرگەن سېلىپ سۇ باشلا،بولمىسا پۇشايمان قىلىسەن .

دادامنىڭ گەپلىرىنىڭ شۇ چاغدا تاغامغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما تاغامنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرەش، چىرايلىق تەبەسسۇمىنىڭ تېگىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھانغا مۇنچىۋالا نەپسى بالالىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى دېگەن مەنىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولغانىدىم.

— باللىرىڭ چوڭىيىۋاتىدۇ، ئۇلارغىمۇ روزىغار كېرەك، شۇلارنى بولسىمۇ ئويلاپ قوي.

— باللارنىڭ رىزقىنىمۇ خۇدايىم بېرەر، ئاكا.

— خۇدامۇ ئۇڭدا ياتقانغا بەرمەيدۇ.

— كىشى دۇنياغا ئۆز رىزقى بىلەن تۇغۇلىدۇ، كىشىنىڭ ھەققىنى كىشى يېيەلمەيدۇ، ئاكا. باللارغىمۇ خۇدا بىر يولدا بېرەر.

تاغام مانا شۇنداق ئويلايدىكەن. تاغام شۇ چاغلاردا بۇ دۇنيادا خۇدانىڭ بەندىلىرىگە چاچقان رىزقىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى،ئۇنى بىر- بىرىدىن تارتىۋېلىپ، چىڭ تۇرۇپ، تۇرتۇشۇپ، ئۇسۇشۇپ تېپىپ يېمىسە، ماۋۇ مېنىڭ رىزقىم ئىدى دەپ قاراپ تۇرسا خەقلەرنىڭ ئۇنداق ئويلىمايدىغانلىقىنى، ماۋۇ پۇستاننىڭ رىزقى ئىدى، مەن ئېلىۋالسام بولمايتتى، دەپ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا جاھاندىن كەتكەن بولسا كېرەك. ئەگەر تاغام بۇلارنى بىلگەن تەقدىردە بەكلا ئەجەبلەنگەن بولاتتى، دۇنيانىڭ ئەسلىدە ئۆزى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى ئۇقسا بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق تاغامنىڭ ئۆمرى بۇلارنى ئويلاشقا يار بەرمىدى. تاغام بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم مۇشۇ گەپ چىققاندا تاغام:

— قولۇم- قوشنىلارنىڭ يېرى ئاز بولغاچقا يەر ئېچىۋاتىدۇ، بىزنىڭ بېغىمىز بولغاندىكىن تالاشمايلى دېدۇق،— دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاغامنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ساددا ئىكەنلىكىنى، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئاقلىقى، پاكلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، بۇ دۇنيانى شۇنداق ئاق ھەم پاك ھېسابلايدىغان روھى ھەم كۆڭلى بارلىقىنى چۈشەندىم.

سازلىق يىلىسىرى ئېچىلىپ تاغامنىڭ بېغىغا يەتتە- سەككىز قەدەم قالغاندا دادام چىداپ تۇرالماي يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى:

— مۇشۇ يەرنى بولسىمۇ ئىگىلەپ قوي،بىلىشىڭ كېرەك، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق.

تاغام كەينىگە سۇرۇپ قويغان تۇمىقىنىڭ سىرتىدىن بېشىنى قاشلاپ قويۇپ يەنە شۇنداق چىرايلىق كۈلۈمسىرىدى:

— يا بالدۇرراق تۇتۇش قىلماپتۇق. ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا خەقلەردىن يەر تالىشىپ يۈرسەك سەت تۇرارمىكى مانا.

بۇ كۈنلەردە تاغامنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولغان، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئايالى تۇغقان، ئوغۇلمۇ ئوننەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئېپقالغانىدى. بۇ

بالا بەكلا ئوماق، كونا، ئۆزىگە چوڭ كىيىۋالغان كىيىملەر ئارىسىدىمۇ ئادەمگە شۇنداق يېقىشلىق كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىدىن ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆيۈمدە تۆت كۈن تۇرۇپ مەكتەپنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قان بىلەن مېنىڭ قېنىم بىر. ئەمما بىزنىڭ دىلىمىز، كۆڭلىمىز، مېھىر- مۇھەببىتىمىز بىر يەردىن چىقالمىدى. مېنىڭدەك بىر ئاكىسىنىڭ، قېنى بىر، يىلتىزى بىر ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭغا ياتقۇدەك جاي، داستىخىنىدىن ئۇ يېگۈدەك غىزا چىقمىدى. ھاياتتا نۇرغۇن ئىشنىڭ تايىنى قالمىدى. خۇشاللىقنىڭمۇ تەمى قالمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە قانچىلىغان ئادەمنىڭ يۈرەك كېسىلى، مېڭىسىگە قان چۈشۈش بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم مۇشۇنداق بىمەھەل ئۆلۈمنىڭ — يۈرەك كېسەللىرىنىڭ، مېڭىسىگە قان چۈشىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنىڭ خۇددى جىيەن ئىنىم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ساقلىنىپ قالغاندەك قارىماققا بار، ئەمەلىيەتتە توزۇپ كەتكەن مېھىر- مۇھەببەت سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپمۇ قالىمەن. يۈرەك ئۆزىنىڭ ئوزۇقى- ھاۋاسىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئەمما بۇنى خەقلەر ئاڭلىسا مېنى مەسخىرە قىلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا بۇ خىياللىرىمنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم.

— مۇنۇ قالتىس يىگىت بوپتۇغۇ، — دېدى دادام بىر قېتىم تاغاملارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا جىيەنىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ زوق بىلەن، — نەچچىدە ئوقۇۋاتىسەن، بالام؟

— ئالتىنچىدە، — دېدى ئۇ خىجىل بولغان ھالدا يەرگە قاراپ.

— يارايسەن. بۇ بالىنى چوقۇم ئوقۇتقىن جۇمۇ، — دېدى دادام تاغامغا قاراپ.

— ئۇ، خەتنى ئوبدان ئۆگەندى، بولارمىكىن ئەمدى. قويلارنى باقىدىغان ئادەم يوق.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، بېقىپ بولالمىغۇدەك نەچچە قويۇڭ بارتى سېنىڭ؟ قارىسام، شۇ بارى- يوقى تۆت تال چىچقاق پاقلانكەنغۇ. بىلىپ قوي، بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇمىغان ئادەم نېنىنى تېپىپ يېيەلمەيدۇ. ئوقۇمىسا بولمايدۇ.

— ئۇ ئوقۇپ بولدى، ئاكا. خەت تونۇپ بولدى.

دادامنىڭ سەپراسى يەنە ئۆرلىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تاغامغا ئاچچىق بىلەن بىرمۇنچە ۋارقىرىدى. تاغامنىڭ مىستەك پارقىراپ تۇرىدىغان پېشانىسىدىن تەر ئاقتى. ئۇ، ئاكىسىنىڭ راستلا ئاچچىقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئاڭلىشىمچە تاغامنىڭ چوڭ ئوغلى- مېنىڭ جىيەنىم، مۇشۇ كۈنلەردە خېلىلا بوي تارتىپ قالغان ئوماق بالا بىلەن كۈلۈمسىرەپلا يۈرىدىغان تاغام ئوتتۇرىسىدا خېلى جېدەللەر بولغانىمىش. تاغامچە بولغاندا، خەت يېزىشنى بىلگەن، گېزىت ئوقۇيالايدىغان بالىنىڭ يەنە ئوقۇپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوقكەن، شۇڭا ئۇ مال- ئۇلاغلارغا قاراپ، قوي بېقىشى كېرەككەن. ئەمما جىيەنىم دەيدىكەن: مەن چوقۇم مەكتەپتە ئوقۇيمەن، بازاردىكى مەكتەپكىچە ئوقۇيمەن، ئەگەر يول قويمىساڭ قېچىپ كېتىمەن، سەن تاپالمايدىغان يەرگە قاچىمەن. جېدەلنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بوپتۇ. بالا ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇيدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ قوي باقىدىغان بوپتۇ. مەن ئۆمرۈمدە تاغامنىڭ ئاچچىقلىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان، بەلكىم ئۇ شۇ چاغدا ئاچچىقلانغاندۇ. ئەمما ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. مانا شۇ چاغدا تاغام بىلەن جىيەنىم ئوتتۇرىسىدىكى شۇ جېدەلدە جىيەنىمنىڭ بازاردىكى ئۆيۈمدە تۆت كۈن تۇرۇشى بەلگىلىنىپ بولغاندەك قىلىدۇ. بىراق، پەقەت تۆت كۈن.

تاغامنىڭ ئوغلى مەن تۇرۇۋاتقان مۇشۇ ناھىيە بازىرىدا ئوقۇيدۇ. ئۇنى كوچىلاردا ئۇچرىتىپ قالغانلىرىمدا، ئۆيگە بارمىدىڭ دەپ خاپا بولىمەن. ئۇمۇ بارالمىغانلىقىدىن ئۆزرە سورايدۇ. ئۆيگە چوقۇم بار، بارمىساڭ رەنجىپ قالىمەن دەيمەن. ئۇمۇ چوقۇم بارىمەن، دەپ ۋەدە بېرىدۇ ئەمما بارمايدۇ. مەنمۇ ئۇنى ئىزدەپ سوراشتۇرۇپ، ئۆيۈمگە ئەكەلمەيمەن. ئۇنىڭ نېمىشقا ئۆيۈمگە كەلمەيدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئۇمۇ مېنىڭ ئۆيگە بار دېگىنىم ئۈچۈنلا ئۆيۈمگە كەلسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇشۇنداقلا بىر گەپ، سۆزلىرىمىزنىڭ چىن مەنىدە ئېيتىلمىغانلىقى ھەر ئىككىمىزگە ئايان.

ئۇ، يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئوقۇغان دەسلەپكى ھەپتىدە بىزنىڭ ئۆيدە تۆت كۈن تۇردى. تۆت تېمىدىن يىلمانلىق، ياسالمىلىق تەپچىپ تۇرىدىغان ياسداق ئۆيىمىزگە بۇ يېڭى مېھمان مېنىڭ دىلىمنى سۆيۈندۈرۈپ سادda سەھرا ھىدىنىمۇ بىللە ئېلىپ كىردى. ئۆيىمىز تار ھەم كىچىك ئىدى. شۇڭا جىيەن ئىنىم سىقىلىپ قالدى. ئايالىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلسىمۇ بىراق بۇ كۈلكىسى، كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىنىڭ يالغانلىقىنى قارىغۇمۇ بىلىۋالاتتى. ئۆيىمىزدىنمۇ تار، ئۆيىمىزدىنمۇ يىلمان كۆڭلىمىز بۇ ئەقىللىق ئىنىمنى سىغدۇرالمىدى.

— ياتاققا كۆچۈپ كېتەيمىكىن.

— بىر ئوبدان ئۆي تۇرسا ياتاقتا نېمە بار ساڭا، تاغاملار ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ.

— مەكتەپ سىرتتا يېتىشىمىزغا قوشۇلمايدىكەن، ياتاقتا يېتىش كېرەككەن.

مەكتەپ قوشۇلمايدىغان ئىش يوق. ئەقىللىق ئىنىم، ئۇنىڭغا مەن، مېنىڭ ئەبجەش روھىم، چىن مەنىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن يۈرىكىم، يەنە تار ئۆيدە چوڭ بولۇپ، تار روھ بىلەن ئۆسكەن يەڭگەڭ — مېنىڭ ماۋۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاننى ئالىدىغان خوتۇنۇم قوشۇلمايدۇ. سېزىپ تۇرىمەن، ھەممەيلەن ئۆزىمىزنىڭ تولىمۇ تار، گۇگۇم قاراڭغۇسىدەك روھىمىزغا قاپسىلىپ قالدۇق. بارغىن ئىنىم، سېنى تۇتۇپ قالسامۇ ئۆزۈڭغا بارمايدۇ، بىز يوقتىپ قويغان مېھرىنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە تولدۇرالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە يوقتىپ قويغىنىمىز باشقا نەرسە ئەمەس، بىزنىڭ قېرىنداشلىقتىن مەنە تاپىدىغان كۆڭۈل توقلۇقىمىز، خۇشاللىقلىرىمىز، يەڭگىل ھەم ئىسسىق ھاياتىمىز.

مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ جىممىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. تاماكىنىڭ كۆكۈش ئىسلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چىققان ھەسرەتلىرىم تار ئۆيۈمنىڭ بۇلۇڭ- بۇلۇڭلىرىدا ئايلىنىپ ماڭا

www.uyghurkitap.com

سوغۇق نەزەردە قاراۋاتاتتى.

— ئاۋۇ بالىغا ئېيتىڭ، پۇتىنى يۇيۇپ ياتسۇن.

ئايالىم مۇشۇنداق دېگەن چاغدا ئىنىم ياندىكى ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى. ئۇ ھەممىنى ئاڭلايتتى. ئايالىم ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دەۋاتاتتى. يەنە ئىشكىنىڭ ئوچۇقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ گەپلەرنى ئۇ ئاڭلىماي قالمىسۇن دېگەندەك قەستەن ئۈنلۈك ئاۋازدا دەۋاتاتتى.

— بۇ ئۆيدىن بەرىكەت كەتتى، يەنە ئۇن تۈگەپتۇ، — ئاشخانىدىن ئايالىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تاغام جىيەن ئىنىمنى ئەكەلگەن چاغدا چوڭ بىر تاغار ئۇننىمۇ بىللە ئېپكەلگەنىدى. مەن يالغاندىن تاغامنىڭ مېنى يات كۆرگەندەك ئۇن كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىدىن بىرمۇنچە خاپا بولغانىدىم. تاغام يەنە كۆپ ئۆتمەي گۆش، ماي، كۆكتات دېگەندەك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاغامنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان خۇشاللىقىنى ئۇنىڭ ھازىرلا ياش تۆكۈلىدىغاندەك بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، مۇلايىم پېشانىسىدىكى ھاياجانلىق قورۇقلاردىن، ئۈمچىيىپ كەتكەن لەۋلىرىدىن، يەنە ئۇنىڭ تۆمۈردەك قاتتىق، جاپادىن ئېگىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى شەكلىنى يوقاتقان بارماقلىرىنىڭ سېزىلەرلىك تىترىشىدىن كۆرگىلى بولاتتى. بازاردا ئىشلەيدىغان مېنىڭدەك بىر تۇغقىنىنىڭ بولغانلىقى، ئەمدى ئوغلىنىڭ بۇ يات يەردە ھەرگىز بوزيۇن قىسىپ قالمايدىغانلىقىغا بولغان ئالەمچە سۆيۈنۈشىنىڭ يارقىن بىر نۇرى پارلايتتى.

ئايالىم توغرا ئېيتىدۇ، بەرىكەت كەتتى، بەرىكەت ئۇن تاغىرىدا ئەمەس بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە قالمىدى. بۇنداق يۈرەكلەر بار يەرگە ھېچنېمە سىغمايدۇ، ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچنېمە سىغمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز يالغۇز قالىمىز. ناھايىتى قورقۇنچلۇق جاڭگالدا يالغۇز قالىمىز.

تاغامغا بوۋام رەھمەتىيدىن قالغان شاپتۇللۇق باغ كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ بارا ـ بارا بۇرۇنقى ئىسكەتىدىن قېلىۋاتاتتى. شاپتۇللارنىڭ قىزغۇچ غوللىرىدا، نوتا شاخلىرىدا ساپسېرىق يىلىملار قايناپ چىقىشقا باشلىدى. كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان چىرايلىق ھەم يوغان شاپتۇللار بارا ـ بارا يىگىلەپ، ھۆررەك ـ ھۆررەك يىلىملار پەيدا بولۇپ، بۇرۇنقىدەك كۆرگەن ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرىدىغان تەمىدىن كەتتى. ئەمما تاغام دادىسىدىن قالغان كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بايلىقى، بارلىق روزىغارىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ بىلەتتى.

— باغنى ئۈگشىمىساڭ بولمىغۇدەك، — دېدى دادام بىر قېتىم بوۋىمىزنىڭ قەدەمجايىغا بارغىنىمىزدا شاپتۇللۇق باغنىڭ بارا ـ بارا قۇرۇپ ـ چوخراپ كېتىۋاتقان ھالىنى كۆرۈپ خۇرسىنغان ھالدا. بىر چاغلاردىكى باراقسانلاپ تۇرىدىغان، جاھاندىكى جىمى گۈزەللىكنى ئۆزىگە يىغقاندەك رەڭ جۇلاسى بىلەن ھۇپپىدە چېچەكلەيدىغان شاپتۇللارنىڭ شاخ ـ نوتىلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى قۇرۇپ كەتكەن، چېچەكلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى.

تاغام ئېغىر تىنىپ چېكىسىنى قاشلاپ قويدى. چەت ـ چۆرىلىرى مايلىشىپ كەتكەن تۇمىقى پۈرلىشىپ تۇراتتى. يۈز ئۆڭىدە غېرىب چىراي كۆلۈمسىرەش پەيلدايتتى.

— ئەمدى شۇ، بۇ شاپتۇللارنى دادام رەھمەتتى ئۆز قولى بىلەن تىككەن، كۆكلەتكەنىكەن، دادام كۆرگەن شاپتۇللار ئىدى شۇڭا...

— بۇنى بىلىمەن. دادام كۆرگەن دەپ قاراپ تۇرسالا ھەممىسى قۇرۇپ تۈگىسە، باغ ۋەيران بولسا ئاندىن قانداق قىلىسەن؟

— ئۇنداقمۇ بولماس، ئۈگشىلىپ قالار.

مېنىڭ مۇشۇ سۆيۈملۈك تاغام ھەم مۇشۇ تاغامغا ئوخشايدىغان ئادەملەر ئۆزى خالىمايدىغان نۇرغۇن ئىشنىڭ بىر كۈنلەردە ئۆزلىكىدىن ئۈگشىلىپ قالىدىغانلىقىغا سەۋەبسىز ئىشىنىپ ھەم شۇنداق بولۇشىنى سۇس بىر خىل ئۈمىد بىلەن خۇدادىن تىلەپ ھاياتقا، دۇنياغا پەرۋاسىز ھەم يىلمان بىر نەزەردە تىكىلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. دەرەخ قۇرۇپ كەتسە ئورنىغا يېڭىسىنى قويۇش ئۇلار ئۈچۈن بىھاجەت، بىر كۈنلەر كەلگەندە قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ باشقىدىن ياشىرىپ ئەسلى ھالىتىگە كېپقالىدۇ. دادىسى تىككەن دەرەخ ئۆز جايىدا قۇرۇپ كەتسە مەيلى، بىراق ئۇنى قومۇرۇۋەتسە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. دادىسى كۆرگەن كالا ياكى ئات موزايلىماي، تايلىماي بىرسى بىر پېتى قېلىۋەرسە، ھەتتا ئۇ قېرىپ پىچاققا يارىماي تاپ بوپكەتسە مەيلىكى، ئۇنى سېتىپ پۇل قىلسا ياكى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېسە توغرا ئەمەس. ئەمما باغ قۇرۇپ، ئۆلەمجان مال ـ چارۋىلار ئۆلۈپ تۈگەپ، يامان كۈنگە قالغان بالا ـ چاقىلىرى خار ـ زەبۇن بوپكەتسە بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى، بۇنىڭغا بەندە بىقۇۋۇل. ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭمۇ روھى قورۇنمايدۇ. ئىشلار تەتۈرگە مېڭىپ قالسا ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان شاپتۇلنى قومۇرۇۋەتكەنلىكى ياكى كالىنى سويىۋەتكەنلىكىدىن بولدى دەپ ئويلايدۇ. مەن تاغامنىڭ كۆڭلىگە تېگ كەلمىسۇن دەپ بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دېمىگەنىدىم. ئويلاپ باقسام، تاغامغا دەيدىغان نۇرغۇن گېپىم بار ئىكەن، ئەمما دېيەلمەپتىمەن. بىرسى ئۆتتا كۆيۈۋاتسا بىچارە ئەجەب كۆيۈپ كەتتى، دەپ قاراپ تۇرماي بىرەر چېلەك سۇ تۆكۈپ قويۇش بەك مۇھىم ئىشكەن.

مەن تاغامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چاڭ ـ بوغۇناقتىن تىنىقلى بولمايدىغان يېزا بازىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا شاپتۇل قاچىلانغان بىر نەچچە سېۋەتنى ئالدىغا قويۇۋالغان ھالەتتە كۆرگەنىدىم. مەن سەل نېرىدا تۇرۇپ پۇتۇن بوي ـ بەستىدىن نامراتلىقنىڭ ئاچچىق ھەم يىرگىنىشلىك چاڭلىرى پۇرقۇلۇپ تۇرغان، يوقسۇزلۇق ئالۋاستىسىنىڭ بۇرنىدىن تۆكۈلىدىغان توزانلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ ئولتۇرغان تاغامنى كۆرۈپ مۇشۇ بازاردا بىر ئۆمۈر شاپتۇل ساتقان بوۋامنى، دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ شاپتۇل سېتىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن تاغامنى ئويلىغانىدىم. يەنە تاغامنىڭ ئوغلىنىڭمۇ بىر كۈنلەر كەلگەندە مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ خۇددى تاغامغا ئوخشاشلا شاپتۇل سېتىپ قېرىپ كېتىشىنى ئويلاپ ئۆزۈمچە قورقۇپ كەتكەنىدىم. تاغام كۆز يۇمۇپ قارا يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەسلەپ قالغان چاغلىرىمدا يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئۇنىسىز

ياش تۆككەن چاغلىرىم كۆپ بولغان. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ تاغامنىڭ ئاشۇ چۆرىلىرى قىرچىلىپ، پەقەتلا ئىسكەتى قالمىغان تۇمىقىغا دىققەت قىلىپ كەلدىم. شۇ چاغدىكى خىيالىم بويىچە بۇنداق تۇماقنى كىيىشكە بولمايتتى. ئۇنى چۆرۈۋېتىپ يېڭىسىنى ئېلىپ كىيىش كېرەك ئىدى. تاغامنىڭ قاتلىنىشىپ كەتكەن كۆن ئۆتۈكمۇ، يول- سىزىقلىرى قالماي قىرچىلىپ كەتكەن چاپىنىمۇ بەكلا ئاۋارە ئىدى. مەن شۇ نەرسىلەرنى— تاغامنى سەت، قوپال، كۆرۈمسىز كۆرسەتكەن شۇ ئۇستىۋاشلارنى يىغىلاپ قويالايتتىم. بازاردىن يېڭىسىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويالايتتىم، بۇنىڭغا قۇربىم يېتەتتى. ئەگەر شۇنداق قىلالىغان بولسام تاغام بۇ دۇنياغا قايتا تۇغۇلغاندەك خۇشھال بوپكېتەر بولغىيتتى. مەن مۇشۇ كەڭرى ئالەمنىڭ بىر بۇرجىكىدە جىممىدە ياشاپ، ئۈن- تىنسىز كېتىپ قالغان بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىدە چەكسىز خۇشھاللىق ھەم مېھىر- مۇھەببەت ئويغاتقان بولار ئىدىم. ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. مەنمۇ ئۆزۈم بىلىپ - بىلمەي بۈگۈنكى زاماننىڭ يۈرىكى مېھىرسىزلىكتىن مۇزلىغان ئادەملىرىنىڭ قاتارىدا تۈگمەس غەلۋە-غۇدۇر، تاراق- تۇرۇقلار بىلەن تولغان تار كوچىسىدا قىستىلىشىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ بولغانىدىم. مەنمۇ ئۆزۈمگە ئوخشىغان نۇرغۇن ئادەم، دوستلىرىم، ھەققەمسايىلىرىمگە ئوخشاش ئانىسىغا بىرجىڭ گۆش ئاپىرىپ بېرىش ئېغىر كېلىدىغان، بىراق باشلىقىنى، خوجايىنىنى، ساختا كۈلكىسى بىلەن باشنى ئايلاندۇرىدىغان سەتەڭلەرنى كۆرگەندە نەچچە يۈز سومنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ بولغانىدىم. ئون سومغا بىر تۇماق ئېلىپ قان- قېرىندىشىمنى خۇشھال قىلىشقا چىدىمىغىنىم بىلەن، سېمىزلىكتىن ئۆزىنى جۇڭقۇرالماي قالغان، توقلۇقتىن كېكىرەلمەي قالغان نۇرغۇن ئادەمگە ئايانماي پۇل خەجلەشنى بىلەتتىم. مەن ئۇلارنىڭكىنى يەيتتىم، ئۇلار مېنىڭكىنى يەيتتى. توق ئادەملەر توق ئادەملەرنى كۆپرەك يېيىشكە، ئىچىشكە، كىيىشكە زورلايتتۇق. ئەمما تومۇرىدا مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش قان ئېقىۋاتقان تاغام بولسا شۇ كۈنلەردە يادىمدىن چىقىپ كەتكەنىدى. تاغامنىڭ قانداقراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى خۇددى مەن بىلەن ئالاقىسىز ئىدى. ئاشۇ تاغامنى بىر قېتىم خۇش قىلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇنىڭ بەك ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن چېغىمدا جاپا- مۇشەققەتتىن پۈكۈلۈپ، ئەبگارلىشىپ كەتكەن تاغام ئاللىقاچان قارا يەرگە سىڭىپ كەتكەنىدى.

تاغامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، چاڭ- بوغۇناقتىن تىنىن تارتقىلى بولمايدىغان ئاشۇ بازاردا ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بوپقالغاندىن كېيىن ،ئۇنىڭ ئاشۇ مۇزلاپ قېتىپ قالغان يۈرەكلەرنى ئىللىق سېزىم بىلەن ئېرىتەلەيدىغان تەبەسسۇمىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن تاغامنىڭ مەن ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىپقالدىم. ئۇنى تولا ئويلايدىغان، ئۇنىڭ تولىمۇ ئاددىي ھاياتى ھەققىدە خىيال قىلىدىغان بوپقالدىم.

تاغام بىر پارچە قاتتىق ناننى يەۋاتاتتى. بېشىدا يەنە شۇ كونا تۇمىقى، ئۇستىدە قېلىن پاختىلىق چىبەرقۇت چاپىنى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردىم. تاغام يەنە شۇ ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان تەبەسسۇمى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە مۇشۇ چەكسىز ئالەمگە بولغان تەڭسىز مېھرىنىڭ نۇرى جىلۋە قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. تاغام بىر ئۆمۈر مۇشۇ دۇنياغا كۈلۈپ قاراپ، تەبەسسۇم بىلەن ھاياتقا بېقىپ، دۇنياغا مېھىر تۆكۈپ كەلدى. كۆز ئالدىمدىكى سوغۇق، بىپەرۋا ھايات مۇشۇ نۇقتىدىن تاغامغا ناھايىتى كۆپ قەرزدار ئىدى.

— سودىڭىز قانداقراق، ھېلىم دادا، — دېدىم تاغامنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىغاندەك يەرگە بېقىپ .

— يامان ئەمەس.

تاغامنىڭ سېۋەتلىرىگە قويۇۋالغان شاپتۇللىرى غىچلا يېلىم بېسىپ كەتكەن، دانىسى ئۇششاق ھەم تۈكلۈك شاپتۇللار ئىدى. بىر چاغلاردىكى سېرىقىياغدەك جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان شاپتۇللاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شاپتۇللۇق باغنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— كىلوسىنى نەچچە پۇلدىن ساتتىڭىز؟

— ئىككى مودىن ساتتىم، بالام.

— نېمە؟ نېمانچە ئەرزان.

— ئۆزىمىزنىڭ بېغىدىن چىقىدىغان بولغاندىكىن.

مەن شۇ چاغدا ئوغۇلبالىدەك بىر ئىش قىلماقچى بولدۇم. مېنىڭ مۇشۇنداق قىلالىشىممۇ ئاسان ئەمەس، شۇ چاغدا شۇنچىلىكنى ئويلىيالىغىنىمغا ھازىرمۇ سۆيۈنىمەن.

— ھەممىسى نەچچە كىلو كېلەر؟

— ئەللىك كىلو كېلەرمىكى.

— ھەممىسىنى مەن ئالاي، تاغا.

— ما بالىنىڭ گېپىنى، سەن بۇنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ لازىم بولسا ئەكېتىۋەر، ئۆزۈڭنىڭ نەرسىسىگە پۇل تۆلىگەن نەدە بار.

— ياق، مەن بۇنى ئۆزۈم ئالمايمەن، ئىدارىدىكىلەرگە كېرەك. تارقىتىپ بەرمەكچىمىز.

— ئۇنداق بولسا مەيلى. ساڭا بۇنى بىر مودىنلا بېرەي.

— ياق. بازاردا قانداق ساتقان بولسىڭىز شۇنداق باھادا ئالىمەن، بەرىبىر پۇلنى ئىدارە تۆلەيدىغان بولغاندىكىن.

— شۇنداقتىمۇ سەندىن پۇل ئالسام ئەجەب بىرقىسما تۇرىدىكەن. بولدى، پۇل يېنىڭدا قالسۇن.

مەن تاغامغا نۇرغۇن چۈشەندۈرۈپ يۈرۈپ پۇلنى ئاران تۇتقۇزدۇم. ئۇنىڭ تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان چىرايىدىكى سۆيۈملۈك، يۈرەككە تېگىدىغان خىجىللىق نۇرلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا.

تاغامدىن ئالغان شاپتۇللارنى ۋېلسىپىتىمنىڭ ئارقىسىغا بېسىپ تاغام بىلەن خوشلاشتىم. تاغام بۈگۈن يورۇق جاھاندىن بىكار بولغانىدى. يەنە كېلىپ سودىسىمۇ ئوبدان بولغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ شاپتۇللارنى مەن ئالمىسام ئۆيگە قايتۇرۇپ ئېپكېتەتتى. مەن تاغامنىڭ غېرىب كۆڭلىنى بىر قېتىم بولسىمۇ خۇش قىلالىغىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم شۇنداق يورۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى شۇنداق ئازادە سەزدىم.

ئەللىك كىلوغا يېقىن شاپتۇلنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن شاپتۇللارغا قارىدىم. شاپتۇللار يىلىمنىڭ تولىلىقىدىن يېگۈسىزلا

www.uyghurkitap.com

بىر هالدا ئىدى. مەن مەھەللىمىزنىڭ ئايىغىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭگە شاپتۇللارنى سۇغا تۆكۈۋەتتىم. شاپتۇللار بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كەتتى. كۆزۈمدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش لاي ھەم پاسكىنا ئۆستەڭ سۈيىگە قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتتى.

تاغام ئۆمۈر بويى بۇ دۇنياغا، دۇنيادىكى جىمى بارلىققا غەرەزسىز مېھىر بىلەن شۇنداق تاتلىق كۈلۈمسىرەپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما بۇ دۇنيا، بۇ ھايات ئۇنىڭغا ئۇنداق تاتلىق كۈلۈپ باقماپتۇ. تاغام داۋالىنىمەن دەپ خېلى كۈچىگەن، بىساتىدىكى ھەممە نەرسىنى يىغقان بولسىمۇ ئالقان توشقۇدەك بىر نەرسە چىقمىغان. ئۇ، پۇل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، پۇل بولمىسا كېسەل داۋالاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، يەنە شۇ پۇل بولمىسا جان دېگەن نەرسىنى ساقلاپ قالماقنىڭ تەسلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي ياشىغان بولسا كېرەك.

— نېمە كەتسە كەتسۇن ،چوقۇم داۋالىنىڭ.

بۇ، تاغامنىڭ باغرى يۇمشاق ئايالىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان گېپى ئىدى.

— كېسەلىم يوق، نەچچە كۈن ئۆتسە ياخشى بوپقالىمەن.

تاغام قىزىتمىسى ئۆرلىگەندە جۆيلىدىمۇ يا راستلا شۇنداق دېدىمۇ، ئىشقىلىپ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— بالا ـ چاقىلىرىمنى قەرزگە تۇتۇپ بېرىپ كەتكۈم يوق،ــ دېگەن گەپنى قىپتۇ. بۇ گەپلەرنى تاغامنىڭ ئايالى ناماز كۈنى قوشاق قېتىپ يىغلىغاندا ھازا قوشقىدىن بىلىۋالدىم.

كېسەلىم يوق دېگەن تاغام شۇ گەپنى قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

تاغام ئالەمدىن ئۆتكىلى ئۇزۇن يىل بولدى. مەن تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما كۆڭلۈمدىكى قېرىنداشلىق مېھرىنى، قانداشلىق مۇھەببەتنى بىرەر قېتىم تولۇق يەتكۈزەلمىگەن جىيەن ئىنىم ھازىر يىراق بىر شەھەردە خېلى بىر ئىشلارنى تەۋرىتىپ يۈرىدۇ. بەزىدە ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ، شاپتۇل ساتىدىغان مۇشۇ ئىشنىڭ تاغامدىن ئوغلىغا مىراس بوپقالمىغانلىقىدىن شۇنداق خۇشھال بوپكېتىمەن. ئۇنىڭ دادىسى ئاتمىش نەچچە يىل ياشاپ، ئۆزىنىڭ كونا مەھەللىسى بىلەن چاڭ ـ توزانلىق يېزا بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغانىدى. ئوغلىنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىنى كۆرەلىگەن، ئۇنىڭ يېنىغا بىرەر قېتىم بېرىپ كېلەلىگەن بولسا تاغامنىڭ بۇ دۇنياغا، ئىنساننىڭ ئۆمرى ھەم ئۆزىنىڭ ئويلايدىغانلىرى ھەققىدىكى خىياللىرى باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تاغام بىلەن جىيەن ئىنىم ئارىسىدىكى ئاشۇ قېتىملىق دە تالاشتا مەن بار ئىدىم.

— بازار مەكتەپنى تۈگەتتىڭ، خەتنىمۇ ئوبدان يازالايسەن، ئەمدى قايتىپ كەل، بالام.

— كېلىپ نېمە قىلىمەن، بۇ يەردە قانداق جان باقىمەن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بېغىمىز بار، مال ـ ئۇلاغلىرىمىز بار، شۇنداق تۇرسا جان باقالماي قېلىشتىن قورقىنىڭ نېمىسى؟ مانا مەنمۇ ئوقۇمىغان، بىر ئوبدان كۈن كۆرۈۋاتىمەن. مەندىن كېيىن قالساڭمۇ مۇشۇ باغ ساڭا قالىدۇ.

— مەنمۇ شاپتۇل ساتامدىم، ياق،ــ جىيەن ئىنىمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى قەتئىي ئىدى،ــ مەن ھېسابلاپ باقتىم، بۇۋام بىر ئۆمۈر شاپتۇل سېتىپتۇ، سەن شاپتۇل سېتىپ ئاتمىش نەچچىگە كىرىپسەن. بىساتىمىزدا ئەسكى كىگىز، ئۈشۈك پالاز، ئۆڭكۈردەك ئىسلاش ئۆي، ئېغىلدىكى ئۆلەمجان نەچچە تۇياق قوي ـ ئۆچكە... مەن بۇنداق ئىشنى ئۆلسەممۇ قىلمايمەن.

تاغام مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان كۈلكە دەقىقە ئىچىدە يوقاپ يەنە پەيدا بولدى. ئەمما بۇ كۈلكىسى بۇرۇنقى كۈلكىلىرىگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ، بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟

تاغام ئوغلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئارقىدىن ئاران ئاڭلانغۇدەك غودۇڭشىدى:

— بېغىمىز بولغاندىكىن... بىزنىڭ باغ تۇرۇپ ...

شۇ ئىشتىن كېيىن تاغامنىڭ ئۆيىگە ئۇزۇنغىچە بارالمىدىم. داداممۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەمدىنكەم بارىدىغان بوپقالغانىدى. شاپتۇللۇق باغ بارا ـ بارا قۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن دادامنىڭمۇ ئۆزى تۇغۇلغان بۇ كونا مەھەللىسىگە بولغان سېغىنىشى سۇسلاپ كەتتىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، بىلمىدىم، مەھەللىسىدىن مەرى يېنىپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. خۇددى ئۇرنىنى تولدۇرالمايدىغان بىرەر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئېغىر ئۇھسىنىپ قوياتتى. مەھەللىسىنىڭ گېپىنىمۇ قىلمايدىغان بوپقالغانىدى.

تاغام جاھاندىن كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ جەمەتىمىزدىن شاپتۇل ساتىدىغانلار چىقمىدى. بىزنىڭ ھېلىقى شاپتۇللۇق بېغىمىزمۇ قۇرۇپ ۋەيران بولدى. بۇ، ھەممە نەرسە قۇرۇپ ئاخىرلىشىدىغان، بار بولغان نەرسىلەر چوقۇم بىر كۈنى تۈزۈپ تۈگەيدىغان، يېڭىلىرى كونىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان شۇنداق بىر دۇنياكەن. ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچمۇ جاھاننىڭ مۇشۇ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ بولالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن ئاشۇ شاپتۇللۇق باغنى، تاغامنىڭ كۈلكىسىنى ھېلىھەم سېغىنىمەن. ئاشۇ باغدا، تاغامنىڭ ئاشۇ كۈلكىسىدە ھاياتنىڭ يەڭگىل، تەملىك ھەم شېرىن بىر ئەسلىمىلىرى قالغاندەك سېزىمەن. باغنىڭ قۇرۇپ ۋەيران بولغانلىقىنى ئويلىسام باغنى كېڭەيتمىگەن، قۇرۇغانلىرىنى يېڭىدىن سالمىغان تاغامنى كۆڭلۈمدە ئەيىبلەيمەن. بەلكىم تاغام شۇنداق قىلغان بولسا توغرا بولار بولغىيدى. مەن تاغامنىڭ ھاياتى ھەققىدە كۆپ ئويلايمەن، ئەمما ئويلىغانسېرى گاڭگىراپ قالىمەن. خىيالىمدا تاغام بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇنىڭغا بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ كېتىمەن. تاغام يەنە شۇ دۇنيانى قەرزدار قىلىپ قويغان كۈلكىسى بىلەن جىممىدە ئولتۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلايدۇ. يىراق ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مەن خىياللاردىن ئويغىنىپ تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ كىچىككىنە سۈرىتىگە زوقلىنىپ قاراپ كېتىمەن. سۈرەتتىكى جىيەن ئىنىمنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئەمەس جىددىيلىك بار ئىدى.

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى (M2)



# ۋىجدان مۇھاكىمىسىدىن

# ئىككى يازما

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

## ئادەم ئىللىق، ئالەم ئىللىق

پايانسىز كائىناتنى يۇلتۇزلار بېزەپ تۇرىدۇ. يەرشارىنى ئاتموسفېرا ئوراپ تۇرىدۇ. جەمئىيەتنى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئوراپ تۇرسا، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى كەيپىيات باغاشلاپ تۇرىدۇ. كەيپىياتنى بولسا ئادەمىيلىك سۆيەت ۋە ئادەمىي ئەخلاق مىزانلىرى جۇلالاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئادەمىي سۆيەت، ئادەمىي ئەخلاق شەخس ئىگىدىن يۇغۇرۇلۇپ، يېتىلىپ، پىشىپ تاۋلىنىدۇ ۋە ئاندىن قوۋمغا يۈزلىنىدۇ. قوۋمدىن مىللەتكە، دۆلەتكە، ھەتتا پۈتكۈل ئالەمگە يۈزلىنىپ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئەخلاقنى روياپقا چىقىرىدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاق نۇرغۇن شەخسنىڭ ئىش- ھەرىكىتىدىن پۈتۈنلىنىدىغان بىرلىك بولغاچقا، ئۇ تولۇق يېتىلگەن مۇكەممەل نەرسە ئەمەس. ئۆزىدە ساقلانغان ناچار خاھىشلار بىلەن ئۆزرۈش- ئارقاق بىرگە مەۋجۇد بولۇپ ئەخلاق سېلىشتۇرمىسى ھاسىل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شۇڭا ئىجتىمائىي ئەخلاق دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قىرلىرى تولۇقلانمىغان چاسا نەرسىگە ياكى ئەيىب- ئېۋىنى بار سوقچاقراق نەرسىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇنى تولۇقلاپ پۈتۈنلەش، نۇقساندىن خالىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇش شەخس ئىگىگە قويۇلغان پەرزىي سوئالدۇر. بۇ پەرزىي سوئالنىڭ نەتىجىسى جىسمىمىزدىن تارتىپ ئىگىمىزغىچە ئۇدۇم بولۇپ سىڭىپ كەتكەن ئوتلۇق سېزىمگە، يەنى ئوتتەك قىزىق سۆيگۈگە، ئوتتەك مېھرى ئىسسىق كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، ئوتتەك قىزىق مېھر- ۋاپاغا سېزىك بولىدۇ. سېزىكىگە قانمىغان بوۋاق ئەيىبناق تۇغۇلۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، سېزىكىگە قانمىغان كىشىلىك ئەخلاقمۇ ئەيىبناق، يېرىم- يارتا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆز ئۇدۇمىغا ۋارىس بولالىغان، ئوتتەك قىزىق مېھر- مۇھەببەت، سۆيگۈ- ۋاپا بىلەن سېزىكىگە قانغان كىشىلىك ئەخلاق راۋرۇس، ئەيىب- نۇقسانسىز يېتىلىپ، بىزگە يۇقىرىقى پەرزىي سوئالنى قويۇپ ئولتۇرغان نۇقساندىن خالىي بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى بولالايدۇ. مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى قان ۋە ئاڭغا سىڭگەن بىر ئۇدۇمدىن، يەنى ئوتتەك قىزىق، ھارارەتلىك ئادەمىيلىكنىڭ خاسىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ خاسىيەتلىك روھىي ئەڭگۈشتەرنى ئوتتەك قىزىق ھارارىتىدىن سوۋۇتۇپ، ھەتتا مۇزلىتىپ قويماسلىق ئوتتەك قىزىق ھاياتنىڭ، ئوتتەك قىزىق مېھرلىك دۇنيانىڭ ئوتتەك قىزىق مەنپەئەتدارى ۋە ئىشتىراكچىسى بولغان ھەر بىرەيلەننىڭ ئوتلۇق يۈرىكىمىزگە قويۇلغان يەنە بىر پەرزى ۋە سىنىقىدۇر.

جاھاندا ئاجايىپ ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلار يۈرىكىگە مۇجەسسەم ئېسىل ئۇدۇملار بىلەن ئالەمنى ئىللىقلىققا بۆلەيدۇ. بۇنداق ئېسىل ئۇدۇملۇق، يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىك كىشىلەر ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇد.

كۆڭۈل ئالبومىمدا مۇنداق بىر قانچە پارچە سۈرەت ئۆزىنىڭ دەبدەبىسىز، لېكىن قاغجىراق يۈرەك قاتلىمىغا ھۇزۇر بەخش ئەتكەن ئىللىقلىقى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ:

### 1. سۈرەت

چەت- يىراق مەھەللىمىزدە بىر قېرى باققال بار. كىشىلەر ئۇ ئادەمنى ئەركىلىتىپ «شوخ كېرەم» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە

سەھرا سۈرەتلىرى

www.uyghurkitap.com

ئۇ بوۋاي شوخمۇ ئەمەس. پەقەت ئاۋازىنىڭ زىل ۋە چىرقىراق چىقىدىغانلىقى، گەپ- سۆزنى لاتا چاينىماي جايىدا قىلىدىغانلىقى ۋە ھېلىقى «بەخت ناخشىسى» كىنو فىلىمىدىكى شوخ كېرەم بىلەن ئىسىمداش بولغانلىقىدىن مەھەللىدىكىلەر چاقچاق قىلىشىپ ئۇنى شۇنداق ئاتىشىۋالغان. ئۇ بوۋاي قاچان قارىسا كامىرلىرى يىرتىلىپ، تۆمۈر چاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان كونا ئېشەك ھارۋىسىغا سەككىز- ئون تاۋۇزنى تىزىۋېلىپ، مەھەللىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ ئايېغىغا چىققۇچە چىرقىراق، زىل ئاۋازدا «شەكەر تاۋۇز، شەكەر تاۋۇز، شەكەر چىقمىسا بىكار تاۋۇز!» دەپ قىسقا- قىسقا توۋلاپ تۇرىدۇ. كەچكىچە ئايلىنىپ بىر- ئىككى تاۋۇز ساتسا ساتىدۇ، بولمىسا يوق. لېكىن قىش- ياز دېمەي توۋلاپ، مەھەللىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

مەھەللىدە ئۆزىچە «شوخ كېرەم»نى ياراتمايدىغانلار جىق. «شوخ كېرەم»نىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ بولغىچە پىخىلداشىپ كۈلۈشىدۇ:

— ئەخمەقنىڭ چار خالتىسى دېسە مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ دېسە بولىدا. ئالىقاندەك مەھەللىدە بىر كۈن چۆگىلەپ ساتقىنى ئىككى- ئۈچ تاۋۇز. ئۈچ تاۋۇزدا قالغان پايدا قانچىلىك؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئەنجان تىمىنى يۆلەپ ئولتۇراپ سېرىق ئاپتاپنىڭ كالتىسىدىن ھۇزۇرلانسا بولمامدا؟ قوتا ئېشەككە تېخى ئۆۋال ئۇ قېرىنىڭ...!

بىراق «شوخ كېرەم» بۇنداق گەپلەردىن پەرۋايى پەلەك، ھەتتا زاكۇ بېشىغا ئولىشىپ توخۇ سوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، نەۋرىسىدەك ياشلارنىڭ ھېچبىر ھېيقمايلا:

— ھەي شوخ كېرەم، قوتا ئېشەكنى نېرى ھەيدە! توخۇيۇمنى ھۈركۈتۈۋەتتى،— دەپ سەنلەشلىرىنىمۇ ئېغىر ئالماي كۈلۈپلا قويىدۇ.

«شوخ كېرەم»نىڭ يەنە بىر «ئەخمەقنىڭ چار خالتىسى» ئادىتى بار. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ كۆزىگە مەسۇم، ئۇماق كۆرۈنگەن كىچىك باللارنى كۆرسە ئۆزىچە ئامراقلىق تۇتۇپ مايماق ھەم كىچىكرەك، لېكىن تاتلىق چىققان تاۋۇزدىن بىرنى پىچىپ بېرىپ، گەپكە سېلىپ يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇششاق باللار ئۇنى دائىم «شوخ داداش» دەپ چاقىرىشىدۇ.

قىشنىڭ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر كېچىسى ئۇن تەڭ بولغاندا «شوخ كېرەم»نىڭ دەرۋازىسى ئەنسىز تاراقشىپ كەتتى. يوغان تېرە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، باتارىيىسى تۈگەپ، پىلىلداپ قالغان قولچىرىغىنى ياندۇرغىنچە دەرۋازىسىنى ئاچقان «شوخ كېرەم» چىراغنىڭ ئاجىز يورۇقىدا يۇقىرىقى مەھەللىدىكى مىجىت پەلەڭنىڭ ئوغلىنى كۆردى.

— يىرىم كېچە بولاپكەتتىڭغۇ، بالام، ئۆي تىزلىقتۇ؟

— تىزلىق،— دېدى بالا بۇرنىنى شۇرتىندە تارتىپ قويۇپ،— دادامغا ئات گۆشى ئىسسىق كېلىپ بېشى ئاغرىپ كېتىپتىكەن، سىلىدىن تاۋۇز ئەكىلىشنى بۇيرۇغانتى.

— ئەستا،— دېدى «شوخ كېرەم» ئىچىگە قار كىرىپ كەتكەن سايما كەشىنى يېنىك توكۇلدىتىپ،— تاۋۇز تۈگەپ كەتكەنتى.

— بىرسىمۇ يوقما؟

— يوقتى.

— قايلاپ باقسلا، نەچچە پۇل دېسىلە مەيلى.

— پۇلنىڭ گېپى ئەمەس، بالام، تاۋۇز راستتىنلا تۈگەپ كەتكەنتى.

بالا مەيۇس كەينىگە ياندى.

ئۆيىدە سامان تەكچىگە يۆلىنىپ يانپاشلىغان «شوخ كېرەم» خىيال سۈرمەكتە ئىدى. «مىجىتاخۇن ماڭا ئۇمىد باغلاپ ئاتايىتەن بالىسىنى ئەۋەتكەندە، ئەجەب تاۋۇز يوق بولاپقالدى دېسە. سوغۇقتا يوتقاندىن چىقماق تەس كەپتۇ دەپقالىدىغان بولدى- دە...» «شوخ كېرەم» بىردىنلا تۇرۇپ كەتتى. قاراڭغۇدا سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئېشەكنى ھارۋىغا قوشتى. ئىگىسىنىڭ يېرىم كېچىدە ئويغىتىپ ئۈندەرەپ كىرىپ ھارۋىغا قوشۇۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالغان ئېشەك بىردەم بويۇنتاۋلۇق قىلىپ بېقىپ ئاندىن ھارۋىغا كىردى.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ئوگغۇل- دوگغۇل يېزا يولىدا «شوخ كېرەم»نىڭ ھارۋىسىنىڭ ئىزىنى قارلار كۆممەكتە ئىدى. ئۈستىۋىشى ئاپئاق قار بوپكەتكەن «شوخ كېرەم» چوقالغا يۆلەنگىنىچە مۈگىدەيتتى. ئۇ بەئەينى ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان قار ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بالام، داداڭ قايداغراق،— سورىدى «شوخ كېرەم» دەرۋازىنى ئاچقان بالىدىن.

— ئوخشاش تۇرۇۋاتىدا.

— بايامنىقىلىقى يېزا بازىرىدىكى ئەخمەت باققالنىڭ ئۆيىدىن تاۋۇز ئەكەلگەنتىم. داداڭغا ئەكىرىپ بېرە.

بالا خۇشال بولغىنىدىن تاۋۇزنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى ۋە ھەمساتتا يۈگۈرۈپ چىقىپ يولغا چۈشكەن «شوخ كېرەم»نى چاقىردى:

— شوخ داداش، دادام ما پۇلنى سىلىگە بە دېدى.

بالا «شوخ كېرەم»نىڭ قولىغا قاتلانغان بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپلا ئارقىغا ياندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بامدات نامىزىدىن كىرىپ يانچۇقىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقان «شوخ كېرەم» قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ قاراپ، ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى چىملداتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. يانچۇقىدىكى ئەللىك يۈەنلىك پۇل ئىدى.

«شوخ كېرەم»نى ھە دەپ ئۆتكۈزىسىدىكى كەپتەرلىرىگە قاراپ ئىسقىرتىۋاتقان مىجىت پەلەك خۇشخۇي قارشى ئالدى:

— شوخ كېرەمكا، كېچىدە تازا ئەسقاتتىڭ جۇما. ئۆلەپ قاغىلى تاس قاغانتىم. خۇدايىم تىجارىتىڭگە بەرىكەت بەرسۇن.

— بەرىكەتنى سەن بەكرەك بېرىۋەتتىڭمۇ قايداغ؟ ما پۇلۇڭ بەك جىق تۇرىدا.

— ياق، ئاكا. ئاخشام ئات گۆشىدە نارىن چۆپ ئىچىۋىدىم، بېشىمغىلا چىقتى دېگىنە. چېدىيالماي ساڭا بالا ئەۋەتكەن. كېچىنى كېچە دېمەي، سوغۇقتا بىر مۇنچە يولنى بېسىپ ئاتايىن ماڭا تاۋۇز ئېكەپسەن. ئەگەر مۇشۇ كېچىدە بىرسىنى يۈز كوي بېرىپ بىر تاۋۇز تېپكەل دېسەم ھېچكىمنىڭ ئىسسىق يوتقاندىن قوپقۇسى كەلمەستى. ئېلىۋە كېرەمكا، سەندىن ئۇ دۇنيا- بۇ دۇنيا رازىمەن.

— ياق، ئۇكام، مەنمۇ ئۆز رىزقىمنى يەي. ئۇ دېگەن تۆت كويلۇقلا تاۋۇز دېگىنە. پارچە پۇل بېرە، بولدى.

ئۇلار ئۇزاق تالىشىپمۇ، مىجىت پەلەڭ «شوخ كېرەم»نى قايىل قىلالمىدى.

## 2. سۈرەت

بۇ — يۈكسەك ئەخلاق- پەزىلەتنى، سەممىيلىكنى بىلەن قەلب تۆرىمىدە ساقلىنىپ قالغان بىر مۆتىۋەر زىيالىي ئاكاشىنىڭ ھەمداستىخان ئۈستىدە مەندە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرى.

ئۇ كۈنى ئاغىمىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن توپلانغان سورۇندىكىلەر ئەزىز مېھمانغا ئۆز ھۆرمىتىمىز- كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قېلىشقانىدۇق. ساھىبخانلار ھە دېسىلا تاماق ئۈستىگە تاماق، ھاراق ئۈستىگە ھاراق بۇيرۇتقىلى تۇرۇۋېدى، مېھمان ئاغىمىز كەسكىن ئۈنىمىدى:

— قويۇڭلار ئۇكىلار، ئابرويپەرەسلىك قىلىپ داستىخاننى قۇرۇق رەسمىيەت، ئاتىكاچىلىق بىلەن بېزىمەيلى. نېمە پايدىسى، يەپ بولالماي قەستەن ئاشۇرۇپ قويۇپ ئەۋرەزگە تۆككەننىڭ؟

بۇ ئاغىمىز ھەتتا ھاراقمۇ ئىچمەيدىكەن.

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلىڭ، ئاكا. سىزنىڭ بىزنى ۋە سورۇنىمىزنى ئاددىي كۆرمەي ئاتايىن كېپ بەرگىنىڭىزدىن ئىنتايىن ھاياجانلانماقتىمىز. ئۇنداق قىلماي ئىچىپ قويۇڭ، — دەپ تەكەللۇپ بىلەن ھاراق زورلاۋاتقانلارغا تۇپتۇز ۋە سەممىي رەددىيە بەردى:

— ئادەملەر ئاددىي ۋە ئالىي ئەمەس، ئۇكىلار. قىلغان ئىش- ھەرىكەتلىرى ئادەمنى ئاددىي ۋە ئالىي قىپ قويىدۇ. كىشى سەسكىنىۋاتقان ئاچچىق نەرسىنى كىشىگە زورلاش ياخشى ئىش ئەمەس... سىلەر ھاياجان تېپىدىكى ئەمەس، تەپەككۇر تېپىدىكى ئادەم بولۇڭلار. چۈنكى ئورۇنسىز ھاياجان بىزنىڭ ئىزچىل ھالدا تەتۈر قىسمەتلىرىمىزنىڭ مەنبەسى بوپكەلگەن.

پەزىلەتلىك بۇ ئاغىمىز تەكەللۇپقا تەكەللۇپ سۆزلىمەي ئوچۇق كۆڭۈل ۋە تۈز چۈشەنچە بېرىپ، ساھىبخانلارنىڭ ھەتتا «لېۋىڭىزنى بولسىمۇ تەگكۈزۈپ بېرىڭ» دەپ ئۆتۈنۈشلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، ھەقىقىي مۆتىۋەرلەرگە خاس ئەخلاقىي سالاپەت ۋە ئىناۋەت بىلەن مېنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى.

ئاشۇ سورۇندىكى يەنە بىر كىچىككىنە ئىش ماڭا ھەقىقىي مېھىر- مۇھەببەتلىك، ئېسىل ئەخلاق- پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئوبرازىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئاشۇ ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئىشنى ئويلىسام ھازىرغىچە ئاشۇ كىشىگە غايىبانە ھۆرمىتىم ۋە ئىنىلەرچە ئامراقلىقىم كېلىپ، يۈرىكىم ئېللىپ ئۆتىدۇ.

ئاقىۋەت، مېھماننى مېھمان قىلىش ئۈچۈن توپلانغان ساھىبخانلار ئۆزلىرى مېھمان بولۇشۇپ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغاندىن كېيىن، سورۇنغا «رەڭ» بەرگۈسى كېلىپ قىزلارنى چاقىرتىشقانىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇنى مېھمانغا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت تەرىقىسىدە قىلىۋاتاتتى. ئەمما پەزىلەتلىك ئاغىمىز ماھىيەتلىك ھالىتى بىلەن بۇ ھۆرمەتنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. ناياقشىپ- ئەركىلىشىپ تانىسغا تەكلىپ قىلىۋاتقان قىزلارنى ئاكىلارچە مېھرى بىلەن سىلىق رەت قىلدى:

— بولدى قىلىڭلار سىڭىللىرىم، تانسا ئوينىمايلى. بىر ئوبدان پارالىشىپ ئولتۇرۇپتىمىزغۇ؟

بىراق قىزلار ئاغىمىزنىڭ قولىدىن تارتىپ ئەركىلەپ تارتىشقىلى تۇرغاندا، ۋۇجۇدىغا يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت مۇجەسسەملەنگەن بۇ زاتنى مۇبارەك تولىمۇ ۋەزنىلىك ۋە سالماق ھالەتتە مۇنداق دېدى:

— قاراڭلار، سىلەر مېنىڭ قىزىم بىلەن قۇرداش كېلىدىكەنسىلەر. مەن سىلەرگە ئېيتاي قىزلىرىم، ئۆزۈڭلارنى سۆيۈڭلار، قەدىرلەڭلار. دادا- بالا يېشىدىكى كىشىلەرگە بۇنداق ئولتۇرساق ياراشمايدۇ. بىز بۇگۈن ئەدەب- ھايالىق ئولتۇرۇپ، ئىززىتىمىز بىلەن چىرايلىق تارايلى. ئەگەر كۆڭلۈڭلار بەك ئۇنىمىسا ئاۋۇ تەڭتۇشلىرىڭلار بىلەن ئويناڭلار. لېكىن مېنى لاۋزا قىلماڭلار، ئۆزۈڭلارنىمۇ پەسلەشتۈرمەڭلار!...

## 3. سۈرەت

بۇ تېخىمۇ قىسقا ۋە ئاددىي، دەبدەبىسىز لېكىن تەسىرلىك. بۇ تېخى يېزىمىزدا يېقىندىلا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە.

بىز بىلەن قوشنا كەنتلىك، يېشى 90غا ئۇلاشقان بىر بوۋاي بىر كۈنى قوشنا يېزىنىڭ بازىرىغا بارىدۇ. پاكىز قېرىغان، ئەزەلدىن تېنى ساغلام، تېمەن بۇ بوۋاي بازاردىن قايتىپ چىقىۋېتىپ تاشيولنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، كۈنجۈرە بېسىلغان بىر قول تراكتور تاسادىپىيلا ئۇنى سوقۇۋېتىدۇ. تراكتورچى بالا قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، تراكتورنىڭ تېگىدىن ئۆمىلەپ چىققان بوۋاي شوپۇر بالىغا خىتاب قىلىدۇ:

— بالام، سەن مېنى تونۇمايسەن، مەنمۇ سېنى. قورقما، قەستەن سوقۇۋەتمىدىڭغۇ. ھېلى ئادەم ئۇلاشسا گەپ جىقلاپ كېتىدا. چاققان يولاڭغا ماڭ. چىمنىڭ بالىسسەن؟ گەپ بولسا سېنى ئۆيەڭدىن ئىزدەيمەن. تېز بول.

بوۋاي شوپۇر بالىنى زورلاپ ئىتتىرىپ يۈرۈپ كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلاشقانلارغا ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەش- پەش دېگۈچە بوۋاينىڭ 40 ياش بىلەن 60 ياش ئارىلىقىدىكى تۆت ئوغلى، 15 ياش بىلەن 30 ياش ئارىلىقىدىكى تۆت نەۋرىسى خەۋەر تېپىپ بوۋايدىن ھادىسىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئۇلار بوۋايدىن:

— دادا، سېنى سوقۇۋەتكەن ئەدەمنىڭ تەقى- تۇرقى قايداغكەن؟ — دەپ سورىغاندا، بوۋاي قاتتىق خاپا بولۇپ:

— نېمە قىلاتتىڭلا؟ خۇن تۆلەتمەكچىما؟ يا ئۇ بالا مېنى قەستەن سوقۇۋەتمىسە. بۇ ھەر ئىككىمىزگە كەلگەن كېلىشمەسلىك. بۇ چاغقا ئۇ بالىمۇ ئۆيىدە ئەندىشىچىلىكتە نېمە بوپكېتىۋاتىدۇ، چىم بىلىدا؟ خەقنى سورۇقچىلىق تارتتۇرغانغا ئورنىغا كەلمەيدا. مەن جاھانغا تۆۋرۈك بولغىلى كەممىگەن. ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولاپ قېلىپ، ئۆلەپ- تاتىپ قالسام، دەۋالىشىپ ئۆلۈكۈمنى پۇلغا ساتىدىغان ئىشنى قىلساڭلار

گۆرۈمدە ئۆرە قوپىمەن!... — دەيدۇ.

دېگەندەك بوۋاي ئاشۇ ھادىسىدىن كېيىن بىر ئايغا يەتمەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئاجىزلاپ، قازا قىپكەتتى.

بۇ توقۇلغان ھېكايە ئەمەس. ئۇن نەچچە تال مۇج-لازىسىنى قوشنىسىنىڭ قويى يەپ قويغانغا دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىشقان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قانۇن ۋە پۇقرا» پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن) ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت-پائالىيىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن ئاسمانۇ-زېمىن سېلىشتۇرما بولالايدىغان ئاددىي، لېكىن تەسىرلىك راست ۋەقە.

ئەخلاق-پەزىلەت شۇنداق سېھىرلىك خاسىيەتكى، ئۇ ھەممىلا ئادەمدە ئوخشاش سۈپەت ۋە ئوخشاش ئۆلچەمدە بولۇشى ناتايىن. كۈندۈز بىلەن قاراڭغۇ روشەن سېلىشتۇرما بولغىنىدەك، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ناچار-قەبىھ خاھىشلار سېلىشتۇرما ھالەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئادەم ياشىغان بۇ ئالەم ئەبەدىلئەبەد نۇقسان-ئەيىبتىن خالىي، تولۇق ۋە يېتۈك بولغان گۈزەل ئەخلاق ئىدىيىلوگىيىسىگە سېزىك، ئىللىقلىققا موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق مۇھىمكى، سىزىككە قانغان بەردەم ئەخلاق-پەزىلەتنى يېتىلدۈرەلىگەن ئادەملا جەمئىيەتنى ئىللىقلىققا بۆلىيەلەيدۇ. ئادەمنىڭ باغرى ئىللىق بولسا ئالەم ئىللىق بولىدۇ.

# سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە

بۇ سەھرا بازىرى دائىملا شۇنداق قاينام-تاشقىنلىق مەنزىرىسى بىلەن ئۆز خېرىدارلىرىنى ئۇماچتەك پاتقاق، ئۇيپىدەك يۇمشاق توپىلىق كوچىلىرىغا جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ بازارنىڭ كوچىلىرى پاراللېل كەتكەن ئۇزۇن-ئۇزۇن كوچىلار بولۇپ، ئادەملەر خۇددى ئەتىلا قىيامەت قايىم بولۇپ خەجلىيەلمەيدىغان ئاقچىلىرى كىرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك پاتىپاي، ئالدىراش ئاقىدۇ. بۇ كوچىدا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى توسۇۋېلىپ ئالدىراش كېتىۋاتقانلارنىڭ بىلەكلىرىگە، پاقالچاقلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىق-سىلاقلىرى بىلەن باشقىلارغا تەھدىت سېلىپ ئىبرەت قىلىپ پۇل تەلەپ قىلىشىۋاتقان تىلەمچى-سائىللارمۇ، ئۇچبۇرجەك كوسار بىلەن ماز تىقىپ دىڭگايتىلغان باغرداقلارنى قاتار ئېسىۋالغان يايما ھارۋىسى بىلەن يول توسۇپ ئولتۇرۇشقان يايمىچىلارمۇ، كۆپكۆندۈزدە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يولغا لۆڭگە يېيىپ قويۇپ «قارا-قىزىل» قارتا ئېچىپ، «چار گازىر» تاشلاپ خەقنى قىمارغا قىزىقتۇرۇۋاتقان قىمارۋازلارمۇ، زىماتاڭ قاچىلانغان كىچىك سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بازار باشقۇرغۇچىلارنى كۆرسە پۇتلاشقان ئادەملەر توپىنى يېرىپ قاچالمايۋاتقان، جىددىيلەشكەن ئۆسمۈر تىجارەتچىلەرمۇ، ئەتراپتىكى مىڭ-مىڭ ئادەملەردىن ھېچبىر ھېيقماي يە ئىشتانغا، يە كوسارغا تەۋە ئەمەس، ساغرىلىرىنى چوڭ قۇيرۇقلۇق مەكىت قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك پوسكايتىپ كۆرسىتىدىغان بىرنېمە كىيگەن، يوتىسىنىڭ تۆۋىنى ئوچۇق پاچاقلىرىنى، قولتۇق تۈكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئوچۇق كۆكسىلىرىنى لىغىرلىتىپ كېتىۋاتقان سەتەڭلەرمۇ، يېنىدا پايپاسلاپ كېتىۋاتقان قارىمۇتۇق، چىرايلىرىنى تەمرەتكە باسقان، تاغاردەك قىلىن ۋە كەڭ كىيىم كىيگەن خوتۇنلىرىدىن ئوغرىلىقچە سەتەڭلەرنىڭ ئارقىسىدىن قىزىقىش ۋە ئېچىرقاش بىلەن قارىشىۋاتقان شاپاق دوپپىلىق ياشلارمۇ، شەھۋانىي مەزمۇندىكى سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن كىچىك دورا قاپچۇقلىرى قاچىلانغان سومكىلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، قانداقتۇر ئەرەب، ھىندى ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن، ئايال زاتىغا يېقىنلىشىشتىن بەش مىنۇت بۇرۇن بىر تال يەۋالسا قۇترىغان بۇقىدەك يامان قىلىۋېتىدىغان مۆجىزاتلىرىنى مەدداھتەك سۆزلەپ كوچىنى بېشىغا كىيگەن ساختا قۇۋۋەت دورىسى ساتقۇچىلارمۇ، لايىق تونۇشتۇرۇش قىزىق لىنىيىسىنىڭ مۇلازىمەت ئېلانى يېزىلغان ۋەرەقىلەرنى تارقىتىپ يۈرگەن پىدائىي دەللاللارمۇ، ئالدىغا ئون-ئونبەش دانە مارجان دوپپىسىنى تىزىۋېلىپ، ئالدىدىن ئايغىر ئاتتەك شاش قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دوپپىسىز، كۆڭلەكسىز قىزلارغا چوڭ ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان دۇمچەك موماي‌لارمۇ، قايسىدۇر بىر كوچىدا ساۋاتسىزلىق تۈپەيلىدىن رەسمىيەت تولۇقلىمايلا بازارغا كىرىپ قالغانلىقىدىن كەچۈرۈم سوراپ، يىغىنە سانجىپ قاداق بوپكەتكەن ئورۇق قوللىرى بىلەن دۇئا قىلىپ يالۋۇرۇۋاتقان دوپپىچى مومايغا بازار باشقۇرۇش قائىدە-نىزاملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەپ، دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلمىغان گۇناھلىرىنى تونۇتۇپ ھەيۋە قىلىۋاتقان بازار باشقۇرغۇچىلارمۇ، نەدە جېدەل-ماجرا، مۇشتلاش بولاركىن دەپ كۆزلىرىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىشىپ تىمىسقىلاپ يۈرۈشكەن يانچۇقچىلارمۇ، كۈن نۇرى چۈشۈۋېلىپ سۈرەت ئېنىق كۆرۈنمەيۋاتقان تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى قىزىل قىيامەتنى ئەسلىتىدىغان «ھايت-ھۇيت! تا-تا-تات!»لارغا قاراشقىنچە قوللىرىدىكى سامسىلارنىڭ مايلىرى ئېقىپ، توڭلاپ قالغىنىنى سەزمەي ئولتۇرۇشقان خېرىدارلارمۇ... بار ئىدى.

بازارنى قاق ئىككىگە بۆلۈپ سوزۇلغان دۆلەت يولى بېسىق ئىدى. توپا-چاڭ قونۇپ رەڭگى سۇس ھالغا كېلىپ قالغان «سانتانا»، «تويوتا»لارنىڭ ئىچىدە چىرايى بۇندۇنيانىڭ غەم-غۇسسىلىرىدىن مۇستەسنا، خىرامان كۆرۈنىدىغان خوجايىن سۈپەت ئەپەندىلەرنىڭ كۆز ئەينىكى بۇرنىغا چۈشۈپ قالغىنىنى سەزمەي باشلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، ئاغزىنى ئېچىكى چۈشۈپ قالغان ئۆلۈكتەك ئېچىشىپ ئوخلاشلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق كۆرۈنەتتى. يولدىكى ئات-ئېشەك ھارۋىلىرىنى يېرىپ ئۆتەلمەي

جىلە بولۇپ تاماكىلىرىنى شورىغىنىچە تىتىلدىشىۋاتقان شوپۇرلارنىڭ ھەدەپ سىگنال بېرىشلىرى، كەزەلدىن ۋاڭ-چۇڭنى كۆرسە ئاغرىيدىغان ئاجىز نېرۋامنى چىڭقالدۇرۇپ، بېشىم ھەرە ئۇۋىسىدەك غاڭىلداپ ئاغرىپ، بازارنىڭ خالىيراق چېتىگە سۈرۈلدۈم.

كوچىنىڭ بويىغىلا كىچىككىنە يايما ئېچىپ قويۇپ ئالدىدىكى خەقلەرگە ئۈمىدلىك نەزەر بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئون ئۈچ-ئون تۆت ياشلاردىكى ئوغۇل بالىنىڭ ئالدىدىكى لامپۇچكىلارنى كۆرۈپ، جەللە پېشايۋىنىمنىڭ لامپۇچكىسى كۆيۈپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. ئېگىشىپ لامپۇچكىدىن بىرنى ئېلىشىمغا بالا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— كەسلە ئاكا، ياخشى لامپۇچكا، چوڭ زاۋۇتنىڭ، ئاسان كۆيۈپ كەتمەيدۇ.

— قانچىغا ساتتىڭ؟

— بىرنى ئاسلا ئىككى كوي، ئىككىنى ئالسىلا ئۈچ يېرىم كوي.

— بولدى، ماڭا بىرسىلا لازىم.

لامپۇچكىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ ئۆرە بولغىنىچە بالىنىڭ سەل-پەل جىددىيلەشكىنىنى بايقاپ ئارقامغا بۇرۇلغىنىچە تالون ۋە پارچە پۇل قىستۇرۇۋالغان قىسقۇچلۇق تاختاي كۆتۈرگەن بىر ياش بالا مېنى قوپال جەينەكلىدى:

— ئىنداغ تۇرۇڭلا!

ئاستا چەتكە ئۆتتۈم. ياش بالا ئىشپىيوندەك كۆرسىتىدىغان قاپقارا كۆزەينىكىنى تۈزەپ تۇرۇپ بالىغا تىكىلدى:

— كىنىشكاڭنى ئالە.

بالا دۇدۇقلىدى:

— كىنىشكام... يوقتى.

— بومىسا بولاپتا، — ياش بالا قىسقۇچتىكى تالوندىن ئۈچنى قاتار يىرتىۋالدى-دە، بالىغا ئۇزاتتى:

— 15 كوي بېرە.

بالا تاتىرىپ كەتتى.

— ئاكا، مەن تېخى ئۇنچىلىك پۇل تاپمىدىم.

— نېمىشقا تاپمىدىڭ؟

— سودا يوق.

— ئالدىڭدا ئادەم جىق تۇمامدا؟

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قىرىق-ئەللىكچە كىشى قىستىلىپ تاماشا كۆرگىلى يىغىلغانىدى، بالا بۇنچە جىق ئادەمنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كېكەچلىدى:

— ئاكا... بۇ لامپۇچكىنىڭ بىر دانىسىنى ئۈچ مودىن پايدىسىغا ساتىمەن. 50تال لامپۇچكا ساتسام ئاران چىقىدىغان پايدىنى ئېيتىپ كېتەمىلا؟

— پايدىنى جىق تاپمەن دېگەن ئادەم رەسمىيەت بېجىرسەڭ بومامدا؟

— ئوقۇغۇچىلاغا تىجارەت رەسمىيىتى بېجىرىپ بەرمەيدىكەن... يازلىق تەتىلدە ئازراق پۇل تېپىۋالاي دېگەنتىم شۇ...

— ۋىيىي-ۋىيىي! پۇل تاپما دېدىمما؟ قانۇن بويىچە ھەق تۆلىۋېتىپ تېپىۋە.

— لېكىن ... 15 كوي ئېغىر بولاپكەتتى، ئاكا. ئۆزۈڭ بىزتال تالونغا تۆلەي...

— ۋىيىي-ۋىيىي، قايلا مانى؟ سەن ماڭا باھا قويامسەن تېخى؟ بولە-بولە...

بالا تېخىچە تېگىرقاپ تۇراتتى. بالىغا سەل ئىچىم ئاغرىپ ئۆزۈمچە ئارىلاشتىم:

— بولاپتۇ دەپ قىيناشمىسىلا بالىنى، ئوقۇغۇچىكەن ئەمەسما، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋاسۇن. سىلىمۇ ئېغىر دەۋەتتىلە.

— ئېغىر كەلگەن بوسا بۆلەك ئىش قىسۇن بازانى پاخال قىلماي.

— كىچىك بولسىمۇ ھالال تىرىكچىلىك قىپتۇمانا، ئوغرىلىق قىلسا قانۇنغا خىلاپ. ئېتىبار قىلسىلا ئەمدى.

ئۆزۈمچە خېلى جايىدا سۆلھى قىلدىم دەپ كېرىلىپ تۇرسام، ياش بالا قولىدىكى تالوننى يەرگە ئاتقىنىچە ماڭا ھۆرپەيدى:

— ئېتىبار؟ بىزگىمۇ ۋەزىپە با، ئادىشوي! بېرىپ ئۆزەمچىڭنى ئىچە ئىشىمىزغا ئارىلاشماي! ما شەپكە بىلەن چاپاننى سېپىيرەيمۇ-يە؟

كۆتمىگەن يەردىن ئاڭلىغان يامان گەپ ھار كېلىپ، ئادەم كۆپ جايدا ئوسال بولغىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرسام بىرسى يېڭىمنى تارتتى. قارىسام، ئىلگىرى بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىكەن.

— جۆرە، — دېدى ئۇ مېنى شەرەتلەپ. ئوچۇقچىلىققا چىقىپ ئاندىن ساۋاقدىشىم ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— بۇنداغ ئىشلاغا ئارىلاشما. ئۇ بالىغا يان باسىمەن دېسەڭ ئۇنىڭ رەسمىيىتى يوق تىجارەت قىلغان ئاجىزلىقى با. ئىچ ئاغرىتساڭ قانۇن ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلمايدا.

— ئەمىسە رەسمىيەت كەتمەيدىغان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىسا بولامتى؟

تېرىكىپ تۇرغىنىمدا ساۋاقدىشىمغا قاتتىق تەگدىم. بىراق ئۇ قىلچە ھار ئالماي كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— قانۇن بۇنداق داڭقانپۇتى گەپنى ئېتىراپ قىلمايدا. ئەڭ ياخشىسى خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. جۆرە، تاماق يەيلى.

ساۋاقدىشىم بىلەن كوچا بويىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. قورسىقىم سەل ئاچقان بولسىمۇ بايا شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىزا-ئاھانەت ئىشىتىپ ئوسال بولغىنىم ھار كېلىپ تاماقمۇ تۈزۈك گېلىمدىن ئۆتمىدى. ساۋاقدىشىم ماڭا تىكىلىپ قاراپ بېشىنى چايقاپ كۈلدى:

— ئادەتتە بىر ئىشلانى بەكلا ئىچىڭگە ئېلىۋېتىسەن. كۆڭلۈڭنى چۈشىنىشكە بولىدا. لېكىن ھەممە ئىش ئىدەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىۋەمەيدا. جۆرە، چىقىلى.

دۇئا قىلىپ تالاغا چىقتۇق. ساۋاقدىشىم بازار ئىچىگە، مەن ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن كىچىك بېكەتكە جۆنىدۇق. تېخىچە خاپىلىقىم تارىماي چۈشۈن يەۋالغاندەك بىئارام ئىدىم. خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ بىر ئاپتوۋۇزنى ئورۇۋالغان توپقا كۆزۈم چۈشتى. بوينۇمنى سوزۇپ قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنىڭ سىرىلما ئىشىكى يېنىدا ئاپتوبۇس شوتىسىدىن چۈشمەي يەرگە

www.uyghurkitap.com

قارىغىنىچە پوكانىدەك ئېسىلگەن ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى كۆردۈم. يۇمىلاق يۈزلۈك، ئاقپىشماق كەلگەن ئوماققىنە بۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا ياش، بۇرۇتلۇق بىر كىشى ھە دەپ ئاچچىقلىنىۋاتاتتى:

ــ بايام قاشقادىن چىققاندا ئوچۇق گەپ قىلماي چىقتىڭ. پۈتۈن كىرالىق ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يېرىم يولدا چۈشۈپ قالىتتىمەن دېسە ماڭا زىيان بوماقتا ئەمدى.

ــ ئەمىسە ئۇ قىز بالىنى خوتەنگە ئاپىرىۋەتسىلە ئۇستام، ــ دېدى توپ ئىچىدىن بىرى چاقچاق قىلىپ.

ئولىشىپ تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى.

ــ ئەدەمنى ئانداغ زاڭلىق قىلماڭلا. نەدە ئايىنداغ ئىش با؟

ــ ئەمىسە مېڭىۋەمەملا پۇلى يوق قىز بالىنى قېزىنىماي.

ــ مەنمۇ يوغان تۇمۇگە بىيدىن، بىيىدىن ئەدەم سېلىپ توشۇپ ئالتە جاننى باقىتىمەن قالالڭ.

قارىغاندا، بۇ قىز يېزا بازىرىدا چۈشۈپ قېلىش ئۈچۈن ئۇقۇشمايلا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالغانىكەن. (ئاپتوبۇسنىڭ ماڭلىيىدا «قەشقەر ــ خوتەن» دېگەن خەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى). ئەمدى شەھەردىن يېزىغىچە بولغان پارچە كىرا بىلەن ئۇزۇن يوللۇق كىرا ھەققىنىڭ دەتالىشى بولۇۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئادەم كۆپ يەردە گەپ ـ سۆزمۇ كۆپ، ھەر خىل بولىدىكەن. تويلاشقانلار غۇلغۇلىغا چۈشۈپ كېتىشكەندى:

ــ ئۇستاموي، ماشىنىلىرىنىڭ چىژ ـ ئامان مېڭىشى ئۈچۈن بولاپتۇ دېسىلە ئەمدى.

ــ شۇنداق، تىماقتەك قىز بالىنى سۇندۇمىسىلا.

ــ خوتەنلىك جايىل خىق. بىژنى بىژ دەيدا، ئۇنىماسىمكىن.

ــ بىژ كىشىلىك ئورۇننىڭ كىراسىغا ئۇنچە قىپكەتمىسىمۇ بولىدا.

ــ كۆز دېگەن چوڭقۇ يەدە، تويمايدىغان گۆي...

ــ ئىدەم دېگەن ئىنسابىسىز بولاپكەتتى.

ــ ھەئە، مېھرىبانلىق كۆتۈرەلەپ كەتتى.

ــ ما قىز بالىمۇ قويىمچى ئوخشىمامدا. لۆم ـ لۆم ئورۇندا VCDكۆرەپ ئېغىناپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئەمدى كۆزىنى يۇمۇپلا تۇرۇۋالدىمۇ تېخى!

ــ ھازىر قىز باللىمۇ يامان، بۆشۈكىدە قىرىپ قالىدا.

ــبىژ نېمە دېگىلى بولمايدىغان بولدى.

ــ بۇ قىز ئۇنداغ ئەمەستەك.

ــ ئۆتەۋا! ماڭلىيىغا يېزىقلىق بولامتى؟ ئۆزى بىلىدۇ.

ــ شۇ! ھەممە ئىشنى مۇشۇنداغ قىز باللا قىلىدا ھازىر.

قۇشقاچ كامىرىدەك قاراڭغۇ ئېغىزلار توختىماي مىدىرلايتتى. چۆرىسىنى ئىشەك چىمىدەك يىرىك ساقال باسقان دورداي كالپۇكلارنىڭ بىرلىرى ھىجايسا، بىرلىرى پۇرۇشەتتى. پىلدىرلىشىپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزنىڭ ياپراقتەك تىترەۋاتقان، ئەمدىلا يېتىلىشكە باشلىغان لىۋەن بويىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەنىدى. تويلاشقانلاردىن ئۇيالغان قىز ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

توختاۋسىز تىترەۋاتقان بەدىنى مۆكچەيگەنىدەك كۆرۈنەتتى.

باياتىن بىرىقى خاپىلىق بىلەن قوشۇلۇپ بۇ ئىش نېرۋامنى تېخىمۇ چىڭقالدۇرۇپ قوداڭشتىۋەتتى. ئاۋۇ قىز مېنىڭ بۇيىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارغان سىڭلىم دېمەتلىك كېلەتتى. تۇرۇپلا سىڭلىمغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ھەئە، خۇددى سىڭلىم توپىنىڭ ئارىسىدا «ئۇر چاشقان»غا قالغان ئىگىسىز بايقۇشتەك كۆرۈنۈپ ئىچىم تولىمۇ ئاچچىق بولدى. سىڭلىم بۇنداق ۋەھىمىلىك سورۇندا تۇرسا بولمايتتى. بولۇپمۇ بىزدەك، ھاي ـ ھاي، ياق، مەندەك ئاكىسى بار يەردە ئۇنداق خورلانسا نومۇس ئەمەسمۇ، نومۇس!!!

بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نەرسە مونەك بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدەك بۇرۇن پەررەكلىرىم ئېچىشىپ، قېنىم قىزىغانىدەك بولدى. ئىختىيارسىز توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىۋاتسام، باياتىن بېرى ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ بېشارەت سۆزلىگەن سېمىز قاساپ كىشى يەۋېتىدىغانىدەك ئەلپازدا گۆلەيدى:

ــ نېمانداق قىستايدا ما بىژمە؟ بىژنەسە پىشىرىپ قويايتىما؟

ــ پىشىرىپ قويغاچ ئولىشىۋالغانلا ھەقاسىلىرى ــ دېدىم جان ئاچچىقىمدا.

ــ مەكە، قولاڭغا لىق كېلىدا، ــ قاساپكامنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى.

ئازىراق ئەيمىنىپ تۇرۇپ:

ــ خاپا بومىسىلا ، مەن ئۆتۈنۈۋالاي، ــدېدىم ئۇنىڭ كونا قىغدەك سېسىق پۇراۋاتقان تىنىقىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ. گاز تۈگىگەن چاقماقنى ھەدەپ ئوت ئالدۇرالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان بۇرۇتلۇق شوپۇر ئۇستامغا قاراپ سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ ئېغىز ئاچتىم:

ــ ئۇستام، شۇنچە ئىدەمنىڭ ئالدىدا مۇشتتەك قىز بالىنى سۇندۇرغىدەك نېمىش بولدى بۇيەدە؟

ــ مانە ـ مانە، ھەممىلىرى ئايىنداغ دېيىشلا. قېنى كىم مەن بېرىۋەتەي دېيەلەيتۇ؟ پۇل دېگەن يامان يەدىن چىقتۇ قالالڭ.

قىزغا قارىدىم. ئادەم كۆپ يەردە سۈنۈپ قالغانلىقىدىن چىرايى ئۇساللىشىپ كەتكىنى بولمىسا پاكىز، مەسۇم چىراي قىز ئىكەن. قىزنىڭ تارتىنىۋاتقان خورلۇقىغا ھەققەتەن چىداپ بولمايتتى.

ــ سىڭلىم، پۇلىڭىز يوقمىدى؟

قىز بىردىنلا پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئاغزىمۇ ئاران گەپكە كېلەتتى:

ــ دادام كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا ئوپېراتسىيە قىلىنغىلى ھەپتە بوغان. تۈنۈگۈنىڭياغى ئاسما ئوكۇلنى توختىتىپ قويدى. ئانام مېنى تۇغقانلاردىن ئازراق پۇل سوراپ كەگىلى بۇيرىغانتى. يېكەتتە يېزىغا قاتنايدىغان ماشىنا يوق ماۋۇ ئاكامنىڭ ماشىنىسىغا ... ئىھى... ھى!...

قىز سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. يانچۇقۇمنى كولىغانچە شوپۇرغا قايرىلدىم:

ــ ئۇستام، قەشقەدىن خوتەنگىچە كىرا نەچچە پۇل ئىدى؟

— بىر ئەدەم 70 كوي.

ئەمەلىيەتتە مېنىمۇ مەڭدەپ قالدىم. يېنىمدا ئوتتۇز-قىرىق يۈەنلا بىرنېمە بار ئىكەن. شوپۇر كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپلا بىلىپ بولدىمۇ، قولىدىكى بۇزۇق چاقماقنى نېرى تاشلىغانچە ئىغىز ئاچتى:

— خىجىل بومماڭ قالاڭ، بومىسا، يېرىم كىرا ئېپتۇراي.

پۇلنى ساناپ بېرىپ قىزغا قارىدىم:

— سىڭلىم، سىز كېتىۋېرىڭ.

شوپۇر ئۇستام ئايلىنىپ ئۆتۈپ رولغا ئولتۇردى-دە، ئاپتوبۇسنى ئوت ئالدۇردى. ماشىنىنىڭ ئالدىدا لىق ئولاشقان كىشىلەر ئەزمىلىك بىلەن يول بېرىشتى. قايرىلىپ قارىسام، ھېلىقى قىز توپلاشقان ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتەلمەي تېخىچە قىستىلىۋاتاتتى. توپلاشقانلار خىيالىدا يوق بېزىرىپ تۇرۇشاتتى.

— ھەي، بۇنداغ توپلىشىۋالماڭلا، ھەقاسىلىرىغا ئويان بولاپتۇ ھە بۇ؟ تامەششە كۆرگىدەك ئىش ئەمەسقۇ بۇ؟ ئۇ قىز بالىنى چىققىلى قوياڭلا.

گېپىم ئازراق تەسىر قىلدىمۇ، ئىككى-ئۈچى ئازراقلا مىدىرلىۋىدى، قىز ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى-دە، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. توپ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتسام قۇلىقىمغا ئادەملەرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى كىرىپ قالدى:

— ما ئاداش ھەجەپ پەملىك ئىكەن دېسە. موككىدە ئۇ قىز بالىنىڭ ئىشىغا ئۆلگۈردى-ھە؟

— شاپتۇل ياغىچىدا چىش كولىغان رىزقى ئەۋلىياكەن.

— قوسىقىدا جىن با نېمە تايىنلىق.

— ئەكەك جىن!

— جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا دەپ، ئىككى تال ھارام پۇل، ياغلىما گەپلىرى بىلەن نارەسىدە قىزغا قاپقان قۇرۇپ قويىدى ھەقىچان.

— شۇ. بومىسا باكادىن باكا خەقنىڭ ئوتتۇز كوي پۇلنى بەمەيدۇ ئۇ.

— راست، «شاپائەتچى ئەۋلىيا جىگۈك» بومىسا يا.

— نارەسىدە قىز بالىغا يامان نىيەت، ئالا كۆڭەل بوسا خۇدايىم جازاسىنى بېرىدا.

— شۇنداغ، خۇدايىم جازاسىنى بېرە، ئىگەكىم.

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تىرىككىنىمچە ئارقامغا بۇرۇلدۇم:

— ھەي مۇسۇلمانلا، مۇسۇلمانغۇ ھەممىمىز-ھە؟ زادى ئاغزىڭلاردىن ياخشى گەپ چىقمامدۇ؟

چىرايىدىن گومۇشلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئاداش كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ھىجايدى:

— خەقنىڭ نىيتىدىن ياخشىلىق چىقمايدىغان بولاپكەتتى!

ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى:

— كىمنىڭ نىيتىدىن ياخشىلىق چىقماپتا؟

— خىق ئۆزى بىلمىسە بىز نېمە بىلدۇق؟

— بىلمىگىنىڭدىن كېيىن بولاڭغا قايلاپ ماڭماسىناۋا ئاداش، — دېگىنىمچە ئالدىغا دېۋەيلىدىم. ھېلىقى ئاداش مېنىڭدىن بەكرەك سۈر-ھەيۋە بىلەن ئالدىغا چىقتى:

— نېمە دەيسە؟ جېدەل قىيغۇڭ باما؟ بازالىق جۇما بىز!

ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنىڭ يېنىغا تەلەتى سۈرۈن بىرنېمىلەر پەيدا بولدى. تۇرۇپلا ئورۇنسىز جېدەل بۇرنۇمغا پۇرىغاندەك بولۇپ ئاچچىقىمنى بېسىپ ئارقامغا يېنىپ قارىسام، بىردەمنىڭ ئىچىدە تاماشا كۆرگىلى قايتا ئولاشقان ئادەملەر ھاسىل قىلغان چەمبىرەكنىڭ ئىچىدە قاپتىمەن.

— يول بېرىڭلا، مەن چىقىۋالاي. — دەپ ھەدەپ قىستالسامۇ بۇ خەق ھېچ مېنى چىققىلى قويىدىغاندەك ئەمەس. كۆزۈمگە ئولاشقان ئادەم ئەمەس، ئۆزۈممۇ ئات قويۇپ بېرەلمەيدىغان غەلىتە خۇنسە قوۋم كۆرۈنگەن بۇيەردىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادەملەر توپىغا قىستالدىم. توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورسىقىنى تومپايتىپ پۇشۇلداپ تىنىپ تۇرغان ھېلىقى قاساپكام ماڭا مەسخىرىلىك ھىجايدى:

— مىجەز شۇنچىلىكمىدى؟

ئۇنىڭ چىرايى بەتبەشىرە توڭگۇزنىڭ چىرايىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تىنىقى خۇددى تومۇز كۈنى سېسىپ قالغان كونا گۆشتەك بەتبۇي ئىدى. ئۇنىڭ ساپسېرىق سارغايغان رەتسىز چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقان بەتبۇي تىنىقلىرىدىن ھېلىلا قۇسۇپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتىم. قانداقتۇر بىر ئارمان ۋە پىغان بىلەن توپ ئارىسىدىن يېنىپ چىقتىم. لېكىن مەن ئات قويالمىغان ماۋۇ غەلىتە مەخلۇقلار توپىمۇ ئارمان ۋە پىغاندا قالغاندەك ئىدى...

رەسسام: مۇساجان ۋاھاب

---

* باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە دېھقان. يېڭىشەھەر ناھىيە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى (M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم

# تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى



**زەمىرە مىجىت**

«يەرشارىلىشىش» مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە شەكىللىرىگە غايەت زور يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى. دۇنيا مەدەنىيىتى سانائەت مەدەنىيىتىدىن ئۇچۇر مەدەنىيىتىگە ئالمىشىۋاتقان، مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى رايون خاراكتېرلىكتىن يەرشارىلىشىشقا كېڭىيىۋاتقان، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى تارقاق ماكان ـ زامان ھالىتىدىن ماس قەدەملىك ماكان ـ زامان تەرەققىيات ھالىتىگە ئۆزگىرىۋاتقان، شۇنداقلا مەدەنىيەت شەكلى ھاكىممۇتلەقلىق بۇيرۇق شەكلىدىن بازار خاراكتېرىدىكى باراۋەر مەدەنىيەتكە ئايلىنىۋاتقان، مەدەنىيەت قاتلىمى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتىدىن ئاممىۋى مەدەنىيەتكە قاراپ يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىمۇ كۆپ مەنبەلىك مۇرەككەپ ھالەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىلىشىشى ۋە بازار ئىگىلىكى تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنى ئىلگىرىكى بەدىئىي سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ، تاۋارلاشقان، ئاممىۋىلاشقان مەدەنىيەت خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئاممىۋىلىشىشى، تاۋارلىشىشى تاماشىبىنلارغا يېڭى ئۇقۇم، يېڭى تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئاتا قىلدى.

1921 ـ يىلى ئامېرىكىلىق 14 ياشلىق بىر بالا ئېتىزدا ياغىيۇ تېرىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىپ ئىشنى توختاتقان ھالدا تۇرۇپ قالىدۇ: «قانداق قىلغاندا ھەرىكەتچان سۈرەت بىلەن ئاۋازنى بىرلەشتۈرۈپ تارقىتالايدىغان يېپيېڭى بىر ئۈسكۈنىنى ياساپ چىققىلى بولار؟» بۇ بالىنىڭ ئىسمى فىلوت فارنسۋورت (Philot Farnsworth) بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر خىل مېخانىك قۇرۇلمىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ۋە ئىجادىي قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئېلېكتر تېخنىكىسى ئارقىلىق سۈرەت تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. فارنسۋورتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى باشقا كەشپىياتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1925 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك يوھان. ل. بايىرد (J.L.Baird) زور ھەجىمدىكى ئىپتىدائىي تېلېۋىزورنى ياساپ چىقىدۇ. 14 ياشلىق بالىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن باشلانغان سۈرەت تارقىتىش قىزغىنلىقى قىسقىغىنە ئون يىلدا تېلېۋىزورنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلاردىن ئۆي ـ ئۆيلەرگە ئومۇملىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

تېلېۋىزور (Television) ــ «يىراق ئارىلىقتىن سۈرەت يەتكۈزۈش» مەنىسىدە بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ «سېھىرلىك ساندۇق» دەپمۇ ئاتالغان. تېلېۋىزورنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەتنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ئارىلىقنى كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئېلېكترونلۇق يوللانما ۋە سۈرەت تېخنىكىسىنى مەركەز قىلغان ئالاقە ۋاسىتىلىرى كۆز ئالدىمىزدا ئۆزگىچە بىر مۆكىمۇكەللەك دۇنياسىنى ياراتسا، تېلېۋىزور ئېلېكترونلۇق يوللانما ۋە سۈرەت تېخنىكىسىنى ئەڭ كۆچلۈك ئىپادىلەش شەكلى بىلەن تەمىنلىدى. تېلېۋىزورنىڭ مىليونلىغان ئائىلىگە كىرىشىگە ئەگىشىپ، بىز 2 ـ ئەۋلاد تېلېۋىزور تاماشىبىنلىرىغا ئايلاندۇق.

تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى ــ تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ تېلېۋىزور ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىغا قارىتا باشقۇرۇش، قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن بىر خىل ئومۇميۈزلۈك جەمئىيەت پسىخىكىسى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە پائالىيەت ئەندىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك تېلېۋىزور بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە تېلېۋىزورنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ــ تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىدۇر. تېلېۋىزور كۆرۈش كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش شەكلىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، تېلېۋىزىيە ئۆز ئالدىغا بىر خىل مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى ھەم مېدىيە تېخنىكىسى بولۇشتىن ھالقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

غەرب دۇنياسىدا تېلېۋىزورنى «نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش

**ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ**

ۋاستىسى» دەپ قارايدىغان بىر قىسىم تەتقىقاتچىنىڭ قارىشىچە، تېلېۋىزىيىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىرلا خاراكتېرى بار، ئۇ بولسىمۇ كۆڭۈل ئېچىشقا يېتەكلەش. چۈنكى تېلېۋىزىيە كىشىلەر ئەڭ ئاسان يېقىنلىشالايدىغان، ئەڭ دەسلەپ تاللايدىغان «ئوقۇتقۇچى». بالىلارنىڭ تىلى تېلېۋىزىيە ئېلان تېكىستلىرى بويىچە چىقىدۇ؛ ياشلارنىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە شەكىللىنىدۇ؛ ياشانغانلار تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى بىلەن مەنىۋى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. 20- ئەسىردىكى ئۇلۇغ كەشپىيات بولغان تېلېۋىزور بىلىپ- بىلمەي ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش شەكلى، قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئامېرىكىدا مۇنداق بىر يۇمۇر تارالغان: «بىر دادا كرېسلودا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتسا، ئوغلى يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— دادا، ئەگەر ئورمانلىقتىكى چوڭ بىر دەرەخ ئۆرۈلۈپ كەتسە، لېكىن بۇ ئەھۋال تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلمىسە، ئۇنداقتا دەرەخ راستىنلا ئۆرۈلگەن ھېسابلىنامدۇ؟»

بۇ، كىشىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تېلېۋىزورنىڭ يېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ۋە تېلېۋىزورنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى قانچىلىك دەرىجىدە كونترول قىلىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق سىزمىسى.

يەنە بىر مىسال: 2000- يىلى سېنتەبىردە 540 مېتىر ئېگىزلىكتىكى موسكۋا تېلېۋىزىيە مۇنارى ئوت كېتىش سەۋەبلىك قىسقا مۇددەت تارقىتىشنى توختىتىپ قويغاندا، پۈتكۈل موسكۋالىقلار مۇنداق دېگەن: «تېلېۋىزور بولمىسا دۇنيا بىلەن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن. تۇرمۇش تۇيۇقسىزلا قۇپقۇرۇق، مەنىسىز بوپقالىدىكەن»، «تېلېۋىزور— مەن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىردىنبىر ئىستېمال شەكلى. بۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت تېلېۋىزور كۆرمىسەم قانداق كۈن ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي قالىدىكەنمەن». تېلېۋىزورغا بولغان چوڭقۇر يېقىندىلىقنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقىمىزدىكى ئورنىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ.

بىز تېلېۋىزىيىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسىدىن قىلچە گۇمانلانمايمىز. ئۇ مەدەنىيىتىمىزدە مەۋجۇد بولغان، دۇنيا مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋاستە. تېلېۋىزوردىكى تراگېدىيىلەر، زوراۋانلىق، قاتىللىق، پارتلىتىش خەۋەرلىرى قەلبىمىزنى لەرزىگە سالسىمۇ، لېكىن پروگراممىا ئاياقلىشىپلا ئېكراندا پەيدا بولغان خۇشچىراي دىكتورنىڭ: «ئەتە مۇشۇ چاغدا كۆرۈشەيلى، خۇشۋاق بولۇڭلار!» دېگەن سۆزى بىلەن پەسكويغا چۈشىمىز. نېمىشقا يەنە كۆرۈشىمىز؟ قانداق خۇشۋاق بولىمىز؟ بىرنەچچە مىنۇتلۇق قانلىق ھەرىكەتلەر بىزنى بىرەر ئاي ئۇيقۇسىز قويسا بولاتتىغۇ؟ لېكىن دىكتورنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، تېلېۋىزوردىكى بارلىق نەرسە— دىكتورنىڭ يېقىملىق چىرايى، كۈلكىسى، پروگراممىا باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى لىرىك مۇزىكىلار، جانلىق، رەڭدار كۆرۈنۈشلەر، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېلانلارنىڭ ھەممىسى بىزگە تېلېۋىزوردىكى بەختسىزلىكلەر ئۈچۈن ياش تۆكۈشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئەمما مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى شۇكى، تېلېۋىزوردىكى بارلىق جەرياننىڭ كۆڭۈل ئېچىش شەكلىدە ئىپادىلىنىشى، يەنى تېلېۋىزورنىڭ بىز ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش مەزمۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقىنى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتىكى بارلىق مەزمۇننىڭ كۆڭۈل ئېچىش تۈسىدە كۆرسىتىلىشى. بۇ ئىككىسى ئەلۋەتتە ئىككى ئىش. مەيلى قانداق مەزمۇن بولسۇن، مەيلى قانداق نۇقتىدىن بايان قىلىنسۇن، تېلېۋىزوردىكى ھەممە نەرسە تاماشىبىنلارنى كۆڭۈل ئېچىشقا يېتەكلەيدۇ. تېلېۋىزور ھازىر يېڭى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. ھېچكىم يېشى كىچىك بولۇشى سەۋەبلىك تېلېۋىزور كۆرۈشتىن چەكلەنمەيدۇ، ھېچكىممۇ نامراتلىق تۈپەيلى تېلېۋىزور كۆرۈش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەرقانداق تېما— سىياسەت، ئاخبارات، مائارىپ، پەن- تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىقلار ئوخشاشلا تېلېۋىزوردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ۋەھالەنكى، ھەممە نەرسە كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغاچقا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم چۈشەنچە- قاراشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ھەسسىلەپ تۆۋەنلىتىۋېتىلگەن، مۇھىم نۇقتا بۇرىۋېتىلگەن، ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تېلېۋىزىيىنىڭ خاھىشى تاماشىبىنلارنىڭ بارلىق تېمىغا بولغان چۈشىنىشىنى بەلگىلەۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئامېرىكا نيۇ- يورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، داڭلىق مېدىيە تەتقىقاتچىسى نئېر پوسمان (Nier Postman) مۇنداق دەيدۇ: «بىزدە بارلىق ئاممىۋى ئىبارىنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل ئېچىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولدى ھەم بىر خىل مەدەنىيەت ئېڭىغا ئايلاندى. سىياسەت، دىن، مائارىپ، سودا، ئاخبارات، تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلىرىمىز چىن دىلىدىن خالاپ كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىگە چىقىۋالدى. نەتىجىدە بىز ئۆلسەكمۇ كۆڭۈل ئېچىپ ئۆلىدىغان جانلىققا ئايلاندۇق»[1]. ھەقىقەتەن تېلېۋىزور دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ساقلايدۇ. دۇنيا ئۆزگەرسىمۇ تېلېۋىزورنىڭ كۈلكىسى، كۆڭۈل ئېچىش ئاۋازى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما ھازىر تېلېۋىزور ئىپادىلىگەن دۇنيا— بۇ دۇنيانىڭ قانداق ھالەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەندىزىگە ئايلىنىپ قالماقتا. كىشىلەر مەسىلىلەرگە باھا بېرىشتە تاشقى كۆرۈنۈش، تېلېۋىزىيە چولپانلىرى، تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىنى ئۈلگە قىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۇششاق ھالقىلىرىغىچە سىڭىپ كىرگەنكى، بىرەر مەھسۇلاتنى تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىلگەن بولسا خاتىرجەم سېتىۋالىمىز. بىرەر پروگراممىدىكى ئالاھىدە مېھمان شۇ ساھەنىڭ بىردىنبىر نوپۇزلۇق ۋەكىلى دەپ قارىلىدۇ. تەپەككۇر شەكلىمىز ئاللىقاچان يېڭى بىر خىل شەكىل بىلەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىدى. مەدەنىيىتىمىز، ئەخلاق كاتېگورىيىمىز تېلېۋىزورنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كۆڭۈل ئېچىش كەسپى بىلەن باشقا كەسپلەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشمۇ تولىمۇ تەس بولدى. مەدەنىيەت دىئالوگلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. نۇرغۇن كىشى ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق

چىقىشقا كۆڭۈل بۆلۈشتىن كۆرە ئۆزىنى ئىپادىلەشكە كۆپرەك قىزىقىدىغانلىقى ... ئۆزىنى ئىپكرانغا قانداق چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بوپقالدى. تېلېۋىزورنىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ «ئەپسانىۋى رولى» بارلىققا كەلدى. ئۇ ئەپسانىۋى نەزەردە دۇنياغا كۆز سېلىۋاتقاچقا، كىشىلەر بۇ دۇنياغا ھېچقانداق گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىدىمۇ بولمايدىغان بولدى. ئەمەللىيەتتە تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتقانلىرىمىزدىن گۇمانلانمايمىز. تېلېۋىزوردىن سىڭىپ كىرىۋاتقان «ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى»نىمۇ ھېس قىلمايمىز. ئۇنىڭ بىزگە شەكىلسىز ھالدا قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا، تەپەككۇرىمىزنى قايسى يولغا باشلاۋاتقانلىقىغىمۇ ئېرەن قىلمايمىز. چۈنكى تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئاممىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ مەسىلىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالدى. تېلېۋىزىيە ئىدىيولوگىيىسى ھازىر ئەسلىدىنلا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارالغاچقا، تېلېۋىزورنىڭ قاراڭغۇلۇقتا يېنىك چىقىرىۋاتقان «چىس ـ چىس» ئاۋازىغا، ئۇنىڭدىكى ئاق نۇرنىڭ ماھىيىتىگە، بارا ـ بارا تېلېۋىزورنىڭ پاسسىپ تاماشىبىنلىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىمىزغا دىققەت قىلمايدىغان بولدۇق. نەتىجىدە ئېلېكتر ۋە سۈرەت ئىنقىلابى بارلىققا كەلتۈرگەن، كىشىنى ئەڭ خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، تېلېۋىزوردىكى دۇنيا قائىدىگە ئۇيغۇن، تەبىئىي، ئەقەللىي دۇنياغا ئايلاندى. بۇ خىل ناتونۇشلۇق تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشى تاماشىبىنلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ماسلىشىش دەرىجىسى مەلۇم مەنىدىن تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. يەنە كېلىپ مەدەنىيىتىمىزنىڭ تېلېۋىزورنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىگە بولغان ماسلىشىشىمۇ شۇنداق ئۇزۇل ـ كېسىل بولدىكى، تېلېۋىزورنىڭ ھەقىقەت، بىلىم ۋە رېئاللىققا بولغان ئېنىقلىمىسىنى ئاساسەن قوبۇل قىلدۇق. ئەسلىدە ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ھازىر مەنىگە باي بولدى. ماقامغا چۈشمەيدىغان تەپەككۇر شەكىللىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق، تەبىئىي دەپ قارالدى. ئەگەر ئارىمىزدا بىرەرسى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىش ئەندىزىسىگە ماسلىشالمىسا، ئۇ كىشى غەلىتە ھېسابلاندىكى، دەۋردە مەسىلە بارمۇ ـ يوق دېگەننى ئويلاشنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىزنى ئازابلاشقا تېگىشلىك مەسىلە ـ كۆلىكنىڭ تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قېلىۋاتقانلىقى، نېمىشقا كۆلۈپلا تۇرىدىغىنىمىزنى، تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغان بوپقالغانلىقىمىزنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىمىزدۇر. بۇ ھەقتە نىئېر پوسمان مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى خىل ھالەت روھنى، مەدەنىيەتنى قۇرۇتىدۇ. بىرى، مەدەنىيەت تۈرمىگە ئايلىنىپ قالغاندا، يەنە بىرى، مەدەنىيەت ئويۇن سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغاندا». «ئەگەر بىر مىللەت ئۇششاق ئىشلارنى كۆڭۈل ئېچىشقا ئېلىپ ... كۆڭۈلدىن كۆتەرتىپكە كىرگۈزۈۋالسا، مەنىۋى تۇرمۇشى كۆڭۈل ئېچىشنى چۆرىدەپ تىرىلىشكە باشلىسا، ئەگەر كەسكىن ئاممىۋى دىئالوگلار سەبىي باللارنىڭ تىلىدەك بايان قىلىنسا، قىسقىسى، كىشىلەر پاسسىپ تاماشىبىنلارغا ئايلىنىپ قالسا، بارلىق ئاممىۋى پائالىيەت كۆڭۈل ئېچىش شەكلىدە قانات يايسا، ئۇ ھالدا بۇ مىللەت ئۆزىنى خەۋپ ئىچىدە ھېس قىلسا بولىدۇ»[2].

تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى ئېپكەلگەن نۇرغۇن ياخشى تەرەپتىن بەھرىلىنىش ھەم «ئاق قارىغۇلىرى» ـ ئىجتىمائىي گاسلارغا ئايلىنىپ قېلىش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تېلېۋىزورنىڭ ياراتقىنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ بوستانلىقى ھەم قاقاسلىقى. چۈنكى تېلېۋىزور ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئازايتتى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى سۇسلاشتۇردى. لېكىن ئۇ يەنە پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرىنى بىللە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. تېلېۋىزورنىڭ بىۋاستىلىكى كىتابنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى سۇسلاشتۇردى. لېكىن يەنە تېلېۋىزوردىكى مەزمۇنلارنىڭ يۈزەكىلىكى ـ كىشىلەرنىڭ ئېكران ئارقىلىق نۇرغۇن ئۇقۇمغا قىزىقىپ كىتابنى قايتا ئەسكە ئېلىشىغا ياردەم بەردى. تېلېۋىزور كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى يوقلاش پۇرسىتىنى ئازايتتى، لېكىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە سۆھبەتنى نۇرغۇن ئورتاق تېما بىلەن تەمىنلىدى. يۇقىرىقى تۈرلۈك مەسىلە بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ كىشىلەرگە ئېپكەلگىنى مۇرەككەپ، قوش قاتلاملىق فۇنكسىيىسى بولۇپ، تاماشىبىنلار تېلېۋىزىيە ئىدىيولوگىيىسىگە قارىتا پۈتۈنلەي پاسسىپ ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئەقلىي نۇقتىدىن قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇشى، چوقۇم مۇستەقىل تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. تاماشىبىنلارنىڭ تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىگە قارىتا ئىنكاسى ئويلىنىش خاراكتېرلىك، ھەتتا قارشىلىشىش خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىش بولۇشى كېرەك. شۇندىلا تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ماس قەدەمدە تۆرتكە بولالايدۇ ھەم تەپەككۇر شەكلىمىز ھېسسى ھالەتتىن ئەقلىي ھالەتكە قاراپ يۆتكىلەلەيدۇ. تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى بىر رايوننىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان قارىشىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا بولغان سەزگۈسىنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ـ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى تەتقىق قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. تېلېۋىزور كۆرۈش نوقۇل كۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇرىمىزنىڭ ھامىيلىقىدىكى پائالىيەت شەكلى بولۇشى زۆرۈردۇر.

## ستاتا مەنبەلىرى ۋە پايدىلانمىلار

[1] نىئېر پوسمان: «ئۆلگىچە كۆڭۈل ئېچىش»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىل ماي نەشرى 1 ـ، 2 ـ بەت (خەنزۇچە).
[2] يۇقىرىقى كىتاب 110 ـ، 128 ـ بەتلەر.
زېڭ چىڭرۇي: «تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مەنىۋى باغچىسىنى قوغداش»، جوڭگو مېدىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (سابىق بېيجىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتى) نەشرىياتى 2007 ـ يىل مارت نەشرى (خەنزۇچە).
ئوۋيالڭ خوڭشېڭ: «تېلېۋىزىيە مەدەنىيەتشۇناسلىقى»، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە).

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو ـ تېلېۋىزىيە ـ تىياتىر فاكولتېتىنىڭ لېكتورى، ئەدەبىيات ماگىستىرى؛ ھازىر جوڭگو مېدىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە دوكتور ئاسپىرانت (M1)

www.uyghurkitap.com



# ئۆزلۈك تەپەككۇردا مائارىپ جەريانى

ئابدۇلباست ئابدۇرەھمان

بىز ئەينى ۋاقىتتا يېڭى ئەسىر ھەققىدە ناھايىتى ياخشى مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقانىدۇق. يېڭى ئەسىرگە بولغان تەلپۈنۈش ۋە ھاياجانلىق دەقىقىلەرگىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە يەتتە يىل بوپقاپتۇ. يېڭى ئەسىر كىرىشتىن ئىلگىرىلا بىز مائارىپ ۋە مائارىپ مېتودى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدۇق. مائارىپ ساھەسىدە ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان ۋە بۇ ھەقتە بەلگىلىك تەتقىقات، كۆزىتىشلەرنى ئېلىپ بارغان ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئەپەندىنىڭ دىيارىمىز مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلغان بىر قاتار ماقالىلىرىدىن مائارىپ قۇرۇلمىمىزغا قارىتا ناھايىتى ياخشى ئەندىزىلىك كۆرسەتمىلەرنى بىلىپ يەتكەنىدۇق. مائارىپ مىللەت تەربىيىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھالقا. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋر بىز تەسەۋۋۇر قىلغان ھەر قانداق دەۋردىكىدىن مۇرەككەپ بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى ھەرقانداق بىر باغلىنىش يەرشارنى دەۋر قىلغان ئاساستا ئۇچۇر ئارقىلىق باغلىنىپ بېرىۋاتىدۇ. يۈكسەك دەرىجىدە كەسىپلەشكەن، ئىختىساسلاشقان، قېلىپلاشقان بۈگۈنكى دەۋر يەرشارىدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىق ماكانىنى ئىنچىكە سان-سىپىرلار بىلەن شەرھلەشكە باشلىدى. مۇئەييەن بىر كەسىپ ئىنسان ھاياتىدا تولىمۇ زۆرۈر بوپقالدى. بۈگۈن بىز مائارىپىمىزنىڭ ساپا مەسىلىسىنى ھەرقانداق بىر جايدىكى مائارىپ تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرالايمىز. يول ئېچىش ۋە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى ياۋروپا مائارىپىغا قارىتا ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا بوشلۇق كۆز يەتكۈسىز. بىز مائارىپ ھەققىدە تەھلىللەر قىلغاندا مائارىپنى رېئاللىقتىن چەتتە قالدۇرۇپ كەلدۇق. مائارىپ ئەسلىدىنلا بىر كەسىپ مەيدانى. ئۇ، ئىنساننىڭ يېتىلىش باسقۇچىدىكى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان قىممەتلىك بەخت مەنزىلى. ئۇ، تۇرمۇشقا، ھاياتقا، تەپەككۇرغا زىچ بىرلەشمىسە بولمايدىغان ئىلىم ۋە ھۈنەر سورۇنى بولۇپ، ئىنساني تاكامۇللۇق ۋە ئارىپلىقنىڭ جەريانىدۇر. بىز غەربنىڭ ئىنسان پسىخىكىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ئاساستا قېلىپلاشتۇرۇپ چىققان مائارىپ ئەندىزىسىنى كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئۇلار مائارىپ يولىنى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسى، تۇرمۇش ھاسلاتلىرى ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان. ئۇلار ئۆزگىچە تەپەككۇر شەكلىنى مائارىپ مېتودىنىڭ يۈنىلىش ئىستراتېگىيىسى قىلىپ تاللاپ، كلاسسىك مائارىپ بىلەن ھازىرقى زامان مائارىپىنى يۇقىرى زىچلىق بىلەن ماسلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ روھىيەت جەزىرىسىنى سۇغىرىپ تۇرۇۋاتقان «ئىنجىل»نىڭ تەپەككۇرغا ئائىت ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ھەرۋاقىت ئىلمىي شەرھلەپ، ئۇنىڭدىن بىر قىممەتنى تېپىپ چىقمىغۇچە توختىمىغان. گەرچە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر يىلتىزى «ئىنجىل»نى چۆرىدىگەن كلاسسىك مائارىپتىن كەلگەن بولسىمۇ، پوپلار چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان چېركاۋنىڭ خۇراپىي ئەندىزىسىدىن ئىلمىي مۇنازىرە ۋە يېڭىچە تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى چېركاۋ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىپ، ياۋروپا يېڭىچە مائارىپى — «ياۋروپاچە جەدىتىزم»نى قۇرۇپ چىققان. غەرب مائارىپى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھەربىر كىشىگە ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىدىغان بۇ خىل مائارىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل بايلىقىنى ئېچىشتا غايەت مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى غايەت زور بايلىق بولۇپ، ئۇنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مائارىپ ئارقىلىق ئەقىل كانىنى بۇرغىلاشتا ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلەرنى قالدۇرغان غەرب ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيانى سىپىرلاشتۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بوپقالدى. يەرشارى ۋە پۈتكۈل كائىنات جىسىملىرى تەپەككۇر قىلىشنى خالايدىغان ئىنسان ئۈچۈن تالاي ھىكمەت بىلەن يۈزلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك-تۈمەن ئاجايىبات ھەربىر مۇتەپەككۇر ئۈچۈن بىر ئۇچۇق دەرسلىكتۇر. بىز ئافرىقا قىتئەسىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ھايات مۇئەممالىرى ئۈستىدە ئىزدەنسەك، ئەڭ ياش قىتئە ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت- مائارىپى ۋە ئىلىم- پەننىڭ

ئۇربىنا ئىزدەش

www.uyghurkitap.com

مۇنەۋۋەر ئۆرنەكلىرىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. يىراق ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە بولغان ھاياتلىق پرىنسىپى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلساق، ئىنسان پەقەت تەپەككۇر ئارقىلىقلا ئارىيلىق ماقامىغا يەتكەن. تەپەككۇر ئارقىلىق ئېرىشكەن روھىي ماتائەت ئاسانلىقچە يىمىرىلمەيدىغان غالىب ئەقلىي كامىللىق بىلەن زاھىر بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە مۇۋازىنىتى ئەقلىي ئۆلچەم قىلىدىغان ئەقلىيەت يولىغا كىرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب مۇتەپەككۇرلىرى كۆپ قىرلىق مائارىپ قۇرۇلمىسىغا قارىتا تەپەككۇر ئارقىلىق ئەمەلىي ھاسىلاتلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئەندىزىنى مائارىپ نىشانى قىلىپ، ھەربىر شەيئى ھەققىدە ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مۇكەممەل تونۇشۇپ چىققان. بۇ جايدا مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن ۋاقىتتىكى گۈلزارلىقنىڭ سەھەرلىك مەنزىرىسى شەرق مۇتەپەككۇرلىرى نەزەرىدە ئاجايىپ سېھىرگە تولغان ئىلھام ـ ھاياجانلارنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. قارىماققا، بۇ شۇنداق ئاجايىپ گۈزەل ھەم بىغۇبارلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئىنسان تەپەككۇرىغا شۇنداق چەكسىز تۇيغۇنى نەقىش قىلىپ چېكىدۇ. گۈزەل ئەسلىمىلەرگە شاھىت بولىدۇ. تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈل بەرگىدىكى شەبنەم تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، كۆڭۈل دالاسىدا مىڭ ھۆرنىڭ جامالىنى نامايان قىلىدۇ. مانا بۇ گۈلزارلىقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ئاملى ئىنساننىڭ ھېسسىي بىلىش دائىرىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ، ئەقلىي بىلىشنىڭ كۆپ سىرتىدىكى مەنزىرە ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى بىز بۇ گۈلزارلىق ھەققىدە غەربچە تەپەككۇر ئەندىزىسى بويىچە ئېنىقلىما بېرىپ باقايلى. غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ئالدى بىلەن بۇ مەنزىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ، گۈل بەرگىدىكى شەبنەم ھەققىدە سان ـ سىپىرلىق تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. مەسىلەن، گۈل بەرگىدە نېمە ئۈچۈن شەبنەم بولىدۇ، شەبنەم نېمە ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى ئۆز ـ ئۆزىگە قويغاچ، ئەتراپتىكى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق شەبنەم ھەققىدە مۇنداق بىر ئەقلىي يەكۈننى چىقىرىدۇ: شەبنەم كەچتىكى 28 سېلسىيە گرادۇسلۇق دىمىق ھاۋا تەسىرىدە گۈللۈكنىڭ نەم تۇپرىقىدىن پارلىنىپ چىققان سۇ ھورى بولۇپ، ئۇ تاڭ پەيتىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەپ بىراقلا 10 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشۈشى بىلەن قايتا سۇغا ئايلىنىپ، گۈل بەرگىگە چۈشۈپ يىغىلغان سۇدىن ئىبارەت دېگەن تەبىئىي قانۇنىيەتنى سىپىرلىق ئانالىز قىلىدۇ. بۇ، شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ۋە خاراكتېرىنى تەبىئىي رەۋىشتە چۈشەنگەندىن باشقا، ئىچكى قانۇنىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ شەبنەم تامچىسىنىڭ گۈل بەرگىدىكى يالتىراپ تۇرغان گۈزەل ھالىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما بۇ خىل يەكۈن ئىنسانلار، تۇپراق، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ بىر قانۇنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئوق مەركىزىدۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەقلىي بىلىشنى ھېسسىي گۈزەللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈش غەرب مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ يۆنىلىش شەكلى بولۇپ، ئۇ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مىكرو ھېكمەتلىرىنى ئەقلىيەت تارازىسىدا ئۆلچەپ سىپىرلاشتۇرۇشقا قارىتىلغان. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ گۈل بەرگىدىكى شەبنەم بىر تامچە سۇ. سۇنىڭ يەرشارىدىكى مۇھىملىق دەرىجىسىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ، ئىنسانلار يارىلىشىدىنلا بىلىدىغان تەبىئىي مائارىپ. ئەمما بىز ئاشۇ بىر تامچە سۇنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋاقتىمىزدا، سۇ ھەققىدىكى بىلىمىمىزنىڭ تېخى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئوكيانلاردىكى غايەت زور سۇ مەنبەسى بىلەن ئاشۇ گۈل بەرگىدىكى كىچىككىنە شەبنەم تامچىسىنىڭ خىمىيىلىك ۋە فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە سۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تامامەن ھېس قىلىش مۇمكىن. سۇ نۆل سېلسىيە گرادۇستا مۇزلايدۇ، يۈز سېلسىيە گرادۇستا ھورغا ئايلىنىدۇ. غەرب مائارىپ ئۇستازلىرى سۇنىڭ مۇشۇ خىل فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىدىن قانداق ئەقلىي ئىلھاملارنى ئالدى؟ بىرىنچى قېتىملىق غەرب سانائەت ئىنقىلابى دەل مۇشۇ سۇنىڭ پارلىنىش خۇسۇسىيىتى بىلەن مەيدانغا كەلدى. 1785 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك مېخانىك ۋات پار ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىنسانىيەتنىڭ قول ئەمگىكى ماشىنا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋر باشلىنىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى «پار دەۋرى»گە قەدەم قويدى. مائارىپ دەل شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئىگىلەشنى ئاساس قىلىدىغان ئىلمىي ئۇقۇم بولغاچقا، سۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىنسانىيەت باشقا بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. بىر خىل شەيئى ئۈستىدە توختىماي تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ مەنپەئەتلىك تەرەپلىرىنى تامامەن پىششىتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھامان بىر ئەقلىي يەكۈن چىقماي قالمايدۇ. سۇنىڭ نۆل سېلسىيە گرادۇستا قېتىپ كرىستاللىنىش خۇسۇسىيىتى توڭلاتقۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. يۇقىرىقىلار سۇنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، سۇ خىمىيىلىك خۇسۇسىيەت جەھەتتىن رەڭسىز، پۇراقسىز سۇيۇق جىسىم. ئېلېكتر ئۆتكۈزگەندە ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېنغا پارچىلىنىدۇ. سۇنىڭ ئىلمىي فورمۇلاسى «$H_2O$» سۇ تەركىبىدىكى H ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە تۇرىدۇ. غەرب تېبابىتىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغان ئادەم تېنىگە ۋېنا تومۇرىدىن سۇيۇقلۇق تېمىتىپ دورا كىرگۈزۈش تېخنىكىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بوپقالدى. دېمەك، ياۋروپا تېببىي مائارىپىنىڭ تۈرتكىسىدە سۇ دورىغا ئايلانغانىدى. سۇنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە توختىماي ئىزدەنگەن ياۋروپا مائارىپى مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر تامچە سۇغا ئالەمچە ھېس ـ تۇيغۇنى سىڭدۈردى. ئۇلار سىپىرلاشتۇرۇپ چىقۋاتقان دۇنيانىڭ ئەكسى بىر تامچە سۇدا زاھىر بولدى. ئۇلار غايەت چەكسىز دېڭىزلاردىن ئىلھام ئالدى. ۋەھالەنكى، ئاشۇ چەكسىزلىك غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن كەڭ

ماگارىپ بوشلۇقى ئىدى. ئۇلار شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك خۇسۇسىيەتلىرىدىن تاكى زاھىرىي تەركىبلىرىگىچە ئىلھامبەخش نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمىگىچە توختىمىدى. ئۇلار دەريالارنى تىزگىنلەپ، گېنېراتورلار ئارقىلىق يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكترلارنى ھاسىل قىلدى. سۇنىڭ لەيلىتىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ پاراخوتلارنى دېڭىزدا ئۈزدۈردى. ھەربىي سانائەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن غايەت زور ئاۋئىماتكىلارنى ياساپ دېڭىزغا چۈشۈرۈپ، دېڭىز- ئوكيانلارنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. ۋەھالەنكى، ئۇلار يەرشارىنىڭ 79 پىرسەنتىنى سۇ، قالغان 21 پىرسەنتىنى قۇرۇقلۇق تەشكىل قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي مەنتىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، دېڭىزنى بويسۇندۇرۇش قۇرۇقلۇقنى كونترول قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. بۈگۈنكى غەربنىڭ ئاشۇ قۇدرەتلىك ئاۋئىماتكىلىرى قۇرۇقلۇقتىكى چېگىرىزخان ئاتلىرىغا ئوخشاش بىپايان دېڭىزدا قانات كەرگەنىدى. ئۇلار سۇ ئۈستىدە دۇنيانى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ ئەقلىي يەكۈننى ئەينى دەۋردە چىڭگىزخاننىڭ ئات ئۈستىدە دۇنيانى تىزگىنلىگەن تەبىئىي ئارتۇقچىلىقىغا تەققاسلىغانىدى. دېمەككى، ياۋروپا مائارىپىنىڭ ئاساسىي نىشانى شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر- خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ بەلگىلىك سانلىق قىممەتنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق تۇر تۇرغۇزۇپ، مۇپەسسەل تەتقىقاتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشتىن ئىبارەت. تەبىئەت ياۋروپا مائارىپىنىڭ زىچ ھەم ئىلمىي بىرىكمىسى. ئۇلار ھەرقانداق شەيئىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەبىئەتتىن ئىزدەپ، تەبىئىي قانۇنىيەتلىك دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ مەنزىرىسىدىن قىممەتلىك ئىلھاملارغا ئىگە بولىدۇ. بىپايان مەۋجۇدىيەتلەر ئۈستىدە پىكىر - مۇلاھىزىلەر قىلىشىدۇ. ياۋروپا مائارىپ ئىدېئولوگىيىسىدە تەبىئەت بىر مەكتەپ. تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتنى ئۆگىنىش دەل مائارىپنىڭ جېنىدۇر. تەپەككۇر قىلىش ۋە كەڭ تەبىئىي بوشلۇقتىن ھوزۇرلىنىش غەرب پەيلاسوپ- ئالىملىرىنىڭ تاللاپ ماڭغان يولىدۇر. ئۇلار مائارىپنى مەلۇم ئىدېئولوگىيە ياكى شەخسنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بىلەن ئۆلچەيدۇ. پاسكال، ۋات، نيۇتون، ئېدىسون، ئېينشتېين قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇپەسسەل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەرب مائارىپىنىڭ يول خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەن ئالىملاردۇر. نيۇتون بىر تال ئالمىنىڭ ئالما دەرىخىدىن ئاجراپ، يەرگە چۈشۈشىدىن ئىبارەت كىچىككىنە قانۇنىيەتنى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ چوڭ بىر قانۇنىيەتنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ تاسادىپىي بايقاشمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئەزەلدىن ئالما پىشقان ۋاقتىدا يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەمما نيۇتون بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلدى. نېمە ئۈچۈن ئالما ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ؟ ئەسلىدە ساپاقتىن ئۈزۈلگەن ئالما مۇئەللەقتە تۇرۇپ قالسىمۇ، ياكى تۆۋەنگە چۈشمەي ئۈستۈنكى بوشلۇققا چىقىپ كەتسىمۇ بولاتتىغۇ؟ بۇ ئارقىلىق نيۇتون يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى ھەققىدە ئويلاندى. تىنىمسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق يەرشارىنىڭ ھەرخىل جىسىمغا بولغان تارتىش كۈچىگە ئائىت دەسلەپكى قەدەمدىكى قىممەتلىك سانلىق مەلۇماتقا ئىگە بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار تۈمۈر ئۇچقۇلارغا مىنىپ ئاي شارىنى ۋە كائىناتنى سەيلە قىلىۋاتقاندا ئەلۋەتتە ئەينى چاغدىكى نيۇتوننىڭ ئاشۇ بىرتال ئالما ھەققىدە ئويلاش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغان يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچى ھەققىدىكى قانۇنىيەتلىرىنى ئەسلىمەي قالمايدۇ. مانا بۇ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى. مانا بۇ، كۆل بەرگىدىكى بىرتامچە سۇ ھەققىدە قىلىنغان تەپەككۇر ئىنسانىيەت روھىيەت بوشلۇقىدا دۇنياچە كەڭلىك ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش ئاجايىپ قىممەتكە ئىگە تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدۇر. كىشىلەر قەدىمدىن قۇشلارغا ئوخشاش ئۇچۇشنى ئارزۇ قىلىشىدى، ئاخىر ئايروپىلان بىلەن ئۇچتى. بېلىقلاردەك سۇدا ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلىشىدى، ئاخىر پاراخوتلاربىلەن سۇدا ئۈزدى. جاھاننىما ئەينەكلىرى بىلەن يىراقتىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشىشنى ئارزۇ قىلىشىدى، كومپيۇتېر ئۇلارنى بۇ ئارزۇلىرىغا يەتكۈزدى. مانا بۇ تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەتنىڭ ھەممىدە مائارىپنىڭ تەبىئەت بىلەن زىچ بىرىككەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. كىشىلەر ئۆز ئارزۇسىنى بويلاپ مەڭگۈ ئىلگىرىلەيدىكەن ھەم شۇ يولدا بەدەل تۆلەيدىكەن، ئاخىر شۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقماي قالمايدۇ. بۇ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن مەلۇمدۇر. ۋەھالەنكى، تەبىئەت سانسىزلىغان سىر بىلەن ئورالغان. بەلكىم ئىنسانلار مۇشۇ تىرىشچانلىقى بىلەن تەبىئەت سىرلىرىنى بىر پىرسەنتىمۇ ئېچىپ بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن. كائىنات غايەت زور قۇرۇلما. ئۇنىڭدا ئىنسانلار پەقەت چۈمۈلىدەك ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئاشۇ كىچىككىنە ئىنساننىڭ تەپەككۇرى ئاشۇ غايەت زور كائىناتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىيەلەيدۇ. ئادەم جىسمانىي قۇۋۋەت ئارقىلىق يۈز كىلوگرام نەرسىنى كۆتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئەقىل ۋە تەپەككۇر قىيا- تاغلارنى ئورنىدىن يۆتكىيەلەيدۇ. ئىنسان مېڭىسى تەبىئەت بىلەن ھەقىقىي زىچ بىرلىك ھاسىل قىلالىسا، ئۇ ھەممىدىن كۈچلۈك مەخلۇقتۇر.

مەن ھەر قېتىم مائارىپ ھەققىدە ئويلانغان ۋاقتىمدا، يۇرتىمىز مائارىپىنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بىز رەتلىك پارتىلار تىزىلغان، ئوقۇتقۇچى مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلەيدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ئۈچۈن سۆزلەنگەن دەرسلەرنى ھارماي- تالماي يادلايدىغان مائارىپتىن بەھرىمەن بولدۇق. بىز بۇ خىل مائارىپتا تەبىئەت ۋە كائىنات خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە كۆپ نەرسىنى ھېس قىلالمايتتۇق. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە مائارىپ باشقا نەرسە، تەبىئەت باشقا نەرسە ئىدى. مەن ئۈچۈن ھەربىر ھادىسۇۋى شەيئى تامامەن باشقىچە تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنى مائارىپ ۋە بىلىم ئارقىلىق بىرتەرەپ قىلىشنى تامامەن ئويلىمايتتىم. مائارىپ مەن ئۈچۈن پەقەت سىنىپتىكىلا نەرسە ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئەتىياز كەلسىلا دادامنىڭ كۆچەت تىكىشىگە ياردەملىشەتتىم. مەھەللىمىز قۇملۇق مەھەللە بولغاچقا، دادام

www.uyghurkitap.com

كۆچەتلەرنى ھەربىر دۆۋە قۇمنىڭ بورانغا قارشى تەرىپىگە تىكەتتى. مەن پەقەت كۆچەتلەرنى تۇتۇپ بېرىش رولىنىلا ئوينايتتىم. قوغۇن تېرىغاندا يەرنى چىرايلىق تاختىلاپ، قوغۇن چۈنەكلىرىنى تولىمۇ چوڭقۇر ئوياتتى. ياتاق ۋە قامغاق بىلەن ئوغۇتلايتتى. مال قىغلىرىنى چۈنەككە تاشلاپ، ئۈستىگە سۇ قۇياتتى. بۇ، دادامنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ھۆرەيلى قوغۇنى ئۈچۈن تۆكۈۋاتقان تەرى ئىدى. مەھەللىمىز قۇملۇق مەھەللە بولسىمۇ، بۈك ـ باراقسان يېشىللىققا تولغان مەھەللە ئىدى. بىز گاھ مەھەللە ئۈستەڭلىرىگە سۇغا چۆمۈلسەك، گاھ قۇملۇقلارغا بېرىپ قۇمغا كۆمۈلۈپ، قاتار كەتكەن ئۈجمىلىكلەرگە بېرىپ، شۇنچە ئېگىز ئۈجمىلەرگە مايمۇندەك يامىشىپ، مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىلەرنى يەيتتۇق. شۇچاغلاردا كەنتىمىزدە نە دوختۇرخانا، نە بىرەر دوختۇر يوق ئىدى. ئەمما بىز تولىمۇ ساغلام چوڭ بولاتتۇق. مەھەللىمىزدە جۇۋازخانا ۋە مەخسۇس جۇۋازچىلىقنى كەسىپ قىلغان دېھقانلار بار ئىدى. پاختا ئايرىيدىغان چىغرىق ۋە چىغرىقچىلار بار ئىدى. يەنە ئۈستۈنكى مەھەللىلەردە ماتا توقۇيدىغان بايكارلار بار ئىدى. ئۇلار پاختىدىن رەخت توقۇيتتى. مەھەللىمىزدىكى كۈچلۈك ئېقىنلارغا قۇرۇلغان سۇ تۈگمەنلىرى بار ئىدى. بۇ خىل ھۈنەرلەر مەن ئۈچۈن ھادىسىۋى نەرسىلەر ئىدى. مەن بۇلارغا تولىمۇ قىزىقاتتىم. مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مۇشۇ خىل ھۈنەرلەر يېزىمىزدا جارى ئېتىلىۋاتاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر نامراتتەك كۆرۈنگىنى بىلەن پاراۋان ۋە خىرامان ئىدى. چۈنكى ھەممە ئۆزلۈك كەيپىياتىدا ياشايتتى. ھەممە كىشى ئۆزى تېرىغان بۇغداي ـ قوناقنى ئۆزىنىڭ تۈگمىنىدە تارتاتتى. ئۆزى تېرىغان ياغلىقدانلىرىنى ئۆزىنىڭ جۇۋىزىدا ياغ تارتىپ يەيتتى. ئۆزى تېرىغان پاختىدىن ئۆزى كىيىم قىلىپ كىيەتتى. مانا بۇ ئۆزلۈكنىڭ خىرامان تەرەپلىرى ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ، شۇ دەۋردە دىيارىمىزغا نىسبەتەن ئومۇمىي ھال ئىدى. بۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك تېخنىكلار، مائارىپ قۇرۇلمىسى سىڭگەنىدى. ھەربىر كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققانىدى. قىسقىسى، خەلقىمىز بۇ تېخنىكلارغا ناھايىتى پىششىق ئىدى.

ئەمدى تەرەققىيات مەسىلىسىگە كەلسەك، تەرەققىيات ئەسلىي كونىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدىغان مائارىپ يۈنىلىشى بولۇپ، ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە قانۇنىيەتلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىر خەلق ئۇزۇن تارىختىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن ھۈنەر ۋە شۇ ھۈنەرگە باغلانغان ھاياتلىق ئېكولوگىيىسى ئۇنۇملۇك قوغدىلىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ. ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن كونىنى ئىنكار قىلدۇق؟ نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىۋى تېخنىكلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مائارىپىمىزدىن سىقىپ چىقاردۇق؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان جۇۋازچىلىق تېخنىكىسى ئىدسوننىڭ لامپۇچكىنى كەشىپ قىلغىنىغا ئوخشاش قىممەتلىك تېخنىكا ئىدىغۇ؟ چىغرىقنى پاختا پىششىقلاش زاۋۇتىغا، بايكارچىلىقنى كۆلەملەشكەن فابرىكىغا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەلۋەتتە بولاتتىغۇ؟! ئەينى دەۋردە مۇسابايېفلار قۇرغان كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى گەرچە گېرمانىيىنىڭ تېخنىكىسى بولسىمۇ، دىيارىمىزدىكى ئۇستا موزدۇزلارنىڭ پىشقان تېخنىكىسىدىن ئايرىلالمىغان. ئۇلار ھۈنەرنى مائارىپلاشتۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەخسۇس كۇرسلار ئارقىلىق ھۈنەرۋەنلەرنى تەربىيىلەپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دېمەك، ئۇدۇم تېخنىكلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مائارىپقا تايانغاندا بۇ تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي مەيدان ھەم ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇر موزدۇزلۇقى مۇسابايېفلارنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كىرگۈزۈشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى ساقلاپ قالغان. دېمەك، بىز ئەسلىي مائارىپ يۈنىلىشىمىزنى ئەينى ۋاقىتتىن باشلاپ مۇشۇ خىل يۈنىلىش ئۈستىگە قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تەپەككۇرىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولساق، چوقۇم نەتىجە باشقىچە بولغان بولاتتى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە نەچچە ئەسىرلىك ئەقىل ـ پاراسەتلەر مۇجەسسەملەنگەن ھۈنەر ـ سانائەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە بىر قىسىم يېڭىلىقنى ئېلىپ كىردۇق. كېيىنكى يېڭى دەۋر دەپ ئاتالغان دەۋرلەرگە كەلگەندە تەرەققىيات تېز بولۇپ، بۇ خىل ھۈنەرلەر ۋە مۇشۇ ھۈنەرلەر بىلەن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى جارى ئېتىپ تۇرۇۋاتقان تۇرمۇش رېئاللىقى ئاستا ـ ئاستا پارچىلاندى. يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى ئۇقۇملار ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇۋازنىڭ ئورنىغا ياغ زاۋۇتى، تۈگمەننىڭ ئورنىغا ئۇن زاۋۇتى پەيدا بولدى. ئەمما بۇنىڭدا بىزنىڭ ھېچقانداق تېخنىكا ھەقدارلىقىمىز يوق ئىدى. ئەڭ ئەجەللىك مەسىلە، خەلقىمىزدە بۇ يېڭى شەيئىلەرگە قارىتا تېخنىكا ئومۇمچانلىقى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئەمدى قاراپ باقساق، نە مائارىپىمىزدا، نە ئىجتىمائىيىتىمىزدە ئۆتكۈر رېئاللىق بىلەن بەسلىشىپ ماڭىدىغان، ئەمەلىي قوللىنىدىغان، كەڭ تۇرمۇشچانلىققا ئىگە ئۇدۇم تېخنىكلىرىمىز قالمىغىلى تۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇيغۇر تېبابىتى ئاز ـ تولا ئۇتۇق ـ نەتىجىلىرى بىلەن جەمئىيەتكە سېرىقتال ماسلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، غەرب تېبابىتىنىڭ كۈچلۈك خىرىسى ئالدىدا خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپتۇ. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشى چوقۇم ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇدۇم تېخنىكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش بەدىلىگە قۇرۇلۇپ، شۇ ئارقىلىق مائارىپلاشتۇرۇلسا بۇ تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىيات يولى ھېسابلىنىدۇ. غەرب مائارىپى بۇنىڭ تولىمۇ تىپىك بىر مىسالىدۇر. ئۇلار سۇ ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ياكى ھۇجەيرە ھەققىدىكى تەتقىقات بولسۇن، ھەممىسىدە ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھەمدە كۈنسېرى يېڭىلىق يارىتىدىغان، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان سىجىل تەرەققىيات نىشانىدا مېڭىپ، ئەڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيىسىدە خۇسۇسىي چىش دوختۇرى (M1)



# ئەخلاقنىڭ قىسمىتى ھەققىدە يىغىنچە تەلقىن

ھەبىبۇللا قادىرى

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتنى كۆپ خىل نۇقتىدىن كۆزىتىش ۋە شەرھلەش مۇمكىن. چۈنكى مىسلىسىز يۈكسەلگەن يېقىنقى زامان يەن - تېخنىكا، ئۇچۇر سانائىتى بىلەن ئىزچىل نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان يەرشارىلىشىش ۋە بىر گەۋدىلىشىش دولقۇنى ئۆزىنىڭ مۇتلەق مونوپوللۇقى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپلا قالماستىن يەنە تېخى سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ بولالماي ئالدىنقى سانائەتلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئۇنىۋېرسال جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ماكان بوشلۇقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل يەرشارى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھېچقانداق قوۋم ۋە جەمئىيەت

بۈگۈنكى دۇنيا ۋە ئەخلاق

بولمىسا كېرەك.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا باشلانغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دىنىي ئىسلاھات ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈمنى سىياسىي تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئاساس قىلىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغان غەرب ئەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆزىدە ھازىرلىغان ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىيات تىندۇرمىلىرىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى يەرشارىلىشىش، بىر گەۋدىلىشىش دولقۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن مۇقەررەرلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى جەھەتتىن تېخىچە ئالدىنقى زامانىۋىلىشىش باسقۇچىدا مېڭىپ غەرب جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارشى تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان، يەرشارىلىشىش دولقۇنىغا قارىتا يېتەرلىك ئىجتىمائىي تەييارلىقى بولمىغان غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئاڭ - ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە ئېپكەلگەن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش غەرب ئەللىرىنىڭكىدىن كەڭ دائىرىدە ۋە كەسكىن بولدى.

غەربنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

بولمىغان ساھەلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى يىمىرىلدى. دىنسىزلىق يامراپ، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلار ۋە ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ ئۆلى زور دەرىجىدە تەۋرەپ، شەخسىيچىلىك خاھىش(individualism) زور دەرىجىدە ئەۋج ئالدى. ئۇمۇمەن ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىدىن زور دەرىجىدە ياتلىششقا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە، مۇتلەق كۆپ قىسىم غەرب جەمئىيەتشۇناسى ۋە ئىنسانشۇناسى زامانىۋىلىق(modernity)، يەرشارىلىششىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى ۋە نەتىجىلىرى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە لوندون سىياسىي ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، زامانىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق جەمئىيەتشۇناسلاردىن بولغان ئانتونىي گىددىنىسنىڭ «زامانىۋىلىقنىڭ ئاقىۋەتلىرى» ناملىق كىتابى بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي مىسالىدۇر.

مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بىز مەزكۇر ماقالىمىزدا ئاساسلىقى زامانىۋىلىق دەۋرىدىكى ئەخلاقىي ئەنئەنە ۋە قىممەت قاراشلار دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى يېڭىچە ئانالىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

## مەسلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

خىلمۇ خىل يەككىلىكتىن تەركىب تاپقان كوللېكتىپنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل ۋە شەكىللەر بىلەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي توپ ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيەت شەكلى، جەمئىيەتتىكى رولى، ھوقۇق ـ مەنپەئەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى مۇناسىپ رەۋىشتە تەڭشەپ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ نىسپىي ھالەتتىكى ئىچكى مۇۋازىنەتلىرىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىشتەك مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلگەن. تارىختا ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى قەبىلىدىن تارتىپ ئەڭ يۇقىرى ھالەتتىكى ئىجتىمائىي ئاپپارات بولمىش سىياسىي ھاكىمىيەتكىچە ھەرقانداق جەمئىيەت ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز دائىرىسىدە ئۆزىگە مۇناسىپ بىر ئىجتىمائىي تەرتىپ تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى ساقلاشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كەلدى. گەرچە ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلەردە كىشىلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىيلىقتىكى پائالىيەتلىرىنى تەڭشەشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەندىزىلىرى مەۋجۇد بولغان بولسىمۇ، لېكىن جارى قىلدۇرىدىغان ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى جەھەتتىن ماھىيەتلىك ئورتاقلىققا ئىگە. بىز ماقالىمىزدا تەلقىن قىلماقچى بولغان ئەخلاق مەسىلىسى دەل يۇقىرىقىدەك فۇنكسىيىگە ئىگە بىر خىل تۈزۈم خاراكتېرلىك پائالىيەت ئەندىزىسىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئەڭ ئورتاق، ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر.

يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، مەيلى قايسى خىل مىللەت ياكى ئىرق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئورتاق بولغان ئەخلاقىي قىممەت قاراشلار ۋە كونكرېت ئەخلاق فورمىلىرى بولىدۇ. روشەن ئىجتىمائىي تۈزۈم خاراكتېرىگە ئىگە ھەرىكەت پوزىتسىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى باشقا قانۇنىي شەكىلدىكى رەسمىي ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدە كونكرېت جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق فورمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى تۈزۈم مەدەنىيىتى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش مۇھىم بىر تەتقىقات مەزمۇنى بوپكەلدى.

ئەخلاق كوللېكتىپ ئاڭنىڭ يادرولۇق تەسىرىدە شەكىللەنگەن ۋە شۇ خىل ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە پائال ئىجرا قىلىنىدىغان پائالىيەت مېخانىزمى ۋە يۇقىرى دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن قىممەت قاراشنىڭ كونكرېت ھەرىكەتتىكى ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى بەلگىلىك مەدەنىيەت مۇھىتىنى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش، جۇغلىنىش ۋە ئىزچىللىششىش مەنبەسى قىلىپ كەلدى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، ھەرقانداق شەكىلدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان مىللىي ئەخلاقىي فورمىلار ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىچقويۇن ـ تاشقويۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلىغان بولىدۇ. ھەرقانداق شەكىلدىكى دىنىي ئېتىقاد مەيلى ئۆزىنىڭ مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئاددىي بولسۇن ۋە ياكى مۇرەككەپ بولسۇن رېئال دۇنيانى ئۆزىگە خاس يوسۇندا شەرھلەش بىلەن بىرگە، شۇ دىنىي ئېتىقادنىڭ سۇبيېكتى بولمىش بىر پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە قارىتا مۇئەييەن ئۆلچەم ـ بەلگىلىمىلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى رېئاللاشتۇرغاچقا، دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي فورمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى زۆرۈر بولغان مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇم خىل دىنىي ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن «كوللېكتىپ ئاڭ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى سىمۋولى بولۇپ، ئۇ خاسلىققا، مەۋجۇدلۇق مۇھىتىغا ۋە تەرەققىي قىلىش شەكلىگە ئىگە»[1].

تەتقىقاتلاردىن يەنە شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا دىنسىز قوۋم بولغان ئەمەس. مەيلى قانداق دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدە چەكسىز ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى بەلگىلىك ئىلاھىي ئوبيېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. كىشىلەر رېئال دۇنيادا ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان ئىلاھىي ئوبيېكتنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە پائالىيەت ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئاداققى مۇۋازىنەتنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى «كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى ھۆرمەتلەيدىغان ئەخلاقىي كۈچنىڭ ئالدىدىلا باش ئېگىدۇ»[2].

قايسى خىل دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنساننىڭ

رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ خىل جەريان ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنىڭ بىخلىنىشىغا مەنبە بولغان. شۇڭا دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەخلاقىي فورمىلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن، دىن بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ بىر- بىرى بىلەن تەسىر مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. دۇنيادا نوقۇل شەخسنىڭ دىنى يوق. دىنىي ئەقىدىنىڭ ئۆزىدىن كۆكلەپ چىققان، ئىنسانىنىڭ پائالىيەت كاتېگورىيىسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى مۇھىم مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. دۇركخېم مۇنداق دەيدۇ: «دىن مەلۇم ئىلاھىي ئوبيېكتقا باغلىنىشلىق بولغان ئېتىقاد ۋە مۇراسىملارنىڭ سىستېمىسىدۇر. بۇخىل ئېتىقاد ۋە مۇراسىم مۇشۇخىل ئېتىقادنى قوللايدىغان كىشىلەر توپىنى بىرخىل ئورتاق ئەخلاقىي گەۋدىنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ»[3].

لېكىن، گەرچە ئەخلاق دىن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم مەزمۇنىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ رېئاللىشىشى ۋە سىجىل ھالەتتىكى مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تەشكىللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرسىمۇ، بۇ ھەرگىز ئەخلاق بىلەن دىنىي ئېتىقاد بىر كاتېگورىيىگە تەۋە دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر رېئال تۇرمۇشنىڭ قېلىپلاشقان پائالىيەت ئەندىزىسىنى تەشكىل قىلغۇچى بىر مۇھىم قاتلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ يەنە مۇئەييەن قوۋمنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئۆزىگە خاس مەزمۇنلارنى تەبىئىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خىل جەريان دەل ئەخلاقنىڭ مىللىيلىكىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىدۇر.

دېمەك، دىنىي ئېتىقاد ئەڭ ئالدى بىلەن جەمئىيەتتىكى كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تەشكىللىنىشىگە سەۋەب بولۇش ئارقىلىق ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنىڭ پائال رەۋىشتە ئىجرا قىلىنىشىنى زۆرۈر مۇھىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەخلاق كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بىر تۈرلۈك پائالىيەت ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال كونكرېت شەخسنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدە سىڭىپ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي بوشلۇق ئىچىدە بەلگىلىك تەرتىپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى نامايان قىلىدۇ.

گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى تەسىرىدە كۆنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش، يەرشارىلىشىش مۇھىتىدا ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، قىممەت قاراش ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى بولمىش مىللىي ئەخلاقىي قاراشلار ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ۋە مەۋجۇدلۇق لوگىكىسىنى يوقىتىپ، زامانىۋىلىقنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە قارىتا ئۆز مەزمۇنىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇشتەك تارىخىي قىسمەتكە دۇچ كەلدى. ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە بىز مىللىي ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ بۈگۈنكى قىسمىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى كۆپ تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىمىز.

* * *

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەخلاقىي قىممەت قاراشنىڭ كۆنسېرى يىمىرىلىپ، يىگىلەپ قېلىشىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ يىلتىزىنى يېقىنقى زامان گېرمان پەلسەپىسىنى ئاساسىي مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن غەربنىڭ ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈمى، دۇنياۋى مىقياستا ئەۋج ئالغان دىنسىزلىق خاھىشى(secularism)، غەرب ئەدەبىيات- سەنئەت گۈللىنىشى ۋە مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى مۇھىم پەلسەپىۋى بىلىش مەنبەسى قىلىپ شەكىللەنگەن شەخسچىلىك خاھىشىنىڭ كۆنسېرى ئەۋج ئېلىشى، خەلقئارا مىقياستىكى مەدەنىيەت ئىستېمالزىمى دولقۇنىنىڭ تەسىرى..قاتارلىق دۇنياۋى خاراكتېرلىك ۋە مەھەللىۋى خاراكتېرلىك قوش قاتلاملىق مۇرەككەپ مۇھىت نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلىش مۇمكىن. تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىر- بىرلەپ تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

سىياسىي مۇھىتنىڭ ئەخلاقنىڭ كەڭ كۆلەمدە يىمىرىلىشىغا ئېپكەلگەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالەتتىكى تەسىرىنى ئويلاشقاندا، كانت ۋە گېگىل قاتارلىق مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى مۇھىم مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن غەربنىڭ ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈمىنى قەتئىي نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. غەربتىكى كۆپ قىسىم ئەللەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بولمىش ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈم يېقىنقى زامان گېرمان پەيلاسوپلىرىدىن گېگىل ۋە كانت قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدىن ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ماھىيەت يېقىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مەقستى ئىنساننىڭ تۈپ ماھىيىتى بولغان شەخس سۈپىتىدىكى مۇتلەق ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىستىكىنى رېئاللاشتۇرۇش تارىخىدۇر، دېگەننى ئاساسلىق مەزمۇن قىلىدۇ. بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ھىمايىچىلىرى يەنە ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈم ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىل تۈپ ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەڭ لايىق بولغان ئاخىرقى تۈزۈم، شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ تۈگەللىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق شەخسنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى كۈچەپ تەكىتلەيدۇ.

مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى گېگىلنىڭ قارىشىچە، تارىخ پەقەت مۇتلەق ئىدىيىنىڭ سىرتلىشىشى، يەنى مۇتلەق ئىدىيىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ ۋاستىسىدىن ئىبارەت. يەنە كېلىپ روھنىڭ ماھىيىتى ئەركىنلىك. شۇڭا ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى دۇنيا تارىخىنىڭ توختاۋسىز ئىزدەۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقستى روھنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتا ئەمەلگە ئېشىشىدۇر. تارىخ پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر. ئەگەر دۇنيا تارىخىنىڭ مۇشۇ مەقستى ئەمەلگە ئاشسا تارىخنىڭ

مۇساپىسى تۈگەللىندۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تارىخى ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا كىرىدۇ»[4].

كانت: ئىنسانىيەت تارىخ جەمئىيىتىنىڭ بىر ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يەرشارىدا ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دەپ قىياس قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ ئومۇمىي بىردەك تارىخىنىڭ شەكىللىنىشى ھەممە ئادەمنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىش جەريانىدۇر. گېگېل كانتنىڭ يۇقىرىقى قارىشىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «شەرق ئەللىرى پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىنى بايقىدى، گرېتسىيە ۋە رىم پەقەت بەزى ئادەملەرنىڭلا ئەركىن ئىكەنلىكىنى بايقىدى، بىراق بىز ھەممە ئادەمنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق»[5]. گېگېل يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىيەت ئەركىنلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دەل بىز ئەركىن دېموكراتىك دۆلەت دەپ قارىغان دۆلەتلەردۇر. ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئومۇمىي تارىخى پەقەت ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىدىن ئىبارەت، خالاس. يەنى ئىنسان تەدرىجىي ھالدا مۇتلەق ئەقلىيلىك ماقامىغا يېتىپ، پەقەت ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان ئەركىن دۆلەتتىلا ئەقلىيلىكنى قانداق نامايان قىلىشنى بىلىدۇ»[6].

كانت ۋە گېگېل ۋەكىللىكىدىكى گېرمان پەيلاسوپلىرى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ توپ مەقسىتى ھەققىدىكى بايانلىرى غەرب ئەللىرىنىڭ ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈمنى سىياسىي دەستەك قىلىپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، قىممەت قارىشىنى دۇنياۋى مىقياستا كېڭەيتىشىنىڭ سىياسىي مۇھىتىنى ھازىرلاشقا ئورۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل غەرب دۇنياسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ دۇنياۋى مىقياستا باش كۆتۈرۈپ چىققان شەخسىيلىك خاھىشىنىڭ زور دەرىجىدە يامراپ كېتىشىنى مۇھىم تۈزۈم خاراكتېرلىك مۇھىت بىلەن تەمىنلىدى. بۇخىل پەلسەپۋى ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە غەرب ئەللىرى« ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈم ئىنساننىڭ توپ ماھىيىتى بولمىش شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئاخىرقى كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر ۋە مۇقەررەر تاللىشى. بارلىق دۆلەت مۇشۇ خىل تۈزۈمدە مېڭىشى كېرەك. ئىنسانىيەت تارىخى روشەن يۆنىلىشچانلىققا ئىگە. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يولىنى تاپتى، تارىخ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى»[7] دېگەننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. شەخسنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، پائالىيەت ئەركىنلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ دەپ قارالغان ئەركىن دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى كىشىلەرنى زور دەرىجىدە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىشقا زورۇر سىياسىي ئىجتىمائىي بوشلۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ، سىياسىي تۈزۈمنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى پائالىيەت بوشلۇقىغا ئېپكىلىدىغان كونتروللۇق تەسىرى روشەن دەرىجىدە ئاجىزلىدى. گېگېلدىن كېيىن گېرمانىيىدە ئوتتۇرىغا چىققان يەنە بىر داڭلىق گېرمان پەيلاسوپى فرېدرىخ نىچشى روشەن قاراتمىلىققا ئىگە قىلىپ مۇنداق دېدى:«ئادەم ھەرگىزمۇ شادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، پەقەت ئەنگلىيىلىكلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[8].

پەلسەپۋى ئىدىيىگە تويۇنغان يۇقىرىقىدەك سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تۈرتكىسىدە ئەڭ ئاۋۋال غەرب دۇنياسىدا شەخسنىڭ مۇتلەق مەنىدىكى ئەركىنلىكىنى ئۆز پائالىيەت ئەندىزىسىنىڭ روشەن بەلگىسى قىلغان شەخسىيلىك خاھىشى تەدرىجىي باش كۆتۈرۈپ، غەيرىي غەرب ئەللىرىگىمۇ ھەرخىل شەكىل بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ مونوپوللۇق دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. شەخسىيلىك خاھىشىنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىشى، مۇئەييەن دىنىي ئىدىيە ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلارنىڭ يادرولۇقىدا شەكىللىنىپ، كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاق فورمىلىرىنىڭ ئۆلىنى قاتتىق تەۋرىتىپ، ئەخلاقنىڭ نوپۇزىنى كەسكىن خىرىسقا دۇچار قىلدى. يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئىتالىيىدە باش بولۇپ كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەقلىچىلىك ئىدىيىسى بۇ خىل خاھىشنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىجتىمائىي سەۋەبى بوپقالدى. ئەقلىچىلىك (راتسىئونالىزم) ئىدىيىسى گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) ئىدىيىسى بىلەن بىرلىكتە ماھىيەتتە يەنىلا ئىنساننىڭ ئەقلىي بىلىش جەھەتتىكى پائاللىقى، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى زىيادە تەكىتلەپ، تەجرىبىچىلىكنى ئاساس قىلىپ ئىلاھىيەتكە شۇنداقلا دىنىنىڭ نوپۇزىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇردى. فرانسىس بېكون ئوتتۇرىغا قويغان« بىلىم ـ كۈچ» دېگەن بۇ ھېكمەت دەل بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تىپىك ئىپادىسى. بۇ خىل ئىدىيە دىنىي ئىلىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان غەيرىي ئەقىل، ئۇ ئىنسان بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئاساسى مەنبەسى ۋە شەكلى بولالمايدۇ، دەپ قاراپ، پەننىڭ ۋە ساپ ئەقلىنىڭ بىلىش پائالىيىتىدىكى نوپۇزىنى كۈچەپ تەكىتلەپ، غەيرىي ئەقىل دەپ قارالغان دىنىي ئىدىيىنىڭ جەمئىيەتتىكە، يەنىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا جەمئىيەتتىكى كونكرېت شەخسنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا پەيدا قىلىدىغان تەسىرىنى زور دەرىجىدە چەكلەشكە ئۇرۇندى. بۇ ھال غەرب جەمئىيىتىدە دىنسىزلىشىشنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنى شەكىللەندۇردى.

يۇقىرىدا قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتكەن كانت ۋە گېگېلنىڭ پەلسەپۋى تەلىماتلىرىنى مۇھىم ئاساس قىلغان ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن ئەقلىچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەخسلىشىش ۋە دىنسىزلىشىش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئىككى خىل خاھىش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىر ـ بىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، تەدرىجىي باشقا غەيرىي غەرب رايونلىرىغا ئوخشاش بولمىغان

www.uygurkitap.com

دەرىجىدە سىڭىپ كىرىپ، شۇنداقلا تەدرىجىي ھالدا دىنىي ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى كۈچلۈك بولغان رايونلاردا ئومۇملىشىپ، بۇ رايونلارنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە دىنسىزلىشىشى ۋە شەخسچىلىك خاھىشىنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى

شەخسلىشىش ۋە دىنسىزلىق خاھىشى ماھىيەتتە شەخسنىڭ ئۆز بوشلۇقىغا تەۋە بولغان پائالىيەت ئەركىنلىكىنىڭ كوللېكتىپ ئاڭ سىستېمىسى، ھەرىكەت ۋە تەرتىپ سىستېمىسىغا تەۋە بولغان دىندىن، شۇنداقلا بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئەخلاق فورمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىش جەريانى بولغاچقا، روشەن دەرىجىدە دىنىي ئىدېئولوگىيىنىڭ مەھسۇلى ۋە دىنىي ئاڭ سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كوللېكتىپ ئاڭ ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن قىممەت قاراش، ھەرىكەت ۋە پوزىتسىيە سىستېمىسى چاك - چېكىدىن يىمىرىلدى. شەخسچىلىك ۋە دىنسىزلىق تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي پاراغەتنىڭ ئۆزىلا شەخسنىڭ روھىي ئەركىنلىكى ۋە ئاڭ - ئىستەكلىرىنىڭ ئاشكارا ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېلېمېنتلار بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئادەم نوقۇل ئىقتىسادىي ھايۋان ياكى كاتېگورىيە ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ رېئاللىشىشى ئۈچۈن ماس كەلمەيدىغان دىنىي ئاڭ سىستېمىسى ۋە شۇخىل يادرو ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر يۈرۈش ئەخلاق فورمىسىدىن ۋاز كېچىش بىلەن بىرگە، شەخسنىڭ ئەركىنلىك كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان بىر يۈرۈش پائالىيەت مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

يۇقىرىقىدەك كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلار كۈنسېرى كەسكىنلىشىپ، غەربنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمى بولغان ئەخلاق فورمىلىرىنىڭ نوپۇزىنى مىسلىسىز دەرىجىدە سۇندۇردى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قاتلىمىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۆرۈلگەن بۇ خىل رېئال كونكرېت ھادىسە ماھىيەتتە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي بەدەل سۈپىتىدە يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زامانىۋىلىقنىڭ خاراكتېرگە لايىقلاشتۇرۇلغان، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراش سىستېمىلىرىغا تۈپتىن قارشى بولغان يېڭىچە بىر يۈرۈش قىممەت قاراش سىستېمىسىنىڭ دەسسىگەنلىكىدۇر.

بۇ يەردە بىز قوشۇمچە قىلىپ كانت، گېگېل قاتارلىق داڭدار گېرمان پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كۈچەپ تەكىتلەنگەن «شەخسنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكى كۆز قارىشى ئىنساننىڭ تۈپ ماھىيىتى» دېگەن مەسىلىنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمىز. دەرۋەقە، بۇ نوقۇل گېگېل ۋەكىللىكىدىكى گېرمان پەيلاسوپلىرىنىڭلا پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بوپقالماستىن، يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق تېمىدۇر . شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىنسان تەبىئىتىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ھادىسە گەرچە بىر مەزگىل پەلسەپە، پسىخولوگىيە ئىلىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بوپقالغان بولسىمۇ، لېكىن نوقۇل بىر ياكى ئىككىلا پەن نۇقتىسىدا تۇرۇپ بۇ مۇرەككەپ سوئالغا جاۋاب تېپىشنىڭ ئۆزى مۇمكىنچىلىكتىن خېلى كۆپ يىراق. يەنە كېلىپ گېگېل ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسان تەبىئىتى مەسىلىسى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مىللىي مەدەنىي خاسلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يەنە بىر تەرەپتىن «مۇتلەق مەنىدىكى ئەركىنلىك ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ تۈپ ماھىيىتىمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئوخشاش بولمىغان قوۋم ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى مەيدانىدا تۇرۇپ ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك تېمىدۇر. يەنە كېلىپ گېگېلنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان قىممەت قاراش ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقىدا شەك يوق.

مەيلى قايسى خىل نۇقتىدىن شەرھلەشتىن قەتئىينەزەر، شۇنى قەتئىي ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بەلگىلىك ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا يېتىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلىغا ئايلانغان ئىنسان تەبىئىتى ئۆز - ئۆزىنى ئىزدەش، تەستىقلاش جەريانىدا ئىنساننى تۈپ ھالقا قىلغان ئىجتىمائىيلىقتا ئۆزىگە خاس پائالىيەت ئەندىزىسى تۇرغۇزۇشى زۆرۈر.

ئىجتىمائىيلىق ئىچىدە يېتىلگەن ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى يە شۇ ئىجتىمائىيلىق ئىچىدىن ئىزدەش كېرەك. ئۇنى مۇتلە مەنىدىكى ئەركىنلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغ ئايرىم دۇنياسىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. «ئەركىنلىك ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلالامدۇ؟» دېگەن بۇ مەسىلە بىر تەرەپتىن بىزگە دەل ئىنسان تەبىئىتى يۈكسەكلىكىدە تەلقىن قىلىنىۋاتقان ئەركىنلىكنىڭ روشەن نىسپىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆزىدە ئەركىنلىك بىلەن ئۆزئارا روشەن چېگرىداش بولغان باشقا خۇرۇچلارنىڭمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بەلگىلىك قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى نىسپىي مەنىدىكى ئەركىنلىك بىلەن باشقا خىل ئېلېمېنتلارنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدە ئورتاق مەۋجۇدلۇق ئاساسىدا ئىزچىللىقنى ساقلىشى، ئىنساننىڭ رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي پائالىيەت كاتېگورىيىسىدىمۇ دەل مۇشۇ خىل ئىزچىللىققا ماس ھالدىكى روشەن پرىنسىپلار ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان پائالىيەت ئەندىزىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇخىل پرىنسىپلار ئىنسان تەبىئىتىنى تەشكىل قىلغۇچى كۆپ خىل ئېلېمېنتنىڭ ئۆزئارا ماسلىق ئاساسىدىكى ئىچكى مۇرەسسەچىلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولغان كونكرېت جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي فورمىلىرىغا مۇجەسسەملەنگەن.

ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكىدەك زامانىۋى مۇھىتتىمۇ يەنىلا ئەخلاق مەۋجۇد، ئەلۋەتتە. لېكىن زامانىۋىلىقتىكى ئەخلاق ئەقلىيلىكىنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

«بىرىنچىدىن، ئۇ ئاساسلىق ئەخلاقنىڭ سۇبيېكتى بولغان شەخسنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، پۇل، مال-دۇنيا قوغلىشىش يەككە شەخسنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، قانۇن-تۈزۈمنىڭ شەخسنىڭ ئەخلاقلىشىشىدىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مىزان ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. تۆتىنچىدىن، شەخسىي مەنپەئەتىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەخس بىلەن جەمئىيەت پۈتۈنلۈكىنىڭ قانۇن- تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىقنى تەكىتلەيدۇ. بەشىنچىدىن، ئەخلاقلىشىش جەريانىدا شەخسنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىشىنى تەكىتلەيدۇ. ئالتىنچىدىن، ئەخلاقلىشىشنىڭ بىلىمنىڭ ئەقلىيلىشىشى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ، بىلىمنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئەخلاقلىشىشنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ»[9].

بۇنىڭدىن بىز شۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىزكى، بۇيەردە تەلقىن قىلىنىۋاتقان بىلىم مىللىي خۇسۇسىيەتتىن خالىي زامانىۋىلىقتا تويۇنغان بىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەخلاقلىشىش جەريانىنىڭ مۇھىم ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. مىللىي تەۋەلىكتىن خالىي بىتەرەپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە زامانىۋى بىلىم ئاساسىدا ئىزچىللاشقان ئەخلاقنىڭ قىممىتى شۇ بىلىمنىڭ كونكرېت تەلىپىگە ماسلىشىش ئاساسىدا ئۆز مەزمۇنىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئەنئەنىگە ئىگە مىللىي ئەخلاقتا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ خىل ئەخلاقنىڭ سۇبيېكتى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك ۋە تۇراقسىز بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ بىر يۈرۈش ئەنئەنە سۈپىتىدە ماكان ۋە زاماندىن ھالقىپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە سىستېمىلاشقان ئىجتىمائىي ئەس پەيدا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىزچىللىقى يەنىلا ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشنىڭ يادروسىغا پۈتۈنلەي زىت ھالدىكى شەخسچىلىككە بېقىنغان بولىدۇ. دېمەك، ھازىرقى دەۋردىكى ئەخلاقنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشى پەقەت شەخسنىڭ خاھىشى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە سۇبيېكتىپ تەلەپلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ خاراكتېرى روشەن مىللىيلىككە تويۇنغان خاسلىققا ئىگە ئەمەس.

ئەگەر ئەخلاق مەسىلىسىنى مىللىي ئەنئەنە قاتلىمىغا قويۇپ تەلقىن قىلغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرەلەيمىز. مىللىي ئەخلاق مەسىلىسىنى مىللىي ئەنئەنە بوشلۇقىغا قويۇپ تەلقىن قىلىشتىن بۇرۇن بىز ئەنئەنە ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

بىزنىڭچە، «ئەنئەنە» ئىبارىسىمۇ مۇتلەق چۈشەنچە ئەمەس. مەلۇم مىللەت ياكى دۆلەت ۋە ياكى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەنئەنىسى ھەققىدە ئېغىز ئاچقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئېنىق زامان چەكلىمىسىنى ئېيتىپ بېرىش بەسىي مۈشكۈل. بىز ئادەتتە ئىستېمال قىلىۋاتقان «ئەنئەنە» سۆزى پەقەت «زامانىۋى» ياكى «زامانىۋىلىق» دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەنئەنە» پەقەت مەلۇم بىر كونكرېت زامان ۋە ماكاندىكى مۇراسىم يوسۇنىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ نوقۇل مېخانىك جۇغلانمىسى ئەمەس، بەلكى شۇخىل پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۈركۈمگە ئورتاق بولغان قىممەت قاراش ۋە دۇنيا قاراش سىستېمىسىنىڭ زامان جەھەتتىن يېيىلغان، ماكان جەھەتتىن ئۆتۈشكەن ھالىتىدۇر.

ئەنگلىيە لوندون سىياسىي- ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، زامانىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناسلاردىن بولغان ئانتونىي گىددىنس ئەنئەنە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنە ئۆتمۈشنى ھازىرغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان قىلىدۇ، ياكى تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئەنئەنە ئۆتمۈش ئارقىلىق ھازىرغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنە يەنىلا كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئاللىبۇرۇن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆرپ- ئادەتلەر كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشتا ئۇنى ئايرىۋېتىپ، ئايرىم بىر دۇنيا قىلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى يوق. تەكرارلىق ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۆتكۈزۈپ (يەتكۈزۈپ) بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆتمۈشكە ئاساسەن كەلگۈسى يارىتىلىدۇ (بەرپا قىلىنىدۇ)»[10]. گىددىنس يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئەنئەنە بولسا كوللېكتىپ خاتىرىنىڭ تەشكىللىنىش ۋاستىسى. دۇنيادا شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىلى بولمىغىنىدەك، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئەنئەنىسىمۇ بولمايدۇ. ئەنئەنىنىڭ ‹پۈتۈنلۈك›ى ھەرگىزمۇ ۋاقىتنىڭ ئاددىي ھالدىكى داۋاملىشىشى بولماستىن بەلكى ئۈزلۈكسىز شەرھلەنگەنلىكىدە. بۇخىل شەرھلەشنىڭ مەقسىتى، دەل ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان تۈگۈننى بايقاشتۇر»[11].

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار دەل ئەنئەنە ياكى ئۆتمۈش ئاساسىدا «ھازىر»نى ۋە كەلگۈسىنى بەرپا قىلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ ئەنئەنىسىدۇر، بۈگۈن ئەتىنىڭ ئەنئەنىسىدۇر. بىزنىڭ بۇيەردە تەلقىن قىلىۋاتقىنىمىز قانداقتۇر كونكرېت ۋاقىت ئۇقۇمى ھالىتىدىكى ئوبيېكتلار بولماستىن، بەلكى بەلگىلىك ماكان ۋە زامانىنى بەلگە قىلغان ھالدا شۇلارنى ئۆز ئارا باغلاپ تۇرغان، شۇخىل ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زاماندىكى ئىجتىمائىي توپنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تۇرغان روھىيەت قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭچە، ئەنئەنىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل فۇنكسىيىسى بار: « بىرىنچىدىن، ئەنئەنە ھەرخىل ھەقىقىي ياكى ساختا ھالەتتىكى ئورتاق گەۋدىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ياكى شۇخىل ئورتاق گەۋدىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ياكى سىمۋوللاشتۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، تۈزۈم، سالاھىيەت ياكى ھوقۇق-مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ياكى قانۇنىي جەھەتتىن مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ.

ئۆچنچىدىن، ئېتىقاد، قىممەت قاراش ۋە پائالىيەت مىزانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ ۋە ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ»[12].

ئەنئەنىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى مەلۇم ئىجتىمائىي توپ ياكى شۇ توپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇنى نامايان قىلىدىغان ۋە ياكى مۇشۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ سىمۋولى بولالايدىغان تۈزۈمگە قارىتا تۇرغۇزۇلغان ئورتاق كىملىك تۇيغۇسىدىن شەكىللەنگەن ياكى شۇنىڭغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بەرلىك خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك، مىللىي ئەخلاق فورمىلىرى ۋە پىرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنىگە موھتاجكى، ئەنئەنە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە تەكرارلانغان قائىدە- مىزانلار ۋە ياكى قىممەت قاراشلارنىڭ يەنە شۇ ئەنئەنىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە داۋام ئېتىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنىنىڭ ئۆزى تۇرغۇن ھالەتتىكى ئىجتىمائىي جۇغلانما ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ. ئەنئەنىنىڭ ماكان- زامان ھالقىپ كەلگەن ھالىتىمۇ تەبىئىي ئۆتمۈشتىكى ئىزچىل ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش قىسمىنى باشتىن كەچۈرگەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا ئەنئەنە توختاۋسىز ئىجاد قىلىنىدۇ. «(ئىجاد قىلىنغان ئەنئەنە» ئادەتتە ئاللىبۇرۇن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قوبۇل قىلىنغان قائىدە- تەرتىپلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان بىر يۈرۈش ئەمەلىيەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ، بىر خىل مۇراسىم ياكى سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ ۋە چوقۇم ئۆتمۈش بىلەن بولغان ئىزچىللىقنى ساقلايدۇ»[13].

مىللىي ئەنئەنىنىڭ مۇھىم بىر قاتلىمى بولغان مىللىي ئەخلاق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي كىملىكنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان تەركىبىي قىسمى. ئۇ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە شۇ ئاساستا شەكىللىنىپ تۇراقلاشقان مىللىي خاراكتېرنىڭ ئىچكى يادروسىنى ساقلاشنىڭ تۈزۈملەشكەن مۇھىتىدۇر. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس بېنىدىكت ياپونلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە مىللىي ئەخلاقىنى ناھايىتى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ياپونلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ياپون ئەخلاقى بىلەن ياپون سامۇراي روھىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى روشەن ئېچىپ بەرگەن.

شۇڭا مىللىي خاسلىققا ئىگە ئەخلاقىي قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقىي فورمىلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىنىڭ مۇھىم بىر قاتلىمى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئوخشاش بولمىغان ماكان- زاماندىن ھالقىتىپ تۇرىدىغان بىر ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى زۆرۈر. دەل مۇشۇ خىل مۇھىتتا ئەخلاقلاشقان كونكرېت ئادەمنىڭ بەلگىلىك ئەخلاقىي فورما دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان ئەخلاقىي پائالىيەت جەريانلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىممىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى ۋە تۇرمۇش دۇنياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقنىڭ بۇ خىل قىممىتى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە كەڭ دائىرىدە تەكرارلىنىش جەريانىدا بىر خىل جۇغلانما خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئەس شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمما بۇخىل ئىجتىمائىي ئەسنىڭ ئىچكى قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىدىن ئۆتۈپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا زۆرۈر بولغان كونكرېت زامان ۋە ماكانىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقى بولۇشى كېرەك. بۇ، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەخلاقنىڭ مەۋجۇدلۇق لوگىكىسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھەرقانداق جەمئىيەتتە شۇ جەمئىيەتتە ئەڭ ئاكتىپ ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغان ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئەخلاقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان بىر يۈرۈش شەكىللىك ياكى شەكىلسىز ھالەتتىكى ئىجتىمائىي مېخانىزملار بولىدۇ. ناۋادا بۇ خىل يۈرۈشلەشكەن ئىجتىمائىي مېخانىزملار ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغاندا ئەخلاق سىستېمىسى كاردىن چىقىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەخلاقنىڭ ئومۇميۈزلۈك يىمىرىلىپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى، دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن، ئەخلاقنىڭ ئىچكى قىممىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە داۋام قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقى ئىچىدىكى پائالىيەت مېخانىزملىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنىڭ يوقالغانلىقىدىن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل نۇقتىدىن شەرھلەيمىز:

ئالدى بىلەن ئائىلىنى ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي بىرلىك قىلىپ تەدرىجىي كېڭەيگەن زەنجىرسىمان ئالاقە تورلىرىنىڭ بەلگىلىك دائىرىدىكى فۇنكسىيە ئورتاقلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بوشلۇقى تەدرىجىي يىمىرىلىپ، ئىجتىمائىي خاتىرىنىڭ پەقۇلئاددە جانلىق شەكلى بولمىش ئەخلاق فورمىلىرىنىڭ ئۆز ئىچكى قىممىتىنى توختاۋسىز نامايان قىلىدىغان يادرولۇق مۇھىت چاك- چېكىدىن پارچىلاندى. ئەخلاق بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بىر تۈرلۈك پائالىيەت ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال كونكرېت شەخسنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدە سىرتلىشىپ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي بوشلۇق ئىچىدە بەلگىلىك تەرتىپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەخلاق سۈپىتىدىكى ئىجتىمائىي ئەسنىڭ شەكىللىنىشى ۋە داۋام قىلىشى، ماكان ۋە زامانى چېگرا قىلىپ ئايرىلغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئاڭلىق ھالدىكى قوللىشىغا موھتاج بولىدۇ.

ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئىش تەقسىماتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە زىللىشىشى، جەمئىيەتنىڭ كەسپلىشىش سەۋىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ھوقۇق- مەسئۇلىيەتنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدىكى مۇقەررەر باسقۇچ بولغان ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە باشقا فۇنكسىيىلىك ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى

فۇنكسىيىلىك تايىنىشچان مۇناسىۋەت سۇسلاپ، ھەرخىل شەكىللىك ۋە شەكىلسىز توساق تۈپەيلى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي پائالىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئەخلاقنىڭ رېئال قىممىتىنى دائىمىي تەكرارلىق ھالىتىدە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي قانال ئۆز رولىدىن قالدى. يۈكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇنتىزىم تۈستىكى مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەزمۇنى روشەن قاراتمىلىقتا ئىگە قىلىنغان، پراگماتىزمنىڭ روشەن تەسىرىگە ئۇچرىغان قورال خاراكتېرىگە ئىگە تېخنىكىلىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغاچقا، شەخسنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان ماھىيەتلىك ئىچكى ئېھتىياجلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن يىراقتا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخلاقنىڭ ئۆزى ناھايىتى روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولغاچقا، بۈگۈنكى كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك مائارىپ مۇھىتىدا مەلۇم بىرلا مىللەتنىڭ ئەخلاقىي ئەنئەنىسى ۋە قىممەت قارىشىنى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق رېئاللاشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ياش پەرقىنى ئاساسىي بەلگە قىلىپ پەيدا بولغان ئوخشاش بولمىغان ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەۋلاد ئارىلىقى ئىجتىمائىي ئەسنىڭ پەقۇلئاددە شەكلى بولغان ئەخلاقىي قىممەت قاراشلارنىڭ ئىزچىللىقىنى زور توسالغۇغا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ مۇقەررەر ئۆزۈكچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

زامانىمىزدىكى نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس، داڭلىق گېرمان پەيلاسوپى يورگىن خابىرماس مۇنداق دەيدۇ: «بىرخىل ئەنئەنىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا شەكىللەنگەن ئاڭلىق ھالدىكى ئىگىدارچىلىق تۇيغۇسىدىن ئايرىلالمايدۇ»[14].

خابىرماسنىڭ قارىشىچە، ئەنئەنىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەسنى توختاۋسىز داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا روشەن مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئەندىزىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى زۆرۈر. چۈنكى ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەسنىڭ سۇبيېكتى بولمىش ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ئەزاسى ئۆزىنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى جەريانىدا ئەخلاق فورمىلىرىنى پائالىيەتچانلىققا ئىگە قىلالايدۇ. بۇ جەرياندا شەخس ئەخلاقىي ئەنئەنىنى توشۇغۇچى ئەڭ ئاساسىي گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە قوزغالغان مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش ۋە توپلاش پائالىيىتى دۇنياۋى كۆلەملىك قىزغىنلىققا ئايلاندى. ئەمما شۇنىڭغا ئەگىشىپلا مىراس ھەققىدىكى چۈشەنچىگە تەبىر بېرىش، ئۇنى سىستېمىلىق شەرھلەش ۋە ئۇنى تۈرگە ئايرىش قاتارلىق ھالقىلىق باسقۇچلاردا يۇقىرىسى ب د ت ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىدىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەنكى يەرلىك ئورۇنلارغىچە ئېغىر زىددىيەتلىك مەسىلىلەر كۆرۈلدى. مىللەتنىڭ ئاڭ قاتلىمىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تەۋە بولغان سۇبيېكتىپ ھالەتتىكى قىممەت قاراش ۋە ئىدىيە سىستېمىسىنى مىللىي مىراسلارنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەكمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە بۇنىڭ ئىچىدىكى تىپىك بىر مىسالدۇر. ئەگەر كىشىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى شەرھلەش ۋە مىراس تەنقىدچىلىكى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشى ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن كۆز قاراشلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كەلسە، مىللىي ئەخلاقىي فورمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ ئاڭ قاتلىمىدا جۇغلانما ھالەتتە تۇرغان قىممەت قاراش سىستېمىسىنى مىللىي مىراسلارنىڭ مۇھىم ۋە ئالاھىدە بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراش مۇمكىن. شۇنداق بولغانىكەن، «مىراس» دەپ قارالغان ھەرقانداق ئوبيېكت ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئېلېمېنتنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق شەرتى قىلىدۇ. يەنى مىراس دەپ قارالغۇچى ئوبيېكت، ئۇنى قالدۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدىن ئىبارەت.

ئەگەر مىللىي ئەنئەنە قاتلىمىدىكى ئەخلاقنى مىراس دەپ قارالغۇچى ئوبيېكتنىڭ شەكىللىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىنىش لوگىكىسى بويىچە تەھلىل قىلساق، ئۇ ھالدا مىللىي ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زاماندىكى سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى تەبىئىي ۋە مۇكەممەل رەۋىشتە ئېنىقلانغان مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلىدۇ.

ئىنساننىڭ پائالىيەت شەكلى مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ مەقسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەقلىي جەھەتتىن مەقسەتكە لايىقلاشقان پائالىيەت ئەندىزىسى مەقسەتنىڭ رېئاللىشىشى جەريانىدا پائال رول ئوينايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەخلاقمۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي توپنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئورتاقلاشتۇرۇلغان ئۈمۈمىي مەقسەت تەلەپلىرىگە لايىقلاشقان بىر تۇتاش پائالىيەت ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ ئىجتىمائىي توپنى پائالىيەت شەكلى جەھەتتىن زور ئۆيۈشۈشچانلىققا ئىگە قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

ئەخلاق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شەخسنىڭ پائالىيەت دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، بەلگىلىك دائىرىدىكى ئاۋامنىڭ ئېڭىدا تۇراقلاشقان، ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشكەن بىر خىل ئىجتىمائىي كاپىتال. بۇ كاپىتالنىڭ باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى كاپىتالغا ئوخشىمايدىغان ماھىيەتلىك پەرقى شۇكى، ئۇنىڭغا مىللىي ھېسسىياتنىڭ، خاراكتېرنىڭ تىندۇرمىلىرى جۇغلانغان، مىللىي ئېستېتىك تۇيغۇ يۇغۇرۇلغان، مىللىي كىملىكنىڭ روشەن خاسلىقى، نوپۇزى ۋە غۇرۇرى سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ يوقىلىشى، يىمىرىلىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەسلىگە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي بەدەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كۈنسېرى يامراۋاتقان مەدەنىيەت ئېستېمالىزمى دولقۇنى ئاللىبۇرۇن مىللىي ئەخلاقىي قىممەت قاراش ۋە فورمىلىرىنى زەئىپلەشتۈرگۈچى يەنە بىر مۇھىم ئامىل بوپقالدى.

پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت

ئىستېمالىزمى يەنىلا غەرب جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەۋقۇلئاددە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۈگۈنكى دەۋردىكى مەدەنىيەت ئىستېمالىزمى ھەر قانداق شەكىلدىكى ئەنئەنىۋى ئىستېمالىزمغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ھازىرقى دەۋردىكى ئىستېمال جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، زامانىۋى تېخنىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىجادىي ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ شەخسنىڭ خاسلىقىنى روشەن دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، خاسلىققا قارىتىلغان ھۆرمەت ۋە مۇلازىمەتنى يادرو قىلىپ، ھازىرقى دەۋردىكى ئىستېمال دولقۇنىنىڭ بارلىق ئىستراتېگىيە ۋە تەدبىرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئىستېمال دولقۇنى بىلەن بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى كونكرېت شەخسنىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ئىستەكلىرىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە رېئاللىشىشىنى چەمبەرچەس ھالەتتە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈۋەتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى دەۋردىكى مەدەنىيەت ئىستېمالىزمى ماھىيەت يېقىدىن ئەنئەنىۋى رامكىدىكى باشلىنىپ ۋە ئاخىرلىشىپ تۇرىدىغان «تاق يۆنىلىشلىك» ئىستېمالىزمغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇ، ئىستېمالچىنىڭ يوشۇرۇن ئىستەكلىرى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە مونوپول قىلىپ، ئۇنى توختاۋسىز رەۋىشتە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىغا سۆرەپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ سېھىل رىتىمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل مۇھىتتا ئىستېمالچى ئۆزىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن بىر پۈتۈن ئىستېمال لىنىيىسىنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىنى سۇبيېكتىپ پائاللىقى نۇقتىسىدىن كونترول قىلىشقا قادىر ئەمەس. يەنە كېلىپ مەدەنىيەت ئىستېمالىزمى جەريانىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىستېمال ئوبيېكتى نوقۇل ئىستېمال بۇيۇمى بولۇشتەك ئاددىي ھالەتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، مۇئەييەن قىممەت قاراشنىڭ سىمۋوللاشقان بەلگىسى سۈپىتىدە ئىستېمال بازىرىدا بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ باياناتچىسىغا ئايلاندى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىستېمالىزمى مەدەنىيەتنىڭ روشەن ھالەتتىكى ۋاستىلاشقان، شۇنداقلا قورال خاراكتېرىنى ئالغان شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ئىستېمالچى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدىغىنى كۆپىنچە ھالدا پەقەت ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ مەۋھۇم گەۋدىسىدىن ئىبارەت بوپقالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرىجىدىن تاشقىرى تەرەققىي قىلغان يۈكسەك ئۈچۈر تورىنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمالىزمى دولقۇنى بىلەن بىرلىشىشى، مەدەنىيەت ئىستېمالىزمىنى مۇرەسسەسىز ھالەتتىكى تەڭداشسىز نوپۇزغا ئىگە قىلدى.

مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان زامانىۋى ئۈچۈر - ئالاقە ۋاستىلىرى ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدىكى كىشىلەرنىڭ رېئاللىقتىكى فىزىكىلىق ئارىلىقىنىڭ توسالغۇسىنى بىمالال بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆپىنچە ھالدا ناھايىتى روشەن بەلگىلىك قىممەت قاراشنىڭ ۋەكىلى بولمىش ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى، ئاۋامنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئىچكى ئېھتىياجى بىلەن يۈكسەك ئەقلىي دەرىجىدە بىردەكلىك ھاسىل قىلغان ئۇچۇرلارنى تاللاش لوگىكىسىنىڭ فۇنكسىيىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى.

نەتىجىدە، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئەخلاقىي قىممەت قاراش ۋە فورمىلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇق لوگىكىسىغا پۈتۈنلەي قارشى بولغان يات مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراشلار مەدەنىيەت ئىستېمالىزمىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى سۈپىتىدە ئاۋامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىپ، كۈنسېرى ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىدى. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ناھايىتى تەبىئىيلا مىللىي ئەخلاقىي ئەنئەنىنىڭ ئۆلىنى زور دەرىجىدە تەۋرىتىپ قويدى.

ئاخىردا ، كەڭ كۆلەمدىكى يېزا نوپۇسىنىڭ شەھەرلەرگە يۆتكىلىشى ئارقىلىق شەھەرلىشىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىنى ۋە شۇ ئارقىلىق زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىجتىمائىي دولقۇن بىلەن كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك قۇرۇلمىغا ئىگە شەھەر مەدەنىيەت بوشلۇقىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان قىممەت قاراشنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش مەسىلىسى زامانىۋىلىشىشنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئورتاق ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا شەھەرنىڭ مەدەنىيەت بوشلۇقىنى بىر خىل ئۆزگىرىشچان دەۋرىيلىك ھالەتكە ئېلىپ كىرىپ، ئەنئەنىۋى مەنىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نىسپىي ھالەتتىكى ساپلىقىنى كەسكىن خىرىسقا دۇچار قىلدى. ئىقتىسادىي، سىياسىي، شۇنداقلا تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئېيتىم رامكىلىرىنىڭ روشەن كونتروللۇقىغا ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت شۇ مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولمىش مۇئەييەن ئىجتىمائىي توپنىڭ جەمئىيەت بوشلۇقىدىكى ئىجتىمائىي قاتلامدا تۇتقان ئورنىغا ماس ھالدا كۆپ خىللىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ روشەن نوپۇزىنى تىكلەپ، شۇ ئاساستا ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت بوشلۇقى ئىچىدىكى كونكرېت شەخسنىڭ بىر پۈتۈن قىممەت قارىشى، ئەخلاقىي فورمىلىرى ۋە بىر پۈتۈن پائالىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ يىغىنچاق ئۆلچەم ئاساسىدا قايتىدىن قۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

كۆپ خىل مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىدىن تەشكىللەنگەن بۇ خىل مۇھىت روشەن ساپلىققا ئىگە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزىنى تەۋرىتىپ، مىللىي ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، ئالاقە شەكىللىرى ۋە پائالىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ نىسپىي ھالەتتىكى بىر خىللىقتىن تەدرىجىي كۆپ خىللىققا قاراپ سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياساشتەك خاھىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل شارائىتتىكى مىللىي ئەخلاقنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان مەدەنىيەت بوشلۇقىنىڭ كۈنسېرى تارىيىشى، مىللىي ئەخلاق قىممىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بوشلۇقىنىڭ يوقىلىشىنى مۇقەررەرلىككە ئىگە قىلىدۇ.

شەھەرلىشىش مەزگىلىدە بىز دۇچ كەلگەن مىللىي ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىش مەسىلىسىنىڭ بىر تىپىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، روشەن دەرىجىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش مېخانىزمىنىڭ ئاجىزلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن قىممەت قاراشنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتىنىڭ ئۆزئارا ماس كەلمىگەنلىكىدە ناھايىتى تىپىك ئىپادىلەندى.

www.uyghurkitap.com

## خۇلاسىكالام :

يۇقىرىدا بىز تەلقىن قىلغان ئەخلاقنىڭ قىسمەتنىڭ قىسقىچە تارىخى، ماھىيەت يېقىدىن دىنسىزلىشىش ۋە ئەقلىيلىككە زىيادە چوقۇنۇشتىن باشلاپ، كۆنسېرى يەككە سۇبيېكتنىڭ ئېڭىدا لايىقلاشقان، كوللېكتىپ ئاڭنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا جۇغلانغان ھەققانىي بىر تۇتاش ئۆلچەملەردىن خالىي رەۋىشتە سىجىل سۇبيېكتلىشىش جەريانىدۇر. يەنىمۇ ئېنچىكىرىلەپ ئېيتقاندا، ئەقلىيلەشكەن بىلىم، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئەخلاق فورمىلىرى يەككىلىكتىكى شەخسنىڭ بىر پۈتۈن پائالىيەت قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىپ، شەخسنى ئىدىيىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىدە ئۇنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقلىيلىكنىڭ گەۋدىلىك سىمۋولى بولمىش تېخنىكا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئەقلىيلىك قاتلىمىنى نامايان قىلغۇچى كۆچلۈك ۋاستىگە ئايلىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئەقلىيلىكنىڭ ھوقۇق ۋە پۇل بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە گىرەلىشىپ كەتكەن تەرىپىنىمۇ نامايان قىلدى. بۇ جەرياندا تېخنىكا بايلىق يارىتىشنىڭ، مال ـ دۇنيا قوغلىشىشنىڭ ۋە ھوقۇق كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسىغا ئايلىنىپ، ئەقلىيلىكنىڭ پۇل ۋە ھوقۇق بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىمۇ يالىڭاچلاپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ ئەخلاق كۆنسېرى يىمىرىلدى. ئەخلاقنىڭ غۇرۇرى قەتئىي كۆتۈرەلمەيدىغان ئەخلاقسىزلىقلار شۇنىڭغا ماس ھالدا كۆنسېرى ئاشكارىلىنىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ كەڭ قورساقلىق دەرىجىسى بىلەن روشەن ئۇلۇغ تاناسىپلىق رەۋىشتە بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ غۇرۇرىنى پايخان قىلدى. ۋىجدان قۇلاقلىرىنىڭ ئۇقتىدارى چېكىندى، غۇرۇرنىڭ كۆزلىرى تىنىپ كەتتى، ئەقلىنىڭ ساداسى يىراقتا قالدى...

ھېچقانداق بىر شەخس ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنىڭ قۇربانى بوپقېلىشىنى خالىمىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە مەيلى ئاڭلىق بولسۇن ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بولسۇن يەنىلا بۇ قايىنامنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالماي، مۇرەككەپ روھىي زىددىيەتلىك ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىچىدە ياشىماقتا. بۇ ئەلۋەتتە بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان ماكرو ۋە مىكرو جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، مۇقەررەرلىكنىڭ ئۆزى مەڭگۈ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى يەككىلىكتىكى شەخسنىڭ يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشىغا قالىدۇ.

2007 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر، شىامېن

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] دۇركخېم: « ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى نەزەرىيىسى»، «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئاپرېل نەشرى 46 ـ بەت (خەنزۇچە).

[2] دۇركخېم: يۇقىرىقى كىتاب 3 ـ بەت.

[3] رەيموند ئارون: «جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى ئېقىملىرى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 2005 ـ يىل ئىيۇل نەشرى 281 ـ بەت (خەنزۇچە).

[4] گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، نيۇ ـ يورك دوۋېر نەشرىياتى 1956 ـ يىل نەشرى 19 ـ بەت ( ئىنگلىزچە).

[5] گېگىل: يۇقىرىقى كىتاب 19 ـ بەت.

[6] فرانسىس فۇكۇياما: «تارىخنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئادەم»، ئەركىن نەشرىيات 1992 ـ يىل نەشرى 76 ـ بەت (ئىنگلىزچە).

[7] فرانسىس فۇكۇياما: يۇقىرىقى كىتاب 88 ـ بەت.

[8] نېچشى: «مەبۇدنىڭ گۇگۇمى»، لوندون «پىنگۇين» كىتابخانىسى نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 23 ـ بەت (ئىنگلىزچە).

[9] گاۋشۇەنيالڭ: «ھازىرقى زامان فرانسىيە ئىدىيىسىنىڭ 50 يىلى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل نويابىر نەشرى 130 ـ بەت (خەنزۇچە).

[10] ئانتونىي گىددىنس قاتارلىقلار: «ئۇيلىنىش خاراكتېرىدىكى زامانىۋىلىشىش»، سودا نەشرىياتى 2001 ـ يىل ئاۋغۇست نەشرى 80 ـ بەت (خەنزۇچە).

[11] ئانتونىي گىددىنس قاتارلىقلار: يۇقىرىقى كىتاب 81 ـ بەت.

[12] ئېرىك خوبسباۋم: «ئەنئەنىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى»، يىلىن نەشرىياتى 2004 ـ يىل مارت نەشرى 11 ـ بەت (خەنزۇچە).

[13] ئېرىك خوبسباۋم: يۇقىرىقى كىتاب 2 ـ بەت.

[14] يورگىن خابېرماس: «كېيىنكى مىللىي قۇرۇلما»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 200 ـ بەت (خەنزۇچە).

---

ئاپتور: شىامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى (M3)، (M1)

بۇ سان 2007 ـ يىل 10 ـ دېكابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2008 ـ يىل 30 ـ يانۋاردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



## ئۇيغۇر تىبابىتى، پسىخولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق بويىچە ئۆتۈملۈك ئىزدىنىۋاتقان ئىجتىھاتلىق ياش تېۋىپ ۋە تەتقىقاتچى ئەخمەتجان ئىسمائىل ئەپەندى

ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرىغا ئىزاھات»، «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى مۇرەككەپ دورىلار جىلدى»، «ئۇيغۇر تىبابەت ياسالما دورىلىرىنىڭ شىپالىق رولى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى ياسالما دورىلار دەستۇرى»، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە پەرھىز بۇيرۇش»، «مىزاج ۋە يېمەك - ئىچمەك»، «كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر تىبابەت يەككە دورىلىرى قوللانمىسى»، «ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ شىپالىق نۇرى»، «كەسپداشلار سەمىگە»، «ھەر كاللىدا مىڭ خىيال»، «قازابلىق كۆڭۈللەردە»، «ياشلار سەمىگە - تەبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» (4 كىتاب)، «مىزاج، خىلىت ۋە ئىنسان»، «ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە - خەنزۇچە تىببىي ئەمەلىي قوللانما» (تىب)، «دۆلەت ۋە رايونلار نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى»، «تۈركىيە ھازىرقى زامان تارىخى»، «1999 - يىلىدىكى خەلقئارالىق چوڭ ۋەقەلەر»، «تېلېكامېرا»، «ھازىق» (تەرجىمە) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان؛ «ئۇيغۇر تائامىلىرى»، «تۈركچە سۆزلىشىش» قاتارلىق كىتابلارنى پۈتكەتكەن.

## يېتىلىۋاتقان ياش رەسسام ئەسقەر تۇردى ئەسەرلىرىدىن:












《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2008 - يىل 1 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھ)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن